# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى

新疆大学学报
JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

2016 2

哲学社会科学维吾尔文版

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

**新疆大学学报**（哲学社会科学维吾尔文版·季刊）

باش مۇھەررىر:
ئازات رەھمەتۇللا سۇلتان (پروفېسسور)
دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئابدۇرەسۇل كىچىككىئاخۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
تۇرسۇن قادىر (دوتسېنت)
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى:
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»نىڭ مەسئۇلى
ئازات رەھمەتۇللا سۇلتان
«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى»نىڭ مەسئۇلى
تۇرسۇن قادىر
«مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»نىڭ مەسئۇلى
ئابدۇرەسۇل كىچىككىئاخۇن
«تىل-ئەدەبىيات تەتقىقاتى»نىڭ مەسئۇلى
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى»نىڭ مەسئۇلى
ئادىل ئايۇپ

主　编
阿扎提·苏里坦（教授）
常务副主编
阿布都肉苏力·克其克阿洪（副编审）
副主编
吐尔逊·卡迪尔（副教授）
本期执行编辑
阿不都力木·阿不都热依木

**固定栏目负责人**

《丝绸之路文化研究》
阿扎提·苏里坦
《政治、经济与管理学研究》
吐尔逊·卡迪尔
《民族文化研究》
阿布都肉苏力·克其克阿洪
《语言文学研究》
阿不都力木·阿不都热依木
《法学、历史学、社会学研究》
阿迪力·阿尤甫

**تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)**

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، ئابدۇراخمان ئۇرايىم، ئابدۇكېرىم راخمان بوچى، ئابدۇكېرىم يۈسۈپ، ئابدۇرەسۇل كىچىككىئاخۇن، ئابدۇشۈكۈر موللاك يورچى، ئابدۇۋەلى ھامۇت، ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن، ئادىل ئايۇپ، ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر، ئاسىمە نىياز، ئازات رەھمەتۇللا سۇلتان، گۈلئازات تۇرسۇن، گۈلنار يۈسۈپ، چىمەن نەجمىدىن، رەخمىتۇللا ھەسەن، ئەركىن سامساق، ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق، غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، گوياگۈل قادىر، خېلىل مۇھەممەت، كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى، ئۆمەر داۋۇت، ئۆمەر مەھمۇت، ئوسمان ئىسمايىل تارىم، پەخرىدىن ھىسامىدىن، راھىلە داۋۇت، شىرىن قۇربان، تۇرسۇن قادىر

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت، رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى
بەت ياسىغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر    مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
37 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئومۇمىي 146 ـ سان)　　2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي

# بۇساندا

## يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەمۇرىي قانۇنلىرى توغرىسىدا.......................... ئەركىن توختى(1)
ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى جىنىس نۇقتىسى..........................ئابدۇسالام شۈكۈر نوھ(17)
كۈلتۈر چەمبىرىكى نەزەرىيەسى ۋە لەقەم كۈلتۈرىنىڭ قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا ساقلىنىش سەۋەبى.....ساۋۇت پاۋان (22)
ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىش ئادەت قانۇنى توغرىسىدا..........................ئادىل ئايۇپ(28)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى..........
..........................ئەركىن ئابلىمىت، قەلبىنۇر قادىر ، ئەقىدە ئەركىن(36)
شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ھەققىدە..........
.......................... نۇرىيەم نىياز، دىلبەر رىشىت، مۇختەر ھاپىز(45)
سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى رولى توغرىسىدا..........
..........................توختى ئەمەت (52)
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر..........................ئالىنۇر ئابدۇرەھمان(60)

## مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى تەتقىقاتى توغرىسىدا..........................ئەنۋەر تاشتۆمۈر(68)
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەزەرىدە تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق......ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار، ئايىمگۈل قاۋۇل(81)

## تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈرى ۋە باغلىنىش يوللىرى توغرىسىدا..........
..........................قەييۇم مىجىت(87)
كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ ئالىي مەكتەپ تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ خەنزۇ تىل ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلىشى..........
..........................فىردەۋس باتۇر، نىجات سوپى (94)
لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە سېلىشتۇرمىلىق مۇلاھىزە..........
..........................ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى(102)

## تارىخ ۋە قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى

«ئەردەۋىل» ئىبارىسى «ئاقسۇ» سۆزى بىلەن باراۋەر ئەمەس..........................ئىمىر غىياس(109)
يازما مەنبەلەردىن قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ياللىنىش ئەھۋاللىرىغا نەزەر....ئىسرائىل مۇتەللا(123)
مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى يولغا قويۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا..........
..........................مۇھەممەت ھاجى(131)

## تەھرىرلىك تەتقىقاتى

ئىلمىي ئەسەر تەھرىرلىكىدە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ..........................تەۋەككۈل ئەھمەت(137)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*A$_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2016-2

天尔祥格书店
2827243

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）
第 37 卷第 2 期（总 146 期）　2016 年 6 月

# 目　录

## 丝绸之路文化研究

论鄂尔浑回纥汗国的行政立法……艾尔肯 ·托合提(1)
文学研究的性别定点……阿布都沙拉木 · 旭库尔诺亚(17)
论文化圈理论与哈密维吾尔人绰号存在的原因……沙吾提 · 帕万(22)
关于维吾尔族婚姻习惯法……阿迪力 · 阿尤甫(28)

## 政治、经济与管理学研究

宗教极端思想对青少年的害处及预防措施……艾尔肯 · 阿布力米提，凯丽比努尔 · 喀迪尔，艾克旦 · 艾尔肯(36)
关于新疆维吾尔族乡村已婚育龄期妇女生命质量的调查研究……努日亚木 · 尼亚孜，迪丽拜尔 · 热西提，木合塔尔 · 阿皮孜(45)
论班主任在促进新疆少数民族大学生就业工作中的作用……托合提 · 艾买提(52)
关于维吾尔族妇女婚姻家庭生活历程及其变迁……阿里努尔 ·阿布都热合曼(60)

## 民族文化研究

关于图书与图书文化研究……艾尼瓦尔 · 塔西(68)
关于阿不都许库尔 · 买买提依明眼的史学观……艾比布拉 · 图尔荪，阿依木古丽 ·卡吾力 (81)

## 语言与文学研究

论现代维吾尔语主从复合句的结构类型和连接方式……克优木 · 米吉提 (87)
论多媒体技术在高校少数民族预科汉语教学中的应用……皮尔达吾斯 · 巴吐尔，尼加提 · 苏皮(94)
比较视野下的黎 · 木塔力甫与艾合买提 · 孜亚依文学创作……阿布都外力 · 克热木(102)

## 历史与法律研究

“Erdewil”词语不等于“Aksu”词……依米尔 · 合牙斯 (109)
浅折从一部分文献记载里有关喀拉汗国时经济生活方面被雇佣情况……伊斯热依力 ·木提拉(123)
关于实施环保法存在的问题及其解决措施……买买提 · 阿吉(131)

## 编辑学研究

编辑学术著作的着重点……艾尔肯 · 艾麦提(137)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2016-2

ماقالە نومۇرى: 16 - 001 - 02(2016) 5878 - 1005

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەمۇرىي قانۇنلىرى توغرىسىدا*

ئەركىن توختى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: دۆلەت هامان مەلۇم بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھەرىكەتلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان سىنىپنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەمۇرىي قانۇنغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەمۇرىي قانۇن چىقىرىش دۆلەت تەشكىلىي پائالىيىتىنىڭ قانۇن شەكلىدۇر. ئەگەر دۆلەتنىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇش پائالىيىتى مەمۇرىي قانۇن ئارقىلىق تەڭشەلمەيدىكەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىمۇ بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، تەشكىللىنىشى ۋە ھوقۇقى، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چەكلەش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنىڭ ئورنىتىلىشى، مەمۇرىي خادىملارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت تەرتىپى، شۇنداقلا مەمۇرىي قانۇنىنىڭ تەڭشەش دائىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەدلىيە، مەمۇرىي تەپتىش، ھەربىي ئىشلار، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق تەرەپلەردە يۈز بەرگەن مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى؛ مەمۇرىي قانۇن چىقىرىش؛ ھاكىمىيەت تەشكىلى

**摘要**: 国家总是代表一定阶级的利益而存在的。国家的行政活动，都按照执掌政权的统治阶级的需要进行的，并受着代表他们意志的行政立法所制约。行政立法国家组织活动的法律形式。换言之，国家的组织管理活动，如果没有行政立法来调整，也就不能发挥国家行政机关的只能作用。本文主要论述，鄂尔浑回纥汗国的建立，鄂尔浑回纥汗国政权中行政机关的设置、组织与职权、行政管理体制的建构及其相互之间的制约与监督机制，行政官员管理制度及其工作程序，以及行政立法调整相关的政治、经济、司法、监察、军事、社会生活、等方面发生的行政法律关系。

**关键词**: 鄂尔浑回纥汗国 (The Orkhun Khanate) ; 行政立法 ; 政权机构

**Abstract:** A nation always represents the very interest of a class. The political activities of a nation enforced by law and restricted by it. The administrative legislation is a form of legal activity which organized by the nation. If there is not an administrative legislation, there would be no administrative organization. This paper mainly studies establishment process, administrative setup, organization and function, supervisory mechanism, administrative legislation of The Orkhun Khanate.

**Keywords:** The Orkhun Khanate; Administrative Legislation; administrative organization.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D929　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ماركس «پېرسىيەلىكلەرنىڭ پېرسىيە پادىشاھى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىغا بەرگەن باھاسى» دېگەن ماقالىسىدە دۆلەت بىلەن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ: «مەمۇرىيەت – دۆلەتنىڭ تەشكىلىي پائالىيىتىدۇر. »[1] دەپ كۆرسەتكەندى. مەلۇم بىر خاندانلىقنىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇش پائالىيىتى ئۇنىڭ فۇنكسىيەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇخىل فۇنكسىيە ئەنە شۇ خاندانلىق تىكلەنگەن ۋاقىتتىلا رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغان بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئوخشاش

*بۇ ماقالە 2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەركىن توختى (1961 - 6 - ئاي) دوتسېنت، قانۇن - تۈزۈم تارىخى ۋە قانۇن - ئىدىيە تارىخى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۇنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەلۇم بىر خاندانلىق شۈبھىسىزكى مەلۇم بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان ئاساستا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خاندانلىقنىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم شۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەمۇرىي قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدۇ. مەمۇرىي قانۇن خاندانلىقلارنى تەشكىل قىلىشنىڭ ئاساسلىق قانۇنى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خاندانلىقنىڭ تەشكىلى باشقۇرۇش پائالىيىتى ئەگەر مەمۇرىي قانۇن ئارقىلىق تەڭشەلمەيدىكەن، خاندانلىقنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. مەمۇرىيەت دۆلەتنىڭ مۇھىم تەشكىلىي باشقۇرۇش پائالىيىتى، دۆلەت شەكىللەنگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تەشكىلىي باشقۇرۇش پائالىيىتى مەمۇرىي قانۇن چىقىرىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

## 1. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى

### 1) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

7 - ئەسىردە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار مۇستەقىل، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە مىللەت سۈپىتىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈردى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى ئەڭ دەسلەپ بىرلەشتۈرگەن كىشى سۈكۈن ئېركىن ياكى تېكىن ئېركىن(特建俟斤 Djiyin erkin)ئىدى[2]. سۈكۈن ئېركىن ئۆلگەندىن كېيىن، پۈتۈن قەبىلىلەر ئورتاق ھالدا سۈكۈن ئېركىننىڭ ئوغلى پوسارنى خانلىققا سايلىدى. پۇسار ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئورقۇن خاتۇننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇرلار تېز قۇدرەت تاپتى. سۈكۈن ئېركىن زامانىدىن تارتىپ كۆل بىلگە قاغان زامانىغىچە (7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە)، ئۇيغۇرلار يۈز يىلدىن ئارتۇق تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئەمما مۇشۇ دەۋردىكى كونكرېت ئەھۋالغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى تارىخى ھۆججەتلەرگە قارىغاندا ئۇيغۇرلار خانلىقى بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «تۈمەدنى دىيانەتلىك ئۇلۇغ سانغۇن، دەشتىماكان تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى، ئەمما تۈمەد ئۆز ئالدىغا ئۆزىنى ‹قاغان› دەپ جاكارلاپ، مەنسەپ - مەرتىۋىلەرنى بېكىتتى، ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركلەرگە ئوخشاش ئالتە ئىچكى بۇيرۇق، ئۈچ تاشقى بۇيرۇق تەسىس قىلدى. يەنە تۇتۇق، سانغۇن، سۇ بېشى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى»، دەپ خاتىرىلەنگەن[3]. مىلادىيە 744 - يىلى ئۇيغۇرلار باسمىل، قارلۇق قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ كۆكتۈرك خانلىقى(552 - 743 - يىللار)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، زور ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. ئۇ زاماندا ئاسىيا رايونىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئىككى چوڭ خانلىق ھېسابلىناتتى[4]. ياغلاقار قەبىلىسىدىن چىققان كۆل بىلگە قاغان تۇنجى ئۇيغۇر خانى بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد مەركىزى ئىدى. « كۆل بىلگە قاغان قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر ئەسىرگە يېقىن (744 - 840 - يىللار)داۋام قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىغا بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى خانلار، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى قورىقا، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ساكلار، تەڭرىتاغنىڭ قاراقۇرۇم ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار، ھىنگان تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قىتانلار تەۋە ئىدى»[5]. «ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆل بىلگە قاغان ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىرتۇتاش، بىر قەدەر سىستېمىلىق ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى تىكلەپ، ئۆزىگە تەۋە جايلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

قانۇن مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى مەدەنىيەتىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن دۆلەت، مەملىكەت، ھۆكۈمەت، خانلىق، يۇرت، خەلق، مىللەت، ۋەتەن، قوۋم، پۇقرا(خانلىق تۈزۈمىدە) مەنىلىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتىنىڭ ئومۇمىي شەكلى بولغان «ئەل» تەشكىلاتىنى ئوبدان بىلىمەك لازىم. «ئەل» بىردىنلا ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقماستىن، كىچىك، ئوتتۇرىچە، چوڭ ۋە ئۇلۇغ دەرىجىلىرى بىلەن يۈكسىلىپ بارىدۇ. بۇ تۆت دەرىجىدىكى شەكلىنىڭ ھەممىسىدىلا مۇنتىزىم دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. ئەسلىدىكى قەبىلە ياكى قەبىلە ئىتتىپاقىدا قان دەۋاسى يەنى قانغا قان دېگەن شوئار تەكىتلىنەتتى. «ئەل»دە قان ئىنتىقامى قانۇنى چەكلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مال - مۈلۈك جازاسى، تەن جازاسى قانۇنلىرى چىقىرىلغان. قانۇن - دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلار قەدىمدە توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر دېگەن ئىككى ئەلدىن تەركىب تېپىپ، ئوتتۇرا ئەل دەرىجىسىدىن ھالقىغان دۆلەت شەكلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، ھەتتا ھون ئىمپېرىيەسىگە قارام بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردىمۇ ئۆز پادىشاھى (ۋاڭ)بار ئىدى، شۇ زاماندا ئۆرتلۈگ دېگەن كىشىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكى مەلۇم»[6]. قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلىدە دۆلەت باشلىقى تۈرلۈك دەۋرلەردە تۈرلۈك ئاتالغان، كېيىن «قاغان»دېگەن نامنى ئۇزاققىچە قوللانغان.

2) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى

دۆلەت باشلىقى قاغان بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇ باشقۇرىدىغان پۇقرا بولىدۇ. كۆچمەن فېئوداللىق ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گەۋدىلىك مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى - ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى بار ئىدى. خانلىقنىڭ چەكسىز ھوقۇقلۇق ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەسلەپتە قۇرۇلتاي ئارقىلىق دېموكراتىيە يولى بىلەن مەيدانغا كېلەتتى، قاغان بارا - بارا روھانىيلار تەبىقىسىنىڭمۇ ۋەكىلى سۈپىتىدە «خان ھوقۇقىنى تەڭرى ئاتا قىلغان» دېگەن دەخلىسىز شەكلىنى قوللانغان. شۇڭا قاغانلارنىڭ تولىسى «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش» ياكى «ئاي تەڭرىدە بولمىش» دېگەندەك خانلىقنى تەڭرى تەيىنلىگەن دېگەن مەنىدىكى ئۇنۋانلارنى قوللانغان. قاغان بىلەن بىر قاتاردا «قاتۇن» يەنى خانىكە(ئايال قاغان) تۇراتتى، كۆپ ھاللاردا ئۇ «ئەل بىلگە قاتۇن» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. قاغان بىلەن قاتۇن ئاستىدا قۇرۇلتاي ياكى بەگلەر كېڭەشمىسى بولاتتى. بۇ خانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئەلنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەش قىلاتتى. بىراق بۇ بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى ئەمەس، پەقەت مەسلىھەت كېڭەش قىلىدىغان تەشكىلات ئىدى.

«خانىنىڭ ئەڭ يېقىن قوروقچىسى «ئايۇق» (نۆكەر) دەپ ئاتىلاتتى. خاس قاراۋۇللىرى «ئارقوي قاراغ» دەپ ئاتىلاتتى. «بۆدكە كۆرىگمە بەگلەر» (تەختكە قارايدىغان بەگلەر) ئوردا - ساراي ياكى قارارگاھ -بارگاھلاردا قاغانىنىڭ تەختىنى قوغداپ تۇراتتى. «يۇتۇغ» قاغانغا بىۋاستە قارايدىغان ئەسكىرىي قىسىم بولۇپ، بۇنىڭ باشلىقى چاپىس دەپ ئاتىلاتتى. ھەربىي يۈرۈشلەردە قاغان ئەڭ ئىشەنچلىك ئالپاغۇت(باتۇر - جەسۇرلىرى)نى «سۇباشى» (ئەسكەر باشلىقى، قوماندان ) ۋە ئۇنىڭغا ياندىش قىلىپ «قۇلابۇز» (سەركەردە، جەڭ يېتەكچىسى)، شاتۇ - ھۇجۇمچى قىسىم قوماندانى (جەڭگىۋار مەنسىدىكى «شاد»تىن تۈزۈلگەن) تەيىنلەيتتى. «سۇ» (قوشۇن)نى ھەربىي مەجبۇرىيەت بىلەن چاقىرىلغانلاردىن مۇنتىزىم تەشكىل قىلىناتتى. قاغانىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدا كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان مەنسەپ دەرىجىلىرى ئېنىق پەرقلىنىدىغان ئەلىگچى - تابىغچىلار (دۆلەت خادىملىرى)، ئۆرۈگىن - ئەپ (ئوردا - دىۋان) خادىملىرى بولاتتى. بۇنداق مەنسەپدارلار يۇغۇرۇش، شاد، تارقان، يابغۇ، تايانغۇ، ئېركىن، ئىنانچ، چۇر، چۇۋى، چابى، پۇترۇك دەپ ئاتىلاتتى. مەخسۇس «بىتگەچى»(كاتىپ)لار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن قاغانىنىڭ مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىقتا يازىدىغان «ئىلىمغا» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس كاتىپ بار ئىدى. خانلىقنىڭ خەزىنىسى «ئاغىلىق» خەزىنىنى باشقۇرغۇچى ۋە پۇل - مالنى ئىدارە قىلغۇچىلار «ئاغىچى» دەپ ئاتىلاتتى. باج - سېلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئىمغا»لىرى بار ئىدى.

ئەل تەۋەسىدىكى پۈتكۈل زېمىن جۇغراپىيەۋى ۋە مەمۇرىي ھەم ئاھالە تەركىبى جەھەتكە قاراپ رايونلارغا بۆلۈنۈپ، بۇ مەمۇرىي رايونلار «ئۇلۇش» ياكى چوڭراق بولسا «ئەل ئۇلۇش» (ئۇلۇشنىڭ مەنىسى - ئەلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەمۇرىي رايونى، ياكى ئۆلكىسى، ئايرىم قەبىلىلەر تىلىدا «يېزا - قىشلاق»، «شەھەر» دېگەنلىكتۇر ) دەپ ئاتالغان. بۇنىڭداق ئۇلۇشلارغا كۆپىنچە ‹بۇيرۇق تۇتۇق›، ئەل ئۇلۇشىقا ‹يابغۇ› ياكى ‹تەركەن› تەيىنلەنگەن»[7]. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئاھالە «بودۇن» دەپ ئاتالغان. ھۆكۈمران تەبىقە «ئاق بودۇن»، خەلق ئاممىسى «قارا بودۇن» دەپ ئاتالغان كەڭ ئىستېمال مەنىسىدە خەلق ئاممىسى «بودۇن - پۇچۇن» ياكى «بودۇن - بوقۇن»، ئەلگە تەۋە بولغان ئاھالىنى قوشۇپ «ئەل - گۈن» دەپ پەرقلەندۈرگەن. دېمەك دۆلەت ئىگىدارلىقى ۋە ھامىيلىقىدىكى خەلق ۋە پۇقراسى بولغان بودۇن - بوقۇن ياكى ئەلكۈنلەرنى باشقۇرىدىغان مەلۇم تۈرە تۈزۈمى (قانۇن - تۈزۈمى)بار ئىدى.

(1) سىياسىي تۈزۈمى

ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتى قەبىلىسى ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى سۆكۈن ئېركىن ياكى تېكىن ئېركىن(Djiyin erkin特建俟斤)نىڭ رەھبەرلىكىدە تۈركلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۆزلىرىنى ئېركىن، مىللەت نامىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاپ مۇستەقىل سىياسىي ئىتتىپاق بولۇپ مەيدانغا چىقتى. مىلادى 646 - يىلى ئالىپ تومىد (تۇمەن) ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، بۇرۇنقى تۈركلەرگە ئوخشاش ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى تەسىس قىلىپ، ئالتە نەپەر تاشقى ۋەزىر، ئۈچ نەپەر ئىچكى ۋەزىر، يەنە تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىر لەشكەر، قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان. شۇندىن تارتىپ كۆل بىلگە قاغان تەختكە چىققىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەت قۇدرەت تېپىپ، تۈزۈملىرى مۇكەممەللىشىپ باردى. ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تۈزۈملىرى تۈركلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلدارلىق نام - ئاتاقلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ تۈزۈملىرىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرىدىنمۇ ئۆرنەك ئالغان ئىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى گەرچە ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەت بولسىمۇ، ئۇرۇق، قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى تېخى تۈگىمىگەن، دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا ئىدى. بىلگە قاغان (747 - 759 - يىللار) تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆكتىچى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈردى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆگىلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى(755 - 763 - يىللار) باستۇرۇپ، تاڭ بىلەن قۇدىلىشىپ، يىپەك ۋە ئات سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇ دۆلەت ئىچىدە زور سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمرانلىق سىياسىي تۈزۈلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇن قۇرۇپ چىققان، ھەر دەرىجىلىك ئەمەل - مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ يولغا قويغان. دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، خانلىق ھوقۇقىنى ئىلاھىي ھوقۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، مۇستەھكەم ئوردا - قەسىرلەرنى سېلىپ، سودا - سېتىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن يەرلىك باشقۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسىي تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى مۇستەھكەملىگەن.

(2)خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى

‹1› كېڭەش مەجلىسى (قۇرۇلتاي). تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە قۇرۇلتاي ھونلارنىڭ ئاساسلىق تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. باھايىدىن ئۆگەل خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە غەرب مەنبەلىرىگە ئاساسەن، ھونلارنىڭ دۆلەت كېڭىشىنى «ئۇرۇش قۇرۇلتىيى»، «كۆچۈش قۇرۇلتىيى»، «تىنچلىق قۇرۇلتىيى»[8]. . . قاتارلىق 6 چوڭ تۈرگە بۆلگەن. ياپونىيە ئالىمى شىراتورى ھون قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىشتە ھېچقانداق بىر مۇئەسسەسە بۇ ئۈچ قۇرۇلتايدەك كۈچلۈك ۋە ئەھمىيەتلىك بولمايتتى، مىللەتنىڭ بىرلىشىشى مۇشۇ يىغىلىشلار ئارقىلىق كۈچەيتىلەتتى»[9]. ھونلاردا يەنە تەۋەلىك بىلدۈرۈش ۋە قەسەم بېرىش قۇرۇلتايلىرى ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇ قۇرۇلتايلارغا چوڭ ئەمەلدارلار، شاھزادىلەر(تېكىنلەر)، قەبىلە باشلىقلىرى ھەممە ھون ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق

ئەللەر پادىشاھلىرى قاتنىشاتتى. ھونلاردا دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇلتاي چاقىرىش ئارقىلىق بېكىتىلەتتى. ھونلارنىڭ بۇ قۇرۇلتايلىرىغا ھون تەڭرىقۇتى ئۆزى يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇرۇش پەيتىدە ياكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، ھەربىي تاكتىكا قوللىنىش يۈزىسىدىن جىددىي ھەربىي قۇرۇلتاي چاقىرىلاتتى. بۇنداق قۇرۇلتايلار پىنھان تۈردە ئەمەس بەلكى ئات ئۈستىدىلا ئوچۇق - ئاشكارا، مەردانە قىياپەتتە ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇرۇش پەيتىدە ئەگەر تىنچلىق ئورنىتىشقا توغرا كەلسە تەڭرىقۇت شارائىت پىشىپ يېتىلگەن بىر پەيتنى تاللاپ ھون ئۇلۇغلىرىنى كېڭەشكە چاقىراتتى. «كۆكتۈركلەردىكى دۆلەت يىغىلىشلىرىمۇ ھونلارنىڭكىگە ئوخشايتتى كۆكتۈركلەردىكى بۇ قۇرۇلتايغا پۇقرالارمۇ قاتنىشاتتى»[10]. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە: «ئوغۇز خاقاننىڭ بارلىق زېمىنلارنى ئىلكىگە ئېلىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، مەملىكەتتە چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرغانلىقى، قۇرۇلتايغا بارلىق ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەش قىلغانلىقى، ئاندىن كېيىن مەملىكەتنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكى[11] بايان قىلىنىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، توققۇز ۋەزىر كېڭىشى يەنى ئوردا كېڭىشى ئەسلىدىكى ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. دېمەك ھونلاردىكى قۇرۇلتاي تۈزۈمىنى كۆكتۈركلەر داۋاملاشتۇرغان، ئۇيغۇرلار بۇ خىل قۇرۇلتاي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»دىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئەل ئەتمىش قاغان (747 - 759 - يىللار)ۋە ئەل بىلگە قاتۇننىڭ قاغان ۋە قاتون ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ خانلىقنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى، ئەلدە قانداقتۇر بىر چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرغانلىقى، ئەجدادلىرىنىڭ قانۇنى ئاساسىدا ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغانلىقى، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋە مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ تىزىملىكى، ئەل چېگراسى ۋە قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ ئورنىتىلىشى قاتارلىق دۆلەت كېڭىشىگە دائىر ئىشلار تەسۋىرلەنگەن[12]. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا توققۇز ۋەزىر كېڭىشى (ئوردا كېڭىشى) مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكەن. ئورخۇن مەڭگۈ تېشى ۋە تاڭنامىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ خىل ئوردا كېڭىشىگە قاغان، قاتۇن، تېكىنلەردىن سىرت، يابغۇ، شاد قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار، توققۇز ۋەزىرلەر، ھەرقايسى قارام قەبىلىلەرنىڭ ئېلتەبىر، ئېركىن، تۇدۇن دەپ ئاتىلىدىغان ئاقساقاللىرى، تارقان، تۇتۇق، ئىشبارا، ئاپا قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار، ھەر دەرىجىلىك قوشۇن قوماندانلىرى، ھەر دەرىجىلىك سۇيۇرغاللىق ئۈنۋان مەنسەپلىرىگە ئېرىشكەن بەگلەر ھەم خانلىق دىندارلىرى قاتناشقان. بۇ خىل توققۇز ۋەزىر كېڭىشى (ئوردا كېڭىشى)گە قاغان ئۆزى ياكى توققۇز ۋەزىرلەر بېشى رىياسەتچىلىك قىلغان[13]. بۇنىڭدا خانلىقنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى، توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار، يات ئەل ۋە قەبىلىلەرگە دائىر ئىشلار، جازا يۈرۈش قوماندانى بەلگىلەش، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى تەيىنلەش، سۇيۇرغال بېرىش، قارام ئەل - قەبىلىلەرگە دائىر ئىشلار، قانۇن ۋە ۋارىس بەلگىلەشكە دائىر ئىشلار، دۆلەت ئىگىلىكى، سودىسى، باج - سېلىقى، مالىيەگە دائىر ئىشلار، ئوردا - شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ھەم تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشقا دائىر ئىشلار مۇھاكىمە قىلىنىپ قارار چىقىرىلاتتى[14].

〈2〉 قاغان. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرى ئاساسىي جەھەتتىن كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تۈزۈملىرى ئاساسىدا كېلىپ چىققان. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە، تۈركلەردە دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكمرانىنىڭ قاغان دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، بۇ قەدىمقى تەڭرىقۇت بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئايالى قاتون دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، بۇ قەدىمقى ئەلچى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى، پەرزەنتلىرى تېكىن، چوڭ سەركەردىنىڭ شاد دەپ ئاتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل - مەنسەپلەردىن يابغۇ، كۆلۈگچۇر، ئاپا، ئېلتەبىر، تۇتۇق، ئېركىن، ياغۇندا، تارقان قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



28 دەرىجىگە بۆلۈنگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇ ئەمەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىنغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتالغان. تۈركلەردە چوڭ قاغان، كىچىك قاغان دەپ ئايرىلىدۇ، ئۇيغۇر خانلىقىدا باشتىن ـ ئاخىر «قاغان» دېگەن ئۇنۋان بىرلا بولۇپ، ئوخشاش ئۇنۋانلاردا ئىككى كىشىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلمىغان. بۇ دۆلەت تەشكىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەردىن پەرقلىنىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغان فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت ئاقساقىلى دۆلەتنىڭ تۇۋرۈكى ۋە سىمۋولى ئىدى. تەڭداشسىز ھوقۇق ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى بارلىق يەر، دەريا، يايلاقلار، چارۋا ۋە ئاھالىلەر قاغاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، «خاندانلىقنى تەشكىل قىلغان بارلىق قەبىلىلەر قاغانغا باج ـ سېلىق تاپشۇراتتى ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيتتى. بارلىق بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى قاغاننىڭ بېقىندى قەبىلىلىرى بولۇپ، قاغان ۋالىي (شاد، ۋە يابغۇ) لارنى ئەۋەتىپ، ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەتتى[15].

قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشتا، يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدىكى كەنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ۋارىسلىق قىلىش، چوڭ خوتۇنىدىن بولغان چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغان. قاغان دىسلەپتە قۇرۇلتايدا ئەلگۈن(ئەلگە تەۋە بولغان ئاھالە) ۋەكىللىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، كېيىنچە ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە مىراس قالدىدىغان بولدى.

‹3› قاتۇن. قاتۇن ـ «katun » قاغاننىڭ ئايالى يەنى خانىش، بۇ نام تۈركلەردىن كەلگەن، بىراق تۈركلەردە قاغان نەق چوڭ خانىشىنىلا قاتۇن دەپ ئاتايتتى. قاتۇن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، بەزىدە قاغانغا ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى بويىچە قاتۇن پۈتۈن ئەلنىڭ تەربىيەچىسى (ئۆگۈتچىسى) ئىدى. ھوقۇق ۋە ئىمتىيازدا قاغاندىنلا كېيىن تۇراتتى. قاغانلارنىڭ چوڭ قاتۇنلىرىنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ تەختتە قاغان بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ سالاملىرىنى قوبۇل قىلاتتى، ھەتتا ھەربىي، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. مەخسۇس چېدىر ئوردىسى، ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش مەھكىمە ئەمەلدارلىرى، خاس مۇلازىملىرى، دېدەك ـ چۆرىلىرى بولاتتى. ھەتتا دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، پەرمان چۈشۈرۈش ھوقۇقلىرى بولاتتى. قاغانلىقتا قاتۇنلار قەلئەسىنىڭ بولغانلىقى ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتەتتى.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «بوسارنىڭ ئانىسى ئۇرقۇن قاتۇن ناھايىتى كەسكىن، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، قوۋملىرى ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى كەسكىنلىك بىلەن تىنجىتاتتى، ئۇيغۇرلار شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى تېز قۇدرەت تاپقانىدى»[16] دېيىلگەن. بۇلاردىن قاتۇنلارنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇرۇندىنلا ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، ئاياللارنىڭ رولى ۋە ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش ئەنئەنىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

‹4› ئايغۇچى(ۋەزىر، مەسلىھەتچى، ئۇستاز). قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلقلەر ۋەزىرنى «ئايغۇچى»، باش ۋەزىرنى «ئۇلۇغ ئايغۇچى» دەپ ئاتىغان. بۇنداق ئۇنۋاندىكى ۋەزىرلەر دۆلەت ئىچىدە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى نامى بىلەن ھاكىمىيەت باشقۇرغان. ۋاقتى كەلگەندە زور ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلغان، دۆلەتنىڭ ھەربىي مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقلىرى ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئۇ دۆلەت ئىشلىرىدا مەسلىھەتچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. «ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئۈچ نەپەر، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئالتە نەپەر جەمئىي توققۇز نەپەر ۋەزىر تۈزۈمى»[17] بېكىتىلگەن. ئۇيغۇر خانلىقىدا خاتۇنلارنىڭ ئورنىنى ئېلىش، ۋارىسلىق قىلىشتىكى تەنتەنىلىك مۇراسىملارنى توققۇز ۋەزىر رىياسەتچى بولۇپ باشقۇراتتى ۋەزىر يەنە ئۆلچەملىك كىيىنەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى باش ۋەزىرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ھەتتا خانلارمۇ چوڭ ۋەزىر،

يەنى باش ۋەزىردىن سايلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

‹5› يابغۇ. يابغۇ (yabgu) ـ ھونلار، توخرىلار، ئۇيسۇنلار، كانگىيەلىكلەر قوللىنىپ كەلگەن ئەمەل ـ مەنسەپ بولۇپ، بۇ نامۇ تۈركلەردىن كەلگەن. كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۈرك قوۋملىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان ئەمەل ـ مەنسەپ بولغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يابغۇ قاغاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەمما بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمەل بولۇپ، ئاساسەن قاغانىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ۋەلىئەھدىلەردىن قويۇلاتتى. بەزى تارىخ ماتېرىياللىرىدا يابغۇنى قاغانىنىڭ نائىبى دەپمۇ كۆرسەتكەن. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، كۆل بويلا قاغانلىق تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى يابغۇ بولغان، مويۇنچۇر قاغان خانلىق تەختكە چىقىپ بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن ئىككى ئوغلىغا شاد، يابغۇ نامىنى بېرىپ، ئۇلارنى تاردۇش (خانلىق زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمى) ۋە تۆلەس (خانلىق زېمىنىنىڭ شەرقىي قىسمى)خەلقلىرىگە باش قىلغان[18]. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركى تىللار دىۋانى» دا: « يابغۇ ئاددى خەلقتىن بولۇپ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان» [19] دەپ ئىزاھلىغان. بۇ يابغۇلۇققا ئاددى خەلقتىن كېلىپ چىققان بىلىملىك، باتۇر كىشىلەرنىڭمۇ ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ۋەلىئەھدىلىككە كۆپرەك يابغۇلاردىن قويۇلاتتى. «تاڭنامە»، مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى، تەس مەڭگۈ تېشى ۋە تېرخىن مەڭگۈ تېشىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يابغۇ ـ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغاندىن قالسىلا مەمۇرىي ھەربىي ھوقۇقى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ ھېسابلىنىدۇ.

‹6› شاد. شاد ـ بۇ نامۇ تۈركلەردىن كەلگەن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندانلارغا بېرىلىدىغان ئەمەل ـ مەنسەپ بولۇپ، «ئومۇمىي قامۇس. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: « باشقا قەبىلىلەرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىدىغانلار شاد دەپ ئاتىلاتتى» [20] دېيىلگەن. شادنىڭ ئورنى يابغۇدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. شادلارمۇ يابغۇلارغا ئوخشاش مەركىزى ھاكىمىيەتتە يۇكسەك ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە خانلىق زېمىنىنىڭ بىر تەرىپىگە مەسئۇل ھەربىي باشلىق ئىدى. شادنىڭ ئورنى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قاغانلارنىڭ قارارگاھىدىن يىراق جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەيتتى. «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»دا: «ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد ئۇنۋانىنى بەردىم (ئۇلارنى) تاردۇش، تۆلەس خەلقىگە باش قىلدىم. . . » [21] دېيىلگەن. تەتقىقاتچىسى بېرنىشتام ئۆز ئەسىرىدە: «يابغۇ ۋە شادلار ھەمىشە مەلۇم قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى ھەم شۇ ئارقىلىق بەگ ـ تۆرىلەردىن بولۇپ قالاتتى، يابغۇ بىلەن شاد ئورۇنىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ھەم ئىستېلا قىلغان قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىدى». « يابغۇ ۋە شادلار ھۆكۈمران ئۇرۇقلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىستېلا قىلىنغۇچى قەبىلىلەرنى باشقۇرىدىغان باشلىقلاردىن ئىدى»، «شادلارنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى ئادەتتە ئۇرۇش مەزگىلىدە قوشۇن قىلىپ تەشكىللەنگەن ئىستېلا قىلىنغان قەبىلىلەر سانى بويىچە بېكىتىلەتتى» دەپ يازغان. «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»دا: «ئاتام قاغان ئاتا ـ بوۋامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى بويىچە دۆلەتتىن خاقاندىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيەلەپتۇ، ھەممە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا يابغۇ ۋە شاد (ئۇنۋانىنى) بېرىپتۇ » [22]، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاپپاراتلىرى ئىچىدە ئوڭ قول يابغۇ ۋە سول قول يابغۇ بولغىنىغا ئوخشاش، ئوڭ قول شاد ۋە سول قول شادلارمۇ قاغان جەمەتىدىن ياكى قاغان جەمەتىگە يېقىن باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىدىن تاللاپ قويۇلغان، ئۇلار خانلىق مەركىزى ھاكىمىيىتىگە ۋاكالىتەن ئۇرۇشلاردا قوماندانلىق قىلغان ۋە يەرلىكتە قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

‹7› تېكىن. تېكىن ـ (tigin) قاغان ئوغۇللىرى تېكىن دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەردىكى «شاھزادە» (亲王) بىلەن ئوخشاش

www.uyghurkitap.com



ئىدى. تارىخىي ھۆججەتلەردىن قارىغاندا تېكىنلەرنىڭ ئورنى شادلار بىلەن تەڭ بولغان. بىراق تېكىنلەر مەلۇم قەبىلە، ئۇرۇقلارغا مەسئۇل بولالمايتتى. مەخسۇس ھەربىي قوشۇنلارنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرمىغان، مەرتىۋە ئورۇن جەھەتتە يابغۇدىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك تۇرغان، لېكىن تېكىننىڭ مەرتىۋىسىگە پەقەتلا قاغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىلا ئېرىشەلىگەن. تېكىن ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرگەن بولۇپ بىرى قاغان پەرزەنتلىرىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى تېكىنلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنلەرنى كۆرسىتەتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار يابغۇدىن قالسىلا تېكىنلەر بولغان. خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە تېكىنلەردىن خانلىق تەختىگە چىققۇچىلار بىرقەدەر كۆپ بولغان.

《8》 ئېلتەبىر. ئېلتەبىر - بۇ نامۇ قەدىمكى تۈركلەردىن كەلگەن بولۇپ، مەرتىۋىسى «ئېركىن»دىن يۇقىرى ئىدى. (بىقىندى قەبىلىلەرنىڭ خانلىرى) خانلىققا تەۋە بولغان، نوپۇسى كۆپرەك ۋە ئىگىلىگەن زېمىن دائىرىسى بىرقەدەر چوڭراق قېرىنداش قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ياكى بويسۇندۇرۇلغان چوڭراق قەبىلە - ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا بېرىلىدىغان ئەمەل ئىدى، ئۇلار قاغانلىقنىڭ يەرلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ھېسابلىنىپ، ئوردا كېڭەشكە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان. ئېلتەبىر دېگەن ئەمەل نامى كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندىمۇ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى بىرقەدەر چوڭراق قەبىلە ئاقساقاللىرىغا، يەنى قۇن(ھون)، تۇڭرا، بايىرقۇ، قىرغىز، دولانغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئېلتەبىر ياكى ئۇلۇغ ئېلتەبىر نامىنى بەرگەن. بۇ ئېلتەبىرلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، باج - سېلىق يىغىپ خانلىققا تاپشۇرۇش، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە خانلىق ئۈچۈن ئۆز قەبىلىسىدىن قوشۇن تەشكىللەپ ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىش قاتارلىق ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەرنى يۈرگۈزگەن.

《9》 ئېركىن. ئېركىن بىرقەدەر تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپ بولۇپ، ئادەتتە قەبىلە باشلىقلىرى بۇ مەنسەپكە نائىل بولغان. بۇ مەنسەپ نامى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئەڭ دەسلەپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى «جەنۇبىي جىننامە»دە ئۇچرايدۇ. مىلادىيە 6 - 7 - ئەسىرلەردىكى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئاساسەن ئېركىن دەپ ئاتالغان. «ئىككى تاڭنامە»دە: «ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنى ئەڭ بۇرۇن بىرلەشتۈرگەن كىشى ئېركىن مەنسىپىدىكى تېكىن ئېركىن ئىدى»[23] دەپ خاتىرىلەنگەن. كونا - يېڭى تاڭنامىلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىر قەدەر كىچىكرەك قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئېركىن ئەمىلى بېرىلگەن. مەسىلەن: قورىقان، ئاقشىد، توباس(تۇۋا)، قىرغىز، مىلى(弥列)، گېبېجى(哥娥支) قاتارلىق قارام قەبىلە ئاقساقاللىرى ئېركىن دەپ ئاتالغان. ئەگەر ئېركىن ئەمىلى بېرىلگەن قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ كېيىن قەبىلىسى كۈچىيىپ، نوپۇسى ئاشسا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى بىر دەرىجە كۆتۈرۈلۈپ، ئېلتەبىر ياكى ئۇلۇغ ئېلتەبىر مەنسەپلىرى بېرىلگەن. ئېركىنلەر ئېلتەبىرلەرگە ئوخشاش ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرغان، بەزىدە خانلىق ئىشلىرىنى كېڭەشكە قاتناشقان.

《10》 تۇتۇق (تۇتۇق - نازارەتچى بەگ). بۇ نام تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن كەلگەن، ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلى ھوقۇققا ئىگە. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى توققۇز ئۇرۇق ئىچىدىكى چوڭراق قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان مەرتىۋە نامى بولۇپ قالغان. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ قەبىلىلەردە ھەر بىر قەبىلىلەرگە بىردىن ۋالىي قويۇلۇپ ئىدارە قىلىناتتى. دېمەك تۇتۇق - يېڭى قەبىلىلەرگە نازارەتچىلىك قىلىپ، يولباشچىلىق قىلىدىغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارام قەبىلىلەرگە ئەۋەتكەن ۋەكىلى ۋە ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى خانلىققا ۋاكالىتەن قارام قەبىلە ۋە ئۇلۇسلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلغان. ئەمەلىي ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولغان. تۇتۇقلار ئادەتتە قاغان جەمەتىدىن ياكى ئون ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن

تەيىنلەنگەن. مەنسىپى باللىرىغا مىراس قالغان. تۇتۇقلار ئۆزلىرى نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان قەبىلە، ئۇلۇسلارنىڭ ئۆز قەرەلىدە خانلىققا باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشى ۋە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە خاندانلىق ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك، ماددىي ئەشيالارنى توپلاپ، قوشۇن تەشكىللەپ، زورۇر بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن كۆزەتكەندە، خانلىق تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان ياكى بويسۇندۇرۇلغان مىللەت ۋە ھاكىمىيەتلەر پەقەتلا ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىتائەت قىلسىلا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى ساقلاپ قېلىپ، پەقەت قاغان ئۆزىنىڭ بىر نەپەر يېقىن ۋەكىلىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ باج ـ سېلىق يىغقان.

قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللىرىدىن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»دە: «قۇمۇق(溪)، قىتان(契丹)لار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن نازارەتچى بەگلەر بولۇپ، ئۇلار يىللىق باج ـ سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى»[24] دېيىلگەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ مىڭچىڭ يازغان «قۇيرۇق يەلپۈگۈچ خاتىرىلىرى»نىڭ 4 ـ جىلتىدا: «قىتانلار بۇرۇن ئۇيغۇر ئۈچۈن قوي باقاتتى، تاتارلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كالا باقاتتى»[25]، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىلگىرى قىتان ۋە تاتارلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارام ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن تۇتۇقلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تارىخشۇناس چيەن بوچۈەن (钱伯泉) ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلە، ئۇلۇسلارغا قوللانغان سىياسىتىنى تەھلىل قىلىپ: «ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي رايوندا ئوخشاش بولمىغان سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە قاتارلىق رايونلارغا نىسبەتەن ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانىنى ساقلاپ قېلىپ، پەقەت نازارەتچى ئەۋەتىپ باج ـ سېلىق يىغىشقا نازارەتچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى، پامىرنىڭ شەرقىدىكى خوتەن، قەشقەر، كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق جايلارنىڭ خان جەمەتلىرى تىبەتلەرنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغاچقا، ئۇيغۇر قاغانلىرى بۇ جەمەتلەرنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى ھۆكۈمرانلىقىنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن پەرزەنتلىرىنى تارقان قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئايرىم ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. . . »[26]، دەپ يازغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەرقايسى قارام ئۇلۇس ۋە قەبىلىلەرگە ئەۋەتكەن تۇتۇقلىرى مەركىزىي ھاكىمىيەتكە ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان يەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بولۇپ، ئۇلار بەزى قەبىلىلەردە قەبىلە باشلىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ قالغان، يەنە بەزى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى، نىسپىي مۇستەقىللىقنى ساقلىغان قەبىلە ـ ئۇلۇسلاردا پەقەتلا باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك، نازارەتچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان. ئاساسىي قاتلامدىكى ۋارىسلىق قىلىنىدىغان مەرتىۋە نامى بولۇپ قالغان.

«11» تارقان/تارخان (مەمۇرىي رايونلارنىڭ ھەربىي قوماندانلىرى). تارقان/تارخان ـ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان بىر دەرىجە يۇكسەك ئۇنۋان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي: «تارقان ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال بەگ مەنىسىدىكى بىر مەنسەپ نامى ئىدى»[27]، دەپ چۈشەندۈرگەن. فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس خامىلتون ئەپەندى: «تارقاننى تۈركلەردىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ نامى ئىدى»[28] دېگەن. ياڭ شېڭمىن (杨圣敏) ئەپەندى: «تارقان دېگەن ئاتالغۇ. . . تۈرك تىلىدىن ئاھاڭ بويىچە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا (达干) بولۇپ قالغان، تارقاننىڭ ئورنى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئۇ سانغۇن بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرغان»[29]، دەپ قارىغان. تارىخىي مەنبەلەردە مۇشۇ قاراشنى ياپونىيە ئالىمى خانىدا تۇرۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ سانغۇن بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولۇپ تارقانلاردا مەلۇم دەرىجىدە ھەربىي ھوقۇقمۇ بولغان. ھەم دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. ئۇلار ئوردا ئىچىدە كاتىبات خىزمىتى، تاشقى جەھەتتە ئەلچى بولۇپ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى تارقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەزىپىسىگە ئىقتىدارلىق، بىلىملىك كىشىلەر تاللاپ قويۇلغان. بۇ مەرتىۋە نامى بولماستىن بەلكى ئەمەل نامى بولۇپ، تارقان ئەۋلادلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تارقانلارنىڭ رولى ۋە ئورنى بىر قەدەر مۇھىم بولۇپ، بەزىدە رولى ۋەزىر دەرىجىسىگىمۇ يېتىپ بارغان، بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوشنا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىشلار تارقانلار ئارقىلىق ئورۇندالغان. شۇڭا تارقانلار ئۇرۇش ۋاقتىدا قوشۇن باشلاپ قوماندان بولسا، تىنچ ۋاقىتلاردا دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. كونا ۋە يېڭى تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئاساسەن دېگۇدەك تارقانلار رىياسەتچىلىك قىلغان. «بۇ دەرىجە بېرىلگەن كىشىگە بىرەر «ئالتۇن تارىم» (خانزادە قىز)نى ئۆي - ئوچاقلىق ئۇچۇن بەرگەندىن تاشقىرى، تارخاننىڭ قورۇقىدا ئولتۇرغانلار باج - خىراج ۋە ئەسكەر ئېلىش مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئازاد قىلىنىدۇ؛ تارخان توققۇز جىنايەت جازاسىدىن ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ قاغان ئوردىسىغا ئىختىيارىي كىرىپ - چىقالايدۇ؛ بۇ ئىمتىيازلاردىن توققۇز بوغۇنغىچە بەھرىمەن بولىدۇ»[30].

‹12› چۇر. چۇر - ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەربىي مەنسەپ بولۇپ، بۇ مەنسەپكە كۆپىنچە قاغان جەمەتىدىكىلەر تەيىنلەنگەن. چۇرلار بەزىدە قاغانغا ۋاكالىتەن خانلىققا تەۋە مەلۇم قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارغىمۇ رەھبەرلىك قىلغان. تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا چۇرلەر يەنە قاغان ئوردىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ قوماندانى بولغان.

‹13› تۇدۇن(نازارەتچى بەگ). تۇدۇن - (قەبىلە ياكى ئۇرۇق باشلىقلىرى)ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قاغان تەرىپىدىن خانلىققا تەۋە قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋەكىل بولۇپ، ئاساسىي ۋەزىپىسى: قاغان بۇيرۇقى بويىچە خانلىق تەۋەسىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە بېرىپ، ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى چوڭ بولۇپ، خانلىق تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى يۆتكەش ھوقۇقى بېرىلگەن. ئادەتتە تۇدۇنلار قاغانغا ياكى مەركىزىي ھاكىمىيەتكە ۋاكالىتەن ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان قەبىلە ياكى يېزا جامائەسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ۋە باج - سېلىق تاپشۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، «بەش دەۋر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە «吐屯»دېگەن بىر خىل ئەمەلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمما بۇ خىل ئەمەلنىڭ دەرىجىسى، ۋەزىپىسى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا تۇدۇن نامى پەقەت بىرلا يەردە ئۇچرايدۇ.

‹14› سانغۇن. سانغۇن - ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى پەخرىي ئۇنۋان نامى( كۆپىنچە ئۇلۇغ سانغۇن نامىدا ئۇچرايدۇ) بولۇپ، ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا «سەنگۈن» دەپ يېزىلغان. فىرانسىيەلىك تۈركولوگ خامىلتون ئەپەندى سانغۇن خەنزۇ تىلىدىكى «将军» دىن ئۆلگە ئېلىنغان تۈرك تىلىدىكى ئۇنۋان ئىدى دېگەن. بۇندىن باشقا يەنە قونچۇي، ئايماق بېگى، ئەمىر لەشكەر، دورغاپ قاتارلىق ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىمۇ خاتىرىلەنگەن. نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلارمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. سانغۇن ئۇنۋانى تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، «قارلۇق ئېلىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان» بولۇپ، ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى. بەزىدە چەت ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرەتتى، دېمەك سانغۇن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەرتىۋە نامى بولماستىن بەلكى ئەمەل نامىدۇر.

‹15› بۇيرۇق(بىرۇق). بۇيرۇق (“梅录”buyruq) – مەمۇرىي رايونلارنىڭ باشلىقى. قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: « بۇيرۇق بەگ (buyruq bag) » دېگەن نام ئۇچرايدۇ[31] خاننىڭ يېنىدا چوڭلارنى جاي - جايىدا ئولتۇرغۇزىدىغان كىشى يەنى پەرمانچى ئەمەلدار بولۇپ، بۇ ناممۇ تۈرۈكلەردىن كەلگەن. ئەسلىي مەنىسى : خانلىقنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزگۈچى، يەنى پەرمانچى دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئەينى دەۋردە ئوردا ئەمەلدارلىرى خانلىق ئىچىدە مەسلىھەتچىلەر ھېسابلىناتتى. «كىتابلار جەۋھىرى»دە: «مىلادىيە 813 - يىلى قىتانلارنىڭ تارقان

دېگەن ئەمەلدارى، 814 - يىلى يەنە بۇيرۇق دېگەن ئەمەلدارلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلگەن»[32] لىكى خاتىرىلەنگەن. بۇيرۇق سۆزى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بىرىنچىسى، ئەمەل نامىنى كۆرسىتەتتى. بۇ سۆز خەنزۇچىغا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «梅录»، بەش سۇلالە دەۋرىدە، «密录»، «媚录» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، «怀录»، «卜欲录»، «不亦鲁黑» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا buyruq bag (بۇيرۇق بەگ) دېگەن نام ئۇچرايدۇ. «مانى مۇرتلىرىنىڭ تىلاۋەتنامىسى» Aنىڭ 15 - قۇردا ئىچ بۇيرۇق سانغۇن (ich buyruq sanqün) «内梅录将军» بويەردىكى «بۇيرۇق»(buyruq) نىڭ لەشكىرى ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «بەش دەۋر تارىخى» 74 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە گەنجۇ ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ دۆلەتتە ۋەزىرنى بۇيرۇق تۇتۇق (媚录都督) دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇيرۇق مەنسىپى تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلاردا ئوخشاش قوللىنىلغانلىقىنى بىلىمىز. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ سۆزbuyruq (ۋەزىر)دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، ئۇنىڭ مەنىسى «پادىشاھنىڭ پەرمانبەردارى» دىگەنلىك بولىدۇ دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ئىچىدە يەنە ئۈچ نەپەر ئىچكى بۇيرۇق، ئالتە نەپەر تاشقى بۇيرۇق تەسىس قىلىنغان. ئىككىنچى مەنىسى دۆلەت قانۇنىنىڭ بىرخىل شەكلىنى كۆرسىتەتتى. قەدىمدە خان ۋە ھوقۇقلۇق ۋەزىرلەر، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنىڭ بۇيرۇقلىرى يۇقىرى كۈچكە ئىگە مۇھىم قانۇن شەكلى ھېسابلىناتتى.

‹16› قۇنچۇي(مەلىكە). قۇنچۇي دىگەن نام تاڭ خاتىرلىرىدە ئەسلىي قاغان (پادىشاھ) پۇشتىدىن بولغان قىزلارنى كۆرسىتەتتى، لېكىن ئۇيغۇر خانلىقىدا قۇنچۇي دېگەن بۇ نامنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، قاغاننىڭ قىزلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە قاتۇن جەمەتىنىڭ قىزلىرىنىمۇ كۆرسىتەتتى، مەسىلەن قۇتلۇق بىلگە قۇنچۇي ياكى يەبغۇ قۇنچۇي دېگەنگە ئوخشاشلارمۇ مەنسەپ، ئۇنۋان ناملىرىنى بىلدۈرەتتى. كۆكتۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دا ئۇيغۇرلارغا تەۋە مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدىمۇ ۋە تاگنامىلەردىمۇ ئۇچرىمايدىغان «بىي» ياكى «بەگ»(ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرى)، «ئاپا» (قوشۇن قوماندانى، سەكەردىللىرى)، «شاداپىت»، «تويقان» (بارگاھ قۇماندانلىرى)، «چابىش»(لەشكەر باشلىقى)، «سۇ باشى» (لەشكەر باشلىقى)، «كۈرۈگ» (چارلىغۇچى)، «تۇرغاق باشى» (مۇھاپىزەتچى قوشۇن قۇماندانى)، «قاراغۇچ» (ئوردا قاراۋۇللىرى)، «ئايغۇچى» (قاغان ۋە ئوردا مەسلىھەتچىلىرى ئۇستاز )، «تامغاچى» (مۆھۈردار، تامغا مۆھۈرلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار)، «يالاباچ» (يات ئەل، مىللەت، قەبىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر)، «ئىدىقۇت»، «تىركىش» (كارۋان ۋە خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر) «يارقان» قاتارلىق ئەمەل مەنسەپلەر ۋە «ئاپا»، «كولچورو»، «ئۈگە»، «باغاتۇر (باتور)، «ئارسلان»، «بۆرى»، «كۆلۈگ»، «باغا»، «چۇر»(ھەربىي سەركەردە) قاتارلىق شەرەپ ناملىرى بولغان». ئېنىقكى مۇھىم بولغىنى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدا، كونا، يېڭى تاگنامە «تۈركلەر تەزكىرىسى» ياكى كونا، يېڭى تاگنامە «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنمىگەن ئىشبارا، ئىنانچۇ (غەزىنە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، بەشمىڭ بېشى، مىڭ بېشى، توققۇز يۈز بېشى، بەشيۈز بېشى، يۈز بېشى، تۇيقان(بارگاھ بېشى)، تۇرغاق بېشى(مۇھاپىزەتچى سەركەردە)، بويلا قاتارلىق ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى خاتىرىلەنگەن. خۇددى كونا ۋە يېڭى تاگنامىلەردە بايان قىلىنغاندەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئەمەل - مەنسەپلەرنىڭ ۋە تەيىنلىنىدىغان ئادەم سانى مۇقىم بولمىسىمۇ لېكىن تارقان ئۇنۋانىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان. ئەمەل ئۇنۋانىنىڭ قايسىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقى قايسىلىرىغا

www.uyghurkitap.com



ۋارىسلىق قىلسا بولمايدىغانلىقى قانۇندا بەلگىلەنگەن بويىچە بولغان.

## 2. دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۇيۇرغاللىق تۈزۈملىرى

### 1) دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، كۆل بىلگە قاغان مۇكەممەل، سىستېمىلىق ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلارنى تىكلەشتە، قەدىمكى تۈرك خانلىقلىرىدىكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە دۆلەت قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا، « ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەلقى ياشىغان تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىتنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلغان. مەرتىۋە، ئەمەللىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى كۆكتۈرك خانلىقى زامانىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالىغا ئوخشاش قاغان نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ھاكىمىيەت تەشكىلىي ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرگەن ھاكىمىيەت بولماستىن بەلكى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر تۇرغان رايونلارنى قاتلاممۇ قاتلام باشقۇرۇش تۈزۈمى بويىچە، ئاخىرى يەنىلا قاغان دۆلەتنىڭ بارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھوقۇقلىرى ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى»㉝. بۇنىڭدىن ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن يەرلىك باشقۇرۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بېقىندى ئەل، قەبىلىلەر ياكى مەمۇرىي رايونلار، ھەتتا توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىمۇ، پەقەت قاغاننىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش، قاغانغا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ۋە ئۆلچەمدە باج ـ سېلىقلارنى تاپشۇرۇش، قاغاننى ئېھتىياجلىق ھەربىي قوشۇن بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيتتى. بۇ مەجبۇرىيەتلەردىن باشقا ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۈزۈملىرى ۋە ئادەتلىرى بويىچە باشقۇرغان. نازارەتچى بەگلەر «قاغاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە خانلىق تەۋەسىدىكى بۇ جايلارغا بېرىپ نازارەتچىلىك قىلغان، زۆرۈر تېپىلغاندا قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى يۆتكەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن»㉞. «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»گە قارىغاندا: « بۇ چاغدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەنسەپ تۈرى 28دىن ئارتۇق ئىكەن»㉟. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن زېمىنى بىر قەدەر كەڭ بولغانلىقتىن شەرق ۋە غەربتىكى جايلارنى ئىدارە قىلىشتا سول شاد ۋە ئوڭ شاد دەپ ئىككىگە ئايرىپ، شەرقتىكى قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارنى سول شاد، غەربتىكى قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارنى ئوڭ شاد ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى قوللانغان. بۇخىل ئىدارە قىلىش تۈزۈمى، ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدىكى قەبىلىلەر ئورۇنلاشقان جايلارنىڭ تولىمۇ كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدارە قىلىشقا باب كېلىش، باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش نەزەردە تۇتۇلغان. چۈنكى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بېقىندى قەبىلە، ئۇلۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىرئاز پەۋقۇلئاددە ئىدى. «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىدىكى قىتان (契丹)، قۇموۇق(溪)، سىبىرلار، شىمال تەرىپىدىكى قىرغىز، توباس(ياكى تۇۋا)، مىلى(弥列)، گېئېجى(哥娥支)، غەربتىكى قارلۇق، شاداپى (سارىت沙陀)، ياغمىلار ۋە يەتتە سۇ پەرغانە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى شەھەر بەگلىكلەر، يەنە چۇغاي تېغى ۋادىسىدىكى تاڭغۇت تۇيغۇنلارمۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بېقىندى ئەللىرى ئىدى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بۇ بىپايان كەڭ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا قوشۇن تۇرغۇزۇش، تۇتۇقلارنى ئەۋەتىپ، باج ـ سېلىق يىغىش، قەبىلە باشلىقلىرىغا مۆھۈر ـ تامغا بېرىش شەكىللىرىنى قوللانغان. بۇ قارام قەبىلە ئەللەرمۇ سىياسىي جەھەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، باج ـ سېلىق تاپشۇرۇپ، ھەربىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىگەن»㊱. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى باشقا دۆلەتلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان چاغلاردا، سول شاد ۋە ئوڭ شادلاردىن ھەربىي قوشۇن چىقىرىلىشتىن باشقا يەنە بېقىندى ئەل، قەبىلىلەرمۇ قاغانلىق ئۈچۈن جەڭگە تەييارلىناتتى،

ھەربىي مەجبۇرىيەتنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر بۇ مەجبۇرىيەتنى ۋاقتىدا ئادا قىلمىسا جازا يۈرۈش قىلىناتتى. بۇ ھەقتە «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ 16~20 - قۇرلىرىدا مويۇنچۇر قاغانىنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم زور ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى«2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەم دەرياسىدا ئۇلارنى تارمار قىلغانلىقى»، «شۇ يىلى كۈزدە شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقى، تاتارلارنى سوراققا تارتقان(جازالىغانلىقى)» خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن ئوڭ ۋە سول شادلارنىڭ ھوقۇقى ئارمىيە بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىدارە قىلىش خاراكتېرىدە ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھۆكۈمران ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بېقىندى ئەل، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر قەدەر كەسكىن بولۇۋاتقان زىددىيەتلەرنى بىرتەرەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەركىزىي ئورگاندىكى خانلىق بۇيرۇقى، قاغان بىۋاستە باشقۇرۇۋاتقان رايونلار ئىچىدە يۈرگۈزۈلەتتى. ئوڭ ۋە سول شادلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا بارغاندا قاغان ئۆزى بىۋاستە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلاتتى. قارام قەبىلە ۋە ئەللەرمۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قەرەللىك باج - سېلىق تاپشۇرۇپ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىشتەك نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان. بىراق بەلگىلەنگەن قەرەلدە باج - سېلىق تاپشۇرمىسا ياكى ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىسا جازاغا تارتىلاتتى. «يېڭى تاڭنامە . قىتانلار تەزكىرىسى»دە: «خان يىراقتىكى ئۇيغۇرلارغا بېقىنىشقا نارازى بولۇپ كەلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قاغانى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەمەلدارلىق ئۇنۋانلىرىنى بىكار قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىدى» ㊳دېيىلگەن.

**2) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى**

«ئوغۇزنامە»دە: «ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، ئېيتتىكى: «ھەي، ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم، يا بىلەن كۆپ ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن كۆپ يوللارنى كەزدىم، دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى شاد ئەيلەتتىم، تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم، ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن»㊴ دېيىلگەن.

بۇ قەدىمقى ئۇيغۇرلاردا قاغانلارنىڭ خانلىق زېمىنلىرىنى ۋە بويسۇندۇرۇلغان ئەل قەبىلە زېمىنلىرىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا، قەبىلە باشلىقلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئائىلە مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان سۇيۇرغاللىق (分封) تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. قاغان ئۆز ئېلىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن مەنسەپدارلارغا «سۇيۇرغا» بېرەتتى. «سۇيۇرغا» ئەسلىدە «سوۋغات » دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەلنىڭ بىرەر ئۆلۈشىدىن مەلۇم يەر، سۇنى دېھقان، يانچى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ «سۇيۇرغا» قىلاتتى. مۇنداق «سۇيۇرغا» قىلىنغان يەر، سۇ «سۇيۇرغال» دەپ ئاتالغان بۇ كېيىنچە تۈزۈمگە ئايلىنىپ، خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان. ئېلىمىز ئالىمى فەن ۋېنلەن(范文澜) ئەپەندىمۇ: «قاغانغا قاراشلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە باشقۇرىدىغان رايونلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئېركىن، چۇر، ئېلتەبىر ۋە تۇتۇق دېگەندەك ناملار بېرىلەتتى، قاغان ئۆزىگە قاراشلىق (بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر) ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىر نەچچە رايونغا ئايرىپ، يابغۇ ۋە شادلارنى ئەۋەتىپ ئىدارە قىلاتتى ھەم ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن تۇدۇن (نازارەتچى بەگ)تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ باج - سېلىق ئىشلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلاتتى، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تۇتۇقلىرى قوشۇمچە باج - سېلىق يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، ئۇلارغا ئايرىم تۇدۇنلار قويۇلمايتتى، قاغانىنىڭ تۆۋىنىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرزەنتلىرى ۋارىسلىق قىلاتتى»㊵ دەپ يازغان. «قاغانلىق زېمىنىنىڭ شەرقىي قىسمى تولىس رايونى دەپ ئاتىلىپ، ئۇ سول قول شادقا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن، قاغانلىق زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمى تاردۇش رايونى دەپ ئاتىلىپ، ئۇ ئوڭ قول شادقا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. ئوڭ قول سول قول شادلارغا قاراشلىق تاردۇش ۋە تۆلەس رايونىدىكى قەبىلە ئۇرۇقلارغىمۇ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن، سۇيۇرغاللىققا ئېرىشكەن قەبىلە، ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆز زېمىنىنىڭ ئەڭ چوڭ چارۋىدارى ھەم زېمىندارى ھېسابلىنىپ ئەمەلدارلىق مەرتىۋىسىگە ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلغان. »㊶ۋاھالەنكى، ئورخۇن ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

خانلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، يەرلىكتە ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىق ئايرىلماي، ھەربىي مەمۇرىي ھوقۇق بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن.

3) ئىگىدارلىق ۋە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى

(1) ئىگىدارلىق تۈزۈمى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى خۇددى تۈرك خانلىقىغا ئوخشاش خانلىقنىڭ بارلىق زېمىنلىرىغا فېئوداللىق ئومۇمىي ئىگىدارلىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغان سىياسىي جەھەتتە ئالىي ھۆكۈمدار، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىلى، جەمەت ئاقساقىلى، دۆلەتنىڭ تۇۋرۈكى ۋە سىمۋولى بولۇپ، تەڭداشسىز ھوقۇق ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغىنىدەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئالىي مۈلۈكدار ئىدى. خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى بارلىق يەر ۋە يەرگە تايىنىدىغان خەلق، تاغ ـ دەريا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، يايلاقلار، چارۋىلار، ئاھالىلەر قاغاننىڭ ئىگىدارلىقىدا بولغان بولۇپ، ئالاھىدە ھوقۇق سۇبيېكتى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەگ، ئەمەلدار، ئۇنۋانى بارلار ئەڭ تولۇق ھەق تەلەپ ھوقۇق سۇبيېكتى ھېسابلىناتتى. «قارا بۇدۇن» دەپ ئاتالغان ئادەتتىكى پۇقرالار ئازغىنە چارۋا ۋە يايلاقلىرى بىلەن سىياسىي جەھەتتىن پۇتۇنلەي بەگلەرگە بېقىنغان ئىدى. «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلام بولغان قۇللار ياكى چۆرىلەر ئاساسەن قارا خەلق(قارا بۇدۇن)لار ئىچىدىكى سۇنغانلار، يېتىم ـ يېسىرلار، ئۇرۇش ئەسىرلىرى، شۇنىڭدەك تۈرك خانلىقىدىن قېلىپ قالغان خەنزۇلار ۋە بىر قىسىم غەربىي يۇرتلۇقلار ئىدى»[42]، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە سېلىق تۆلىمىگەن، ئۇرۇشقىمۇ قاتناشمىغان، ئائىلە ئەمگىكى بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن، جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغانلار بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەرگە پۈتۈنلەي بېقىنغان. دېمەك ئاق بۇدۇن(ھۆكۈمران تەبىقە)، قارا بۇدۇن(خەلق ئاممىسى)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاھالە(بودۇن)، كەڭ خەلق ئاممىسى (بودۇن ـ پۇچۇن ياكى بودۇن ـ بوقۇن) ۋە ئەلگە تەۋە بولغان ئاھالە (ئەل ـ گۈن)نىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولغان، جۈملىدىن ئالىي ھۆكۈمران قاغاننىڭ ھامىيلىقىدا بولغان ئىدى.

(2) ۋارىسلىق تۈزۈمى

ۋارىسلىقنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئەمەل، ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلىش، قاغانلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىش، سالاھىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. «تاڭنامە» ۋە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن. قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشتا، يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادىتىدىكى كەنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ۋارىسلىق قىلىش، چوڭ خوتۇندىن بولغان چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغان. كۆپىنچە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئوغلى ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن (پەقەت ئايرىم ئەھۋاللاردىلا ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان، بەزىدە قاغاننىڭ ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى يوق ياكى ئوغلى بولسىمۇ بەك كىچىك بولغان ئەھۋاللاردا خان جەمەتى ئىچىدىن چىققان ئابرۇيلۇق دانا ۋەزىرلەر ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان). بۇ خىل ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە قاغاندىن تۆۋەن بارلىق مەنسەپلەر ئىچىدە تارقان ئەمىلى (چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن خادىمغا بېرىلىدىغان دەرىجە)دىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ۋارىسلىق قىلىش يۈرگۈزۈلگەن. «كونا تاڭنامە»دە: «ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سانى ئېنىق بولمايتتى، ھەممىسىگە ۋارىسلىق قىلىناتتى»[43] دېيىلگەن.

3) مەنسەپكە تەيىنلەشنىڭ شەرتلىرى

«قەدىمقى ئۇيغۇرلار مىلادىدىن 7 ئەسىر ئىلگىرىلا، دى، دىڭلىڭلار نامى بىلەن كۆچمەن ئەل بولۇپ تونۇلغان، چەكسىز ھۆكۈمدار قاغان دەسلەپتە قۇرۇلتاي ئارقىلىق دېموكراتىيە يولى (ئەلكۈن ۋەكىللىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى) بىلەن مەيدانغا كېلەتتى، كېيىنچە ۋارىسلىق تۈزۈمى ئورنىتىلدى. قاغان ۋە قاتۇن ئاستىدا قۇرۇلتاي ياكى بەگلەر كېڭىشى بولاتتى، قاغاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرى كېڭەش

قېلىنلاتتى»㊹. ئەمەلگە تەيىنلەشتە مەيلى دېموكراتىيە يولى بىلەن بولسۇن ياكى ۋارىسلىق قىلىنسۇن، قاغان ئەل ـ بۇدۇن ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىك، بىلىملىك، دانىشمەن شەخس بولۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا كۆپىنچە «كۆل بىلگە قاغان»، «بىلگە قاغان»، «قۇتلۇق بىلگە»، «كۈلۈگ بىلگە»(دانىشمەن قاغان، ئەقلى كۆلدەك قاغان، شۆھرەتلىك، دانىشمەن) دېگەن سۈپەت ئىسىملىرىنى قوللانغان. قاغاندىن تارتىپ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ئۆز باشقۇرۇش دائىرىسىدە كۈچلۈك قانۇنىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇرۇقداشلىق ۋە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئەمەل ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىدىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن مەنسەپ ئۇنۋانلىرىنى مىراس قالدۇرغان بولسىمۇ، بىر قىسىم ئەمەللەر چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان دەرىجە ئىدى، تارقان ۋەزىپىسىگە ئىقتىدارلىق، بىلىملىك كىشىلەر تاللاپ قويۇلغان.

«يېڭى تاڭنامە»دە، يۇسار ئىۇ «جاسارەتلىك، تەدبىرلىك ئۈستا مەرگەن ئىدى، جەڭگە باشلامچىلىق بىلەن كىرەتتى، ھۇجۇم قىلغاندا يەڭمەي قالمايتتى، يېڭىلگەنلەرنى بويسۇندۇرماي قالمايتتى»㊺، دەپ تەرىپلەنگەن. سۆكۈن: «تېكىن ئېركىن(Djiyin erkin 特建俟斤) ئىنتايىن باتۇر ھەم پەم ـ پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، تۈركلەرگە قارشى ئورغۇن قېتىم غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلغان، ئۇنىڭ ئايالى ئۇرقۇن قاتۇنمۇ كەسكىنلىك ۋە پەم ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، قوۋملار ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قەتئىيلىك بىلەن تىنچىتىپ، تۈركلەرگە قارشى يېڭى ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىنى چىڭىتقان»㊻ دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى يۇسار ـ ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم شەخس ھېسابلىنىدۇ. سۆكۈن ئېركىن ئۆلگەندىن كېيىن پۈتۈن قەبىلىلەر ئورتاق ھالدا ئۇنى خانلىققا سايلىدى㊼. «تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىلىرىنى «ئېركىن»، «ئېلتەبىر» دەپ ئاتايتتى. «ئىچ بۇيرۇق» بىلەن «تاشقى بۇيرۇق» (ۋەزىرلەر) ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ئادەتتە ئېركىن، ئېلتەبىر ۋە قاغان جەمەتىدىن شۇنداقلا ئۇلارغا قانداشلىقى بولغان ئۇرۇق قەبىلىلەر ئىچىدىن تاللىنىپ تەيىنلىنەتتى. ئوڭ قول شاد، سول قول شادلارمۇ قاغان جەمەتىدىن ياكى قاغان جەمەتىگە يېقىن باشقا ئۇرۇق- قەبىلىلەرنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىدىن تاللاپ قويۇلغان، قاغان يايلاقلارنى ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە بۆلۈپ بېرەتتى ھەم ئۇلاردىن باج ـ سېلىق ئالاتتى㊽.

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىدا ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار بىلىملىك، ئىقتىدارلىق بولۇشتىن باشقا يەنە جەسۇر، قەيسەر، پەم ـ پاراسەتلىك، باتۇر بولۇشتىن ئىبارەت پەزىلەت ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇلغان. دېمەك بەگلەر كېڭەشىدىن ئىبارەت قۇرۇلتاي شەكلىنى قوللىنىش، تۆھپىكار، ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ھوقۇققا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن خانلىق ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىرلىشىپ ئورتاق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك مۇجەسسەملەنگەن مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى شەكىللەنگەن ھەمدە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، سايلاش، باھالاش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت مەمۇرىي قانۇن ـ قائىدىلەر ئورنىتىلغان.

## ئىزاھلار


[1]«马克思恩格斯全集» 第一卷，人民出版1956年版，第479页.

[2] 任一飞: «ئۇيغۇرلار»[M]، ياسىن ھوشۇر تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2014 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 14 ـ بەت.

[3] ««24تارىخ»تىكى ‹غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار. يېڭى تاڭنامە›» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاي(ئۇيغۇرچە) نەشرى، 561 ـ بەت.

[4] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى9 ـ ئاي نەشرى، 25 ـ بەت.

[5] ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى4 ـ ئاي نەشرى، 32 ـ بەت.

[6][7] [30][45] ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى،

www.uyghurkitap.com



124-، 125-، 126 ـ بەتلەر)

[8][11]مەخمۇت ئابدۇۋەلى: «شىنجاڭ تەزكىرىسى»[J]، 1999 ـ يىلى 1 ـ سان، 19-، 20 ـ بەتلەر.

[11][40]耿世民 : «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»[M]، تۇرسۇن ئايۇپ تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980- يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 61 ـ بەت (370 ـ قۇردىن 376 ـ قۇرغىچە).

[12]«تېرخىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ غەربىي يۈزى 6-، 9 ـ قۇرلىرى، شىمالىي يۈزى 10 ـ قۇردىن 15 ـ قۇرلىرىغىچە.

[13][14][15][20][23][24][28][32][37][38][39][42][44] ئەھمەت سۇلايمان: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى11 ـ ئاي نەشرى، 172-، 174-، 182-، 187-، 189-، 190-، 196-، 197 ـ بەتلەر.

[16][46][48] [49]任一飞 : «ئۇيغۇرلار»[M]، ياسىن ھوشۇر تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2014 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 14-، 15-، 16 ـ بەتلەر.

[17][34][35] ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار »[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى4 ـ ئاي نەشرى، 36-، 42-، 43 ـ بەتلەر.

[18]«مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرقىي يۈزى 19 ـ قۇر.

[19] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(3 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 41 ـ بەت.

[21]«مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ غەربىي يۈزى 19 ـ قۇر.

[22]«كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرقىي يۈزى 13-، 14 ـ قۇرلىرى.

[25]林幹 : «تۈرۈك تارىخى»[M]، يۇنۇسجان ئەلى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى 366 ـ بەت.

[26] 钱伯泉：«新疆民族史»，新疆人民出版社， 1996年出版，第132页.

[27] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»(1 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 539-، 540 ـ بەتلەر.

[29] 杨圣敏： «回纥史» 吉林教育出版社1991 年出版. 第108页,第109页

[31] خەن رۇلىن: «ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى»، « تۈركلەر ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1 ـ قىسمى، 429 ـ بەت.

[33][36]ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 485-، 486 ـ بەتلەر.

[41] 范文澜：«中国通史吉林出版集团有限责任公司»，2014月10版，第四集，第74页.

[43] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 204 ـ بەت.

[47] نۇرۇللا مۆمىن يۈلغۈن: «غەربىي يۇرت تارىخىدىكى خاقانلار»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 14 ـ بەت.

## پايدىلانمىلار


1. 蒲坚：«中国古代行政法»，北京大学出版，2007 年 2 月第二版

2. پۇ جەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مەمۇرىي قانۇنى»[M]، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى.

3. ئابلەت نۇردۇن: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.

4. ئەركىن ئارىز، ئەرخان ئايدىن: «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەر»[M]، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.

5. خۋا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئادىل ئايۇپ**

ماقالە نومۇرى: 05 ـ 017 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى جىنس نۇقتىسى*

ئابدۇسالام شۈكۈر نوھ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: گۈلجامال مەمتىمىن خانىمنىڭ «ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئاياللار مەسىلىسى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن تۇنجى يىرىك تەتقىقات نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە مەزكۇر كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنى، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى، ئىلمىيلىكى، تەتقىقات قىممىتى ھەم ئەھمىيىتى قاتارلىق نۇقتىلار يورۇتۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: گۈلجامال مەمتىمىن؛ فېمىنىزم ؛ جىنس

**摘要**：古丽加玛力·买买提明副教授的专著《关于维吾尔女性主义文学》是把维吾尔文学从女性主义角度探讨的首部研究成果。本文讨论此专著的内容结构、思想与文化来源，提出专著的学术型及其研究价值等方面的看法。

**关键词**：古丽加玛力·买买提明；女性主义；性别

**Abstract:** The book “Uyghur Feministic Literature” which is written by associate professor Guljamal Mamtimin, can be seen as the first book that studies gender perspective. This paper studies the structure, content, main idea and cultural resources of the very book and highlights its academic role and research value.

**Keywords:** Guljamal Mamtimin; feministic literature; gender

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I712    ماتېرىيال بەلگىسى: A

مودېرنىزم نەزەرىيەلىرىدىكى نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلار سالاھىيەت، سۇبيېكت ياكى ئۆزلۈكنىڭ رولى ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ. ئەدەبىيات ئەزەلدىن سالاھىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، لېكىن سالاھىيەتنى ئىپادىلەش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە شەخس ۋە كوللېكتىپ، رايون ۋە مىللەت، دۆلەت ياكى دەرىجىدىن تاشقىرى ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تورى بارغانسېرى زىللىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، مەلۇم ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي كوللېكتىپ ئىچىدىكى شەخسنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئۇنى تونۇش بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتى. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سىنىپىيلىكى ھەققىدىكى نەزەرىيەلەر مۇشۇ نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىياتنىڭ پەقەت سالاھىيەت ئەمەس، بۇ خىل سالاھىيەتنىڭ جىنس رولىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى ئەدەبىياتنى تېخىمۇ رەڭدارلىق ۋە جەزبىدارلىقتا ئىگە قىلغان نۇقتا بولسا كېرەك.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى گۈلجامال مەمتىمىننىڭ «ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا» (ــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاياللار تەسۋىرى ۋە ئاياللىق ئاڭ)[1] ناملىق كىتابى بىزنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىز، چۈشىنىشىمىز ۋە بىلىشىمىزنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاۋاتقان يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە بىر كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزكۇر كىتاب يەنە بىر خىل زامانىۋى ئەدەبىيات ئېڭى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدىكى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلىنىۋاتقانلىقىدەك يورۇق بىر نۇقتىنى ئەسكەرتىدۇ.

20 ـ ئەسىر ئەدەبىيات ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە تەتقىقاتلار ئەڭ كۆپ مەيدانغا كەلگەن ۋە گۈللەنگەن ئەسىر بولدى. جەمئىيەتشۇناسلىق، سىياسىي، مەدەنىيەت

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇسالام شۈكۈر نوھ (1971 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. فېمىنىزملىق ئەدەبىيات تەتقىقاتى دەل غەرب مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىكى ئەدەبىيات ئېڭىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەلىرىنىڭ كونكرېت «ئادەم» (ئايال) گە بولغان چۈشىنىشى ۋە تەتقىقاتىدىن شەكىللەنگەن نەزەرىيەۋى ئېقىمدىن ئىبارەت. 20 ـ ئەسىر غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيە تارىخىنى فېمىنىزملىق نەزەرىيە ۋە تەتقىقاتتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ غەرب مەدەنىيەت كونتېكىستىدىكى يەشمىچىلىك تەنقىدچىلىكىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ نەزەرىيەۋى ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىنكى تەنقىدچىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىدىيەۋى قورالىغا ئايلانغان. بۇ دەۋردە ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى «يېرىم دۇنيا» بولۇپلا قالماستىن، فېمىنىزملىق ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ غەرب ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىدىكى «يېرىم دۇنيا» غا ئايلاندى.

دوتسېنت گۈلجامال مەمتىمىننىڭ «ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق مەخسۇس تەتقىقات كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ ئالدى بىلەن غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەلىرىنى ئۆگىنىش، تەتبىقلاش، ئۆزلەشتۈرۈش يولىدىكى بىر قېتىملىق يېڭى سىناقنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. گەرچە ئەدەبىياتىمىز 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىزچىللىق شەكىللەنمىگەن. ئىزچىللىقنىڭ بولماسلىقى كۆلەمنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن تەتقىقات تېمىلىرى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات مەسىلىلىرىگە تەتبىقلاش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلمىغان. ئايرىم ساندىكى يېڭىچە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى مېتودلىرى بىلەن يېزىلغان ماقالىلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، نەزەرىيە مەنبەسى ۋە تەتقىقات مېتودى شەرھشۇناسلىق ۋە يەشمىچىلىك ئۇسۇلى بويىچە ئېنىق، كونكرېت، تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلمىغاچقا، تەسىرى بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا چەكلىنىپ، نەزەرىيەۋى بىلىمنىڭ قىممەتكە ئايلىنىش نىسبىتى يەنىلا تۆۋەن بولغان.

«ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەر نەزەرىيەۋى ئۈستىنىنى خېلىلا مۇستەھكەم كىتاب بولۇپ، ئاپتور بىراقلا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزلۈكىنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەدەبىياتتا نامايەن قىلىنىشىدىن ئىبارەت رېئال ۋە جەلپكار مەسىلىنى ئەمەس، ئالدى بىلەن غەرب مەدەنىيەت كونتېكىستىدا بارلىققا كەلگەن، كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ «ئايال» جىنسىغا كونكرېت تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا زېرىكەرلىك ھەتتا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىمىز ئۈچۈن خېلىلا رادىكال ھېسابلىنىدىغان «ئەجنەبىي» نەزەرىيەلەرنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇشتىن باشلايدۇ. بۇ خىل كىتاب يېزىش ئۇسۇلىنى يەشمىچىلىك ياكى شەرھشۇناسلىق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بۇ يەردىكى يەشمىچىلىك يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان يەشمىچىلىك تەنقىدى ياكى تەتقىقاتى ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەققىدە ئېيتىلىۋاتقان ئوخشىتىش. بۇ مەنىدىن ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىمۇ ئۇنىڭ جىنس خاراكتېرىنى ئىزدەپ بېقىشقا بولامدىكىن دەپ قارايمەن. دوتسېنت گۈلجامال مەمتىمىن خۇددى يىپقا مارجان تىزىش شەكلىنى قوللانغان بولۇپ، ئالدى بىلەن فېمىنىزم ئەدەبىياتىنىڭ غەرب مەدەنىيەت ۋە سىياسىي كونتېكىستىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە يەككە ئىپادىلىرىگىچە بىر ـ بىردىن زېرىكمەي ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل خۇددى يىپنىڭ چىگىشىنى يەشكەندەك سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك يەنە مۇئەييەن جاھىللىقنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

مەن دەرسخانىدا ئىزچىل «فېمىنىزم ئەدەبىياتى» ئاتالغۇسى ھەققىدە «ئاياللار مەسىلىكى ئەدەبىياتى» دەپ چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى خاراكتېرىغا تېخىمۇ توغرا، ئېنىق تەبىر بېرەلىشىم مۇمكىن. «ئاياللار مەسىلىكى ئەدەبىياتى»

ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىن ئاياللار مەسىلىسىنى ئىزدەيدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. گۈلجامال مەمتىمىننىڭ «فېمىنىزم»دىن ئىبارەت فىرانسۇزچە ۋە لاتىنچىدىن تۈزۈلگەن بۇ چۈشىنىكسىز ئاتالغۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي، ئاياللىق سۇبيېكتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ئېستېتىكىسىدىن ئىبارەت بىلىش نەزەرىيەسىدە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىنى ئېنىقلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى ۋە نەزەرىيەۋى ئېيتىم سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقالىشى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ.

فېمىنىزم ئەدەبىياتى تەتقىقاتى غەربنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىدە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا دۇنياۋى ئەدەبىيات ئېقىمى ۋە نەزەرىيەسىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ غەربنىڭ ۋە شەرقنىڭ، جەنۇبنىڭ ۋە شىمالنىڭ، ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ، تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ دىيالوگلىشىشىدەك كۆپ خىل مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. ئەگەر بۇ خىل دىيالوگنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇق ۋە كۆلەمگە يېيىلغانلىقىنى ئەسەنچلىك تەسۋىرلەپ بەرمىگەندە ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيەسى ئىكەنلىكى، ئىدراكىي، لوگىكىلىق ھالدا ئاياللار مەسىلىكى يېزىقچىلىقىنىڭ ئالاھىدە ئېيتىم سىستېمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تەشكىللەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش خېلىلا قىيىنغا توختايدۇ. مەزكۇر كىتابتا ئاپتور بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەدەبىيات تارىخى يېزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، فېمىنىزم ئەدەبىياتى تارىخىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

غەرب فېمىنىزملىق ئەدەبىيات تارىخى ئۇزۇن بىر تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇيغىنىشىدىن ئىلگىرى ئاياللار مەسىلىكىنىڭ غەرب مەدەنىيەت ياكى ئەدەبىيات ئەندىزىسىدە ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى. 17 - 18 - ئەسىرلەر غەرب ئەدەبىياتىدا ئاياللار پەقەت مەسخىرە ۋە كىنايە ئوبيېكتى بولغان؛ 19 - ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاياللار مەسىلىكى ئىدىيەلىرى غەرب ئەدەبىياتىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش دەۋرىگە كىردى؛ 20 - ئەسىردىلا فېمىنىزم غەربتە ئالتۇن پەسلىنى كۈتۈۋالغان بولۇپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن سالاھىيەت ۋە جىنس ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى فېمىنىزمدىن ئىبارەت بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تېزلەتتى. مەزكۇر كىتاب غەرب فېمىنىزم تەرەققىياتىنى بايان قىلىشتا توغرا كەسمە يۈزلۈك بايان ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، 20 - ئەسىرنى يەنى فېمىنىزمنىڭ نەزەرىيە بولۇپ شەكىللىنىش باسقۇچىنىلا يازغان، گەرچە بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلى تېز، بىۋاسىتە، دەللىككە ئىگە بولسىمۇ، مەزكۇر كىتابنىڭ 2 - بابى «ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى» ۋە 3- بابى «8 - 19 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى» بىلەن مەزمۇن ۋە قۇرۇلما تەكشۈكسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

گەرچە ئاپتور جوڭگو فېمىنىزم ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرلىكتە خەنزۇ فېمىنىزم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەزكۇر نەزەرىيە ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، جوڭگو كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئۈستىدە فېمىنىزملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئۇچۇر بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا جوڭگو فېمىنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلىشقا بېخىللىق قىلغان.

فېمىنىزم ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى 20- ئەسىردە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بۇ خىل بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ، مەسىلەن، جوڭگو ئەدەبىياتىدىمۇ ئالدىنقى چىن ۋە خەن دەۋرى ئەدەبىياتى پۈتۈنلەي ئەرلەر ئەدەبىياتى دەۋرى ياكى ئاياللىق سالاھىيەتنىڭ يۇرملىنىش دەۋرى؛ مىڭ، چىڭ دەۋرىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاياللىق سالاھىيەتنىڭ ئويغىنىش دەۋرى؛ مىنگو دەۋرىنى ئاياللارنىڭ ئەرلەر دۇنياسىغا كىرىش دەۋرى؛ «4 - ماي» ھەرىكىتىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە يېڭى ئاياللارنىڭ بارلىققا كېلىش دەۋرى؛ ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىللىق ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئەدەبىياتى دەۋرىنى ئەرلەشكەن ئاياللار دەۋرى؛ 80 -، 90 - يىللارنى ئاياللىق ئېڭى ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر دەۋرى؛ يېڭى ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرنى كۆپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قۇتۇپلىشىش دەۋرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

دوتسېنت گۈلجامال مەمتىمىن ئۇزۇن يىللىق كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەتقىقاتچىسى، «ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىيات تارىخى»نى يازغاندا ئۆزىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى جارىي قىلدۇرۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. يېقىندا بىز تىلغا ئالغان ئىككى باپ دەل كەسپىي ئارتۇقچىلىقىنى كېلىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى ئوقۇش ئادىتىمىز بويىچە تەھلىل قىلىشقا ئادەتلەنگەن تېكىست ۋە مەزمۇنلارنىڭ يېڭىچە كۆزىتىش نۇقتىسىدا ئاجايىپ ئۆزگىچە، كىشىنى لال قىلىدىغان، ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تەھلىل قىلىنىشى تەبىئىي ھالدا مەزكۇر تەتقىقات، تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ بۆشۈكى بولغان غەرب ئەدەبىياتىنىڭ فېمىنىزملىق ئەدەبىيات تارىخى ياكى كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ فېمىنىزملىق ئۇسۇلدا شەرھلىنىشىگە قىزىقىش تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىدۇ.

دوتسېنت گۈلجامال مەمتىمىن ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بىر پۈتۈن يورۇتۇپ بېرىشكە خېلى كۈچىگەن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىن تارتىپ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى نادىر ئەسەرلەر ۋە ئاپتورلار ھەققىدە خېلىلا چوڭقۇر فېمىنىزملىق تەنقىد يۈرگۈزگەن. ئاپتورنىڭ ئېلىپ بارغان تەنقىد شەكىللىرى كۆپ خىل، تېكىستنىڭ دەۋرچانلىقى، مەزمۇنى، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى شۇنداقلا تېكىست ئاپتورلىرىنىڭ جىنس سالاھىيىتى، مەدەنىيەت ۋە پسىخىك ئارقا كۆرۈنۈشىگە ماسلاشقان بولۇپ، ئىدراك ۋە ھېسسىيات مەسىلىلىرى تەنقىد قىلىنغان لىبېرالىزملىق فېمىنىزم، جامائەت ۋە شەخس مەسىلىلىرى تەنقىد قىلىنغان ئىجتىمائىي فېمىنىزم، تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرى تەنقىد قىلىنغان رادىكال فېمىنىزم، روھ ۋە تەن مەسىلىلىرى تەنقىد قىلىنغان مەدەنىيەت فېمىنىزمى، ئوبيېكت ۋە سۇبيېكتنىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىقى ۋە بىرلىكى تەنقىد قىلىنغان پسىخىك ئانالىز فېمىنىزمى قاتارلىق فېمىنىزملىق ئېقىملار يېڭى، ئۆزگىچە تەنقىد سىستېمىسى ۋە تەنقىد مېتودى ۋە ئېيتىمىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىمىزدىكى ئىنسانىي ئاڭ، ئاياللىق ئېڭى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەردىن بۈگۈنكى ئاياللىق ئېڭىنىڭ پارتلىشىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ناھايىتى مۈشكۈل خىزمەت. «ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق مەزكۇر تەتقىقات كىتابىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئۇتۇقى شۇكى، ئۇ خۇددى پەلسەپە تارىخى كىتابلىرى بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە تارىخىنى بايان قىلىپ بەرگىنىدەك، ئەدەبىيات تېكىستلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ ئىدىيە تارىخىنى ئەدەبىيات مىساللىرى ئارقىلىق ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە بۇ خىل ئىدىيەۋى قاراش ئىككىنچى جىنسنىڭ نۇقتىسىدا، ئىككىنچى جىنس مەركەزچىلىكىدە يېزىلغان بولسىمۇ. شۇنى تەن ئالمىساق بولمايدۇكى، بىزنىڭ ئەدەبىي تېكىستنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىشىمىز قېلىپلاشقان، قاتمال ئىدىيەلەرنىڭ قورشاۋىدا ئاللىقاچان ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان. ئاپتور كىتابىدا يازغاندەك «ئوغۇز خاقان ۋە ئۇ ئۆيلەنگەن ئىككى ئىلاھىي قىز ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك يوق، بىز يېرىم ئادەم، يېرىم ھايۋان ئوغۇزخاننى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئەسلىدىنلا ئىلاھىي بولغان قىزلارنى بويسۇندۇردۇق»[2]. گەرچە بۇ خىل يەشمىچىلىك ئۇسۇلى فېمىنىزملىق تەنقىد نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىدىكى پىكىر تېپىزلىقىنى غىدىقلىشى تەبىئىي.

تېكىستنى خاتا ئوقۇش، يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسىنى بۇرمىلاش ياكى خاتا چۈشىنىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر تەنقىدچىلىكىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنىڭ بىرى. گۈلجامال مەمتىمىنىنىڭ زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى مۇھەببەت ئۈچۈن دەپ ئىزاھلىشى زوردۇن سابىرنىڭ ئىدىيەسىگە ماسلىشىدۇ. مېنىڭ قارىشىمدىمۇ گۈزەلئاي ئەلا ئوبرازىغا قارىغاندىمۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل يارىتىلغان ئوبراز بولۇپ، ئۇ گەرچە ئەلادەك باش قەھرىمان بولالمىسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت تارىخىدا فېمىنىزملىق ئىدىيە تىندېنسىيەسى ئىپادىلەنگەن ئەڭ مۇكەممەل ئوبرازلىرىنىڭ بىرى[3]. دېمەك گۈلجامال مەمتىمىنىنىڭ فېمىنىزملىق ئەدەبىي تەنقىد مېتودى يېڭى

شۇنداقلا ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان بولۇپ، ئۇ بىزگە تارىختىن بۇيانقى ئايرىم ئىدىيە تارىخىمىزنى تەسۋىرلەپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە بىزنىڭ يېڭى ئىدىيە، تەپەككۇر بوشلۇقىغا ئۆرلىشىمىزگە ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.

كىتابتا بۇ خىل فېمىنىزملىق تەنقىد مېتودى ۋە پىكىر نۇقتىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن ئەدىبىي، ئەسەر ۋە كىتابخان مۇناسىۋەتلىرى شۇنداقلا تېكىست قاتلىمىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ـ فولكلورلۇق، بەدىئىي ئېستېتىك مەسىلىلەر خېلىلا نۇرغۇن. فېمىنىزملىق تەنقىد ئالدى بىلەن بىر خىل بىلىش نەزەرىيەسى. ئۇ بىزنىڭ دۇنيا قارىشىمىزغا غەلىتە، يېڭى ۋە ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى سۇنىدۇ: ئۇ ئەرلەر مەركەزچىلىكىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تەنقىد يۈرگۈزۈپ، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ ئەرلەر ھوقۇقى ئېگىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئەدەبىياتتىكى ئاياللىق ئېڭى ھەققىدە ئىزدىنىش، ئاياللار ئوبرازىنى ياخشىلاش، ئاياللارنىڭ يېزىقچىلىقتىكى ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ ئەرلەر مەركەزچىلىكىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىيات تارىخىغا قايتا باھا بېرىدۇ؛ ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىپ، ئوقۇرمەنلەر سۇبيېكتىنىڭ جىنس ئېڭىنى كۈچەيتىدۇ؛ جىنس ئايرىمىسىغا ئاساسەن سېلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزىدىغان جىنس نەزەرىيەسى تۇرغۇزۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەك «ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتاب بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات چۈشەنچىمىزنىلا ئەمەس، ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە ئېڭىمىزنى چۈلغىۋالغان خىرىس ۋە پۇرسەتلەرنى سۇنۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا گۈلجامال مەتنىمىننىڭ بۇ ئەمگىكى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ جۈرئىتى ۋە غەيرىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

فېمىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىنىڭ 20 ـ ئەسىر غەرب دۇنياسىنىڭ مودېرنىزم باسقۇچىدىن كېيىنكى مودېرنىزمغا ئۆتۈشتىكى نەزەرىيەۋى بىلىملەرنىڭ جۇغلىنىشى ۋە ئىجتىمائىي قىممەتلىنىشىدىكى رولى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدە ئۇنىۋېرسال خاراكتېر ئەندىزە تەنقىدچىلىك خاھىشى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. «كۈنىمىزدە شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز بىر تۈرلۈك يېڭى، ئاممىۋىلىققا ئىگە ئەدەبىيات تارىخى ۋە تەنقىدى، ئۇ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئەدەبىيات تەجرىبىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشى ۋە بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئەدەبىيات بىلىشىمىزگە پۈتۈنلەي يېڭى بىر ئىنقىلاب ئېلىپ كېلىشى كېرەك»[4].

دېمەك، فېمىنىزملىق ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە تەنقىدچىلىكىدە پەقەت جىنسىنىڭ ئايرىمىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە تەكىتلەش يېتەرلىك بولمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئاياللىق ئېڭىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مېنىڭچە مەزكۇر كىتاب بىزگە ئەدەبىياتنىڭ جىنس نۇقتىسىنى ئەمەس بەلكى ئاياللىق ئېڭىنىڭ يېتىلىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى بىلەن تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر.

## ئىزاھلار

[1] گۈلجامال مەتنىمىن: «ئۇيغۇر فېمىنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 8- ئاي 1 ـ نەشرى، 2013 ـ يىلى 4- ئاي 1 ـ بېسىلىشى.
[2] يۇقىرىقى كىتابنىڭ 2- باب 3- پاراگراف ««ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئاياللار تەسۋىرى ۋە ئايال ئوبرازلارنىڭ چەتلەشتۈرۈلۈشى»، 68 ـ 80 ـ بەتلىرى.
[3] يۇقىرىقى كىتابنىڭ 5- باب 1- پاراگراف «زوردۇن سابىرنىڭ فېمىنىزملىق خاھىشتىكى ئەسەرلىرى»، 312- 316 ـ بەتلىرى.
[4] 张首映.西方二十世纪文论史[M]，北京大学出版社，1999年11月第1版.

## پايدىلانمىلار

1. 刘思谦等著：文学研究：理论方法与实践，河南大学出版社，2004 年 2 月第 1 版.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 06 - 022 - 02(2016) 5878 - 1005

# كۇلتۇر چەمبىرىكى نەزەرىيەسى ۋە لەقەم كۇلتۇرىنىڭ قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا ساقلىنىش سەۋەبى*

ساۋۇت پاۋان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** لەقەم شىنجاڭ قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ھەم ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان كۇلتۇر ھادىسىسى. تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئىزچىل ھالدا كۆپ خىل كۇلتۇرنىڭ گىرۋىكىدە ياشاپ كەلدى، بۇ خىل ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيەۋى ۋە كۇلتۇر مۇھىتى ھامان ئۇلارنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ساقلاپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى. بۇ ماقالىدە، كۇلتۇر ئىنسانشۇناسلىقىدىكى كۇلتۇر چەمبىرىكى نەزەرىيەسى ۋە نيۇتوننىڭ مېخانىكا نەزەرىيەسىگە تەتبىقلاپ، لەقەم كۇلتۇرىنىڭ قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا ساقلىنىشىدىكى سەۋەب ھەم ئۇنىڭ توپنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىشتىكى رولى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** لەقەم؛ قومۇل ئۇيغۇرلىرى؛ لەقەم كۇلتۇرى؛ توپنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى

**摘要：** 绰号是新疆哈密维吾尔人当中普遍存在的并且在他们的社会生活中起极为重要作用的文化现象。对它的存在原因、社会功能等问题，学者们已提出多种见解。然而，哈密维吾尔人一直处于多种文化圈的边缘地带，这种特殊的地理与文化环境总是促使他们保持较强的凝聚力。本文将运用文化人类学的文化圈理论和牛顿的力学理论，探讨绰号文化在哈密维吾尔人中存在的原因及其在增强群体凝聚力方面的作用。

**关键词：** 绰号；哈密维吾尔人；绰号文化；群体凝聚力

**Abstract:** Nicknames are prevalent cultural phenomena among Kumul Uyghurs and play crucial roles in their social lives. Scholars have been raised various ideas on their existence and social functions. However, Kumul Uyghurs have been living on the edge of many culture cycles, and the special geographical and cultural environments push them to maintain much more strong cohesiveness. With the help of culture cycle theory and the Newtonian theory, this paper discusses the reasons of existence of the nickname culture among Kumul Uyghurs and their roles on strengthening group cohesiveness.

**Keywords:** Nicknames; Kumul Uyghurs; nickname culture; strengthening group cohesiveness

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H03        ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مۇقەددىمە

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى قىزغىنلىقى گەرچە ھازىر خېلىلا پەسەيگەن بولسىمۇ، ئەمما بىزنى ئۆز كۇلتۇرىمىزنى قايتىدىن تونۇشىمىزغا پايدىلىق نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى[1]. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ لەقىمى ئىدى. ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ 2002 - يىلى 6 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كېرىيە ناھىيەسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقىمى دائىم فامىلە شەكلىدە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىكەن. بۇ خىل ھادىسە شەرقىي شىنجاڭدىكى قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ

* بۇ ماقالە 2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندى ئالاھىدە چوڭ تۈرى«ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك بىلىملىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە تەتقىقات» (نومۇرى: 13&ZD145) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى

ئاپتور: ساۋۇت پاۋان (1968 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان) دوكتور، دوتسېنت، شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى، كۇلتۇرى ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

گەۋدىلىك ئىكەن. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا تارقالغان ۋاقتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ. قومۇل رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ قومۇل رايونىغا تارقالغان ۋاقتى 15 - ئەسىر بولۇپ، قەشقەر رايونىدىن بەش ئەسىر كېيىن، شۇڭا ئەرەب، پارس كۇلتۇرىنىڭ يەرلىك ئەنئەنىۋى كۇلتۇرگە بولغان تەسىرىمۇ بىرقەدەر كېيىن. بۇ تارىخىي پاكىت بىلەن قومۇل ئۇيغۇرلىرى ساقلاپ قالغان قىسمەن قەدىمكى ئۇرۇق ناملىرىنى فامىلە قىلىش ئەنئەنىسىنى ھەمدە جەمەت لەقىمى ئارقىلىق قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەشتەك كۇلتۇر ھادىسىسىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئەمما بىز ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەرەبلەرگە نەزەر سالساق، ئۇلاردا ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن ئۇرۇق، قەبىلە تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئامىل بىزنى قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەم كۇلتۇرىنى چۈشىنىشتە باشقا يول ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

قومۇل ئۇيغۇرلىرى مەلۇم بىر جەمەتنىڭ ئەزاسىنى تىلغا ئالغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ لەقىمىنى ئەسكەرتىپ ئاندىن ئىسمىنى ئاتاشنى ئاددىي تەرتىپكە ئايلاندۇرۇۋالغان. قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەم ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى بۇ خىل ئادەتنىڭ قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[2]. شۇڭا لەقەم پۈتكۈل جەمەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولۇپ، جەمەتنىڭ فامىلىسى خاراكتېرىگە ئىگە. قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەم ئادىتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۆزىگە خاس ئىپادىسىنى تاپقان. ناۋادا بىز كۇلتۇر ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيەسىگە قارايدىغان بولساق، بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىكى نۇرغۇن سەۋەبلەرنى بايقىيالايمىز. ئالدى بىلەن، قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەم ئادىتى ناھايىتى روشەن كۇلتۇر مەزمۇنىغا ئىگە، ئۇ قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەۋى ئورنى، ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە كۇلتۇر مۇھىتى ياكى كۇلتۇر چەمبىرىكى (culture cycle) نەزەرىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ياكى جەمەت تامغىسى (kindred symbol) غا بولغان ئۆزلۈك تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن سىرت، لەقەم كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگە بولۇپلا قالماي، يەنە جەمەتنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىچىدۇر. ماقالىدە كۇلتۇر چەمبىرىكى نەزەرىيەسىگە تەتبىقلاپ، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىنى ساقلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەمنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى، لەقەمگە بولغان ئۆزلۈك تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق مەسىلەر كېيىنكى تەتقىقاتلاردا تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 2. كۇلتۇر چەمبىرىكى نەزەرىيەسى

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆزىتىلگەن ئاتالمىش ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرى ۋە ئېتىقادلىرىدىكى يېقىنلىقنى چۈشەندۈرۈش بولدى. ھەرقايسى جايلاردا ياشىغان خەلقنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولغاچقا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانمۇ ياكى ئۇلاردىكى ئوخشاش رەسىم - قائىدىلەر ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئوخشاشلىقنىڭ كۇلتۇر تارقىلىشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەمدۇ؟ بەس مۇنازىرە قىلىنغىنى ئىنسانلار تەرەققىياتى يەنى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىن نىسبەتەن يۇقىرى ھالەتكە تەرەققىي قىلىش جەريانى ئىدى[3].

كۇلتۇر تەرەققىياتىغا ئائىت بىرقانچە ئاساسلىق نەزەرىيەلەرنىڭ بىرى تارقىلىش نەزەرىيەسى (Diffusionism) بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان كۇلتۇرنىڭ تارقىلىش ياكى تارقىتىش ھادىسىلىرىنى ئالاھىدە مۇھىم دەپ قارايدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا

www.uyghurkitap.com



گېرمانىيە كۇلتۇر تارقىلىش نەزەرىيەچىلىرى «كۇلتۇر چەمبىرىكى (Kulturkreise)» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نەزەرىيە مەلۇم كۇلتۇر ئالاھىدىلىكى بەلگىلىك بىر رايوندا تەدرىجىي شەكىللەنگەندىن كېيىن قوشنا جەمئىيەتلەرگە تارقىلىدۇ، دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ. كۇلتۇر چەمبىرىكى نەزەرىيەچىلىرىنىڭ مۇددىئاسى كۇلتۇر ئالاھىدىلىكىنىڭ مەنبەسى ھەمدە ئۇنىڭ باشقا جەمئىيەتكە تارقىلىش ئىزلىرىنى قىدىرىش ئىدى. ئۇلار كۇلتۇر ئالاھىدىلىكىنىڭ مەنبەسىنى بېكىتكىلى، شۇنداقلا بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى سىزىپ چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ[4].

«كۇلتۇر چەمبىرىكى» نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم تەرغىباتچىلىرىدىن بولغان فرىتس گرەبنېر (Fritz Graebner) (1877–1934) بۇ نەزەرىيەنى پۈتۈن دۇنياغا تەتبىقلاپ، دۇنيانى تارىختا باغلىنىشلىقى بولمىغان يەتتە كۇلتۇر چەمبىرىكىگە ئايرىغان[5]. گرەبنېرنىڭ بۇ ئۇسۇلى كېيىنكى دالا تەتقىقاتى ئۈچۈن غىدىقلاش رولىنى ئويناپ، كۇلتۇر تارىخشۇناسلىقى ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

گېرمان پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس شۇنداقلا ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فرانس بوئاس (Franz Boas) كۇلتۇر چەمبىرىكى نەزەرىيەسىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ باردى. بىراق بوئاس ۋە باشقا ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناسلار كۇلتۇر چەمبىرىكى نەزەرىيەسىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ئوخشاش بولمىغان كۇلتۇر ئارىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تارقىلىش نەزەرىيەسى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوقاتتى، يەنىلا ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىقىدىكى كۇلتۇر ئۆزگىرىشىنى ئىزاھلايدىغان مۇھىم نەزەرىيە بولۇپ، فۇنكسىيە نەزەرىيەسى ۋە قۇرۇلما نەزەرىيەسى بىلەن بىرگە ھازىرقى زامان ئانتروپولوگىيەسىدىكى تۈپ نەزەرىيەنى تەشكىل قىلدى.

### 3. قومۇل رايونىغا تەسىر قىلغان ھەرقايسى «كۇلتۇر چەمبىرەكلىرى»

قومۇل رايونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، مىلادىيەدىن 20 ئەسىر ئىلگىرىلا ھەر خىل تىپلارغا مەنسۇپ خەلقلەر بۇ بوستانلىقتا ياشىغان ئىدى[6]. قومۇل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، «غەربىي يۇرتنىڭ كېكىردىكى» دەپ قارالغان. شۇڭا، قومۇل بوستانلىقى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا نۇرغۇن قەبىلە ياكى قەۋملەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان. ھونلار، خەن سۇلالىسى، تۈركلەر، سۇي سۇلالىسى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، تاڭ سۇلالىسى، تۇبۇتلەر، مىڭ سۇلالىسى، جۇڭغارلار، چىڭ سۇلالىسى قاتارلىق كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئىتائەت قىلدۇرغۇچى سالاھىيىتى بىلەن قومۇل تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغان. بۇ جەريان ئوخشاشلا ھەر خىل كۇلتۇرنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇش ياكى ئۆزئارا يەكلەش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى ھاكىمىيەت ياكى مىللەتلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا كۇلتۇرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۇلتۇرى، ئالتاي يايلاق كۇلتۇرى، ئىسلام كۇلتۇرى قاتارلىق كۆپ خىل «كۇلتۇر چەمبىرىكى» گە مەنسۇپ بولغان كۇلتۇرلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

قەدىمدىن ھازىرغىچە قومۇل بوستانلىقىغا توختاۋسىز سىڭىپ كىرىۋاتقان شەرق كۇلتۇرى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۇلتۇرى چەمبىرىكىدۇر. قومۇلنىڭ ئىچكى رايونلارغا قوشنا بولۇشتەك جۇغراپىيەۋى ئورۇن ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۇلتۇرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىرقەدەر بۇرۇن بولۇشى كېرەك. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق بولغان دەۋر خەن سۇلالىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى قومۇلنى ئىدارە قىلغان مەزگىللەردە، شەرق ـ غەرب كۇلتۇرى بۇ جايدا ئۇچرىشىپ يېڭىچە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، «ئىئۇرغول مۇزىكىسى»مۇ مۇشۇ مەزگىلدە چاقنىغانچە يېتىپ باردى[7]. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۇلتۇرىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېكىنچى ئەسكەرلىرى، مۇساپىرلىرى، راھىبلىرى ۋە سودىگەرلىرى قاتارلىق قومۇل رايونىغا تەسىر قىلىپ تۇردى.

لېكىن، قومۇلنىڭ پۈتكۈل تارىخىي مۇساپىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ زېمىننى قاپلىغان ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقىنى يەنىلا ئۇيغۇر كۇلتۇرى ئىدى. ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ مەنبەسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى مەركەز قىلغان كۇلتۇر. تۈركلەرنىڭ ئەسلىي ماكانى ھازىرقى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن ئالتاي تاغلىرى بولۇپ، شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ يېزىق ئىشلەتكەن مىللەت ئىدى.

تۈركلەردىن كېيىن، موڭغۇل دالاسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ۋارىسلىق قىلدى. بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۇلتۇر تىپى مەسىلىسى. ياڭ فۇشۈنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى يايلاق كۇلتۇرىنى ئاساس، دېھقانچىلىق كۇلتۇرىنى قوشۇمچە قىلغان كۇلتۇر تىپى ئىدى[8]. خانلىقنىڭ غەربىي قىسمى، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ كەلگەنىدى. مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك مەۋجۇت بولغاچقا، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ناھايىتى تېزلا يايلاق كۇلتۇرىنى ئاساس قىلىشتىن دېھقانچىلىق كۇلتۇرىنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈپ، بۇ جايلارنىڭ كۇلتۇر تەرەققىياتىدا يېڭى كەيپىيات ياراتتى.

ئۇيغۇر كۇلتۇر چەمبىرىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قومۇل رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار بۇ چەمبىرەكنىڭ شەرقىي گىرۋىكىگە جايلاشقانىدى. يەنى، ئىسلام دىنى تارىم ئويمانلىقىغا تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ مەركەزلىرى خوتەن، قەشقەر، كۇچا ۋە تۇرپان ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىغا تارقىلىپ كىرىشى قاراخانىيلار ئاھالىسىنىڭ ئەسلىي كۇلتۇرى بىلەن ئىسلام كۇلتۇرىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە ئىسلام كۇلتۇرى قاراخانىيلار زېمىنىدا تەدرىجىي يەرلىكلىشىشكە يۈزلەندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئىسلام كۇلتۇرىنىڭ مەركىزى خانلىقنىڭ ئوردىكەنتى بولغان قەشقەر ۋە بالاساغۇن بولدى. تۇرپان رايونى بولسا ئۇيغۇر ئۆزلۈكىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ كەلدى. ئېنىقى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېخى ئىسلاملاشمىغان كۈچلۈك خانلىق بولۇپ، ئەمەلىي كۈچ ۋە كۇلتۇر قاتارلىق جەھەتلەردە قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن روبىرو تۇرالايتتى. شۇڭا، تۇرپان بوستانلىقىمۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر كۇلتۇر مەركىزى ئىدى[9]. ئەپسۇس، 15 - ئەسىردىن كېيىنكى يېغىلىقلار ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى جەريانىدا، تۇرپان ئىلگىرىكى سەلتەنەتنى يوقىتىپ، كۇلتۇر مەركەزلىك ئورنىدىن قالدى.

## 4. نيۇتوننىڭ مېخانىكا نەزەرىيەسىدىن ياردەم ئىزدەش

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرى بارلىققا كەلگەن مەزگىلدە، ياۋروپادا تەبىئىي پەنلەر قازانغان غايەت زور ئۇتۇقلار جەمئىيەت مۇتەپەككۇرلىرىغا ئالاھىدە ئىلھام بولدى. كىشىلەر تەبىئىي پەنلەرنىڭ قانۇنىيىتى ئارقىلىق، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش بولغاچقا، كومت تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۇسۇلى بىلەن جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، نەتىجىدە جەمئىيەتشۇناسلىق بارلىققا كەلگەن ئىدى. كۇلتۇر چەمبىرىكى مەركىزى بىلەن قومۇل رايونىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى مۇلاھىزە قىلغاندا، پېشىۋالارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا ئەمەل قىلىپ، مەشھۇر فىزىكا ئالىمى نيۇتوننىڭ مېخانىكا نەزەرىيەسىگە تايانساق مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، چەمبەرلىك ھەرىكەتكە ئائىت مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، بىر تال تاننىڭ بىر ئۇچىغا بىر تال تاشنى چىگىپ، يەنە بىر ئۇچىنى قولىمىزدا چىڭ تۇتۇپ، تاننى ئايلاندۇرساق تاننىڭ تارتىش كۈچى تاشنىڭ تېزلىك يۆنىلىشىنى ھەر ۋاقىت ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ناۋادا تانا ئۈزۈلۈپ كەتسە، بۇ تاش نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنى بويىچە كەسمە

يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇپ كېتىدۇ[10]. جىسىمنىڭ چەمبەرلىك ھەرىكىتى كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ھەرىكەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ تېز - ئاستىلىقىنى جىسىم ئايلانغان ياي ئۇزۇنلۇقى ھەمدە ئايلىنىشقا سەرپ قىلىنغان ۋاقىتنىڭ نىسبىتى ئارقىلىق ئۆلچەشكە بولىدۇ، بۇ سىزىقلىق تېزلىك (velocity linear) دەپ ئاتىلىپ v بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. جىسىمنىڭ چەمبەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تېز - ئاستىلىقىنى يەنە ئۇنىڭ چەمبەر مەركىزى بىلەن تۇتاشقان سىزىق ھاسىل قىلغان بۇلۇڭنىڭ تېز - ئاستىلىقى بىلەنمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، بۇ بۇلۇڭلۇق تېزلىك (angular velocity) دەپ ئاتىلىپ ω بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ھەرىكەت ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تەكشى تېزلىك بىلەن چەمبەرلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمنىڭ تېزلىنىش يۆنىلىشى ھامان مەركەزگە يۈزلەنگەن بولىدۇ، شۇڭا تەكشى تېزلىك بىلەن چەمبەرلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقاندىكى تېزلىنىش مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش (acceleration centripetal) دەپ ئاتىلىدۇ. نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، مەركەزگە ئىنتىلمە تېزلىنىش - جىسىمنىڭ چەمبەر مەركىزىگە ئىنتىلگەن يىغىندى كۈچكە ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. بۇ يىغىندى كۈچ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ ( centripetal force) دەپ ئاتىلىپ، F بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ (F) نىڭ چوڭ - كىچىكلىكى جىسىمنىڭ ماسسىسى(m)، جىسىم ھەرىكەت قىلغان چەمبەر رادىئۇسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى (r) ۋە بۇلۇڭلۇق تېزلىك (ω) ياكى سىزىقلىق تېزلىك (v) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت فورمۇلاسى: $F=mv^2/r$ ياكى $F=m\omega^2r$ [11]. ئەمدى كۆلتۈر ئىنسانشۇناسلىقى بىلەن جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن بۇ فورمۇلانى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى؛ F نى مەلۇم توپ ياكى قەۋمنىڭ ئۆزلۈك تونۇشى، m نى مەلۇم توپ ياكى قەۋمنىڭ ئومۇمىي سانى، r نى مەزكۇر توپ ياكى قەۋمنىڭ كۆلتۈر چەمبىرىكى مەركىزىگە بولغان ئارىلىقى، ω نى كۆلتۈر بىلەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ سۈرئىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى فورمۇلادىن تۆۋەندىكىدەك قاراشنى ئىسپاتلاپ چىقىشقا بولىدۇ: كۆلتۈر چەمبىرىكىنىڭ گىرۋەك رايونىدا تۇرۇۋاتقان قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆلتۈر چەمبىرىكى مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى باشقا ھەرقانداق رايونغا نىسبەتەن ئۇزۇن. شۇڭا، مەزكۇر توپنىڭ كۆلتۈر چەمبىرىكى مەركىزىگە بولغان ئارىلىقى r نى ئەڭ ئۇزۇن دېيىشكە بولىدۇ. فېرناند بىراۋدېلنىڭ قارىشىچە، كۆلتۈردىكى ئۆزئارا پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ مۇھىم ئامىل مۇساپىدۇر[12]. بۇنىڭدىن باشقا، كۆلتۈر بىلەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ سۈرئىتىنى ئىپادىلەيدىغان ω مۇ مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. مېخانىكا نەزەرىيەسىدە ئېيتىلغىنىدەك، چەمبەرلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر جىسىمنىڭ سۈرئىتى تۇساتتىن تېزلىتىلگەندە جىسىم ئۇچرىغان تارتىش كۈچى ئاجىزلايدۇ، نەتىجىدە يىغىندى كۈچنىڭ يۆنىلىشى چەمبەر مەركىزىگە قارشى يۆنىلىشتە بولۇپ، جىسىم تەبىئىي ھالدا مەركەزدىن قېچىش ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ نەزەرىيە چەت رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ كۆلتۈر مەركىزى بىلەن ھامان پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىراق تۇرغۇن ياكى ئۆزگىرىشى ئىنتايىن ئاستا بولغان جەمئىيەتكە نىسبەتەن ω ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، ئەكسىچە m نىڭ رولى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن بولىدۇ.

قومۇل شەھىرىنى مەركەز قىلغان بوستانلىقنىڭ كۆلىمى چوڭ بولمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر نەچچە كىچىك بوستانلىقلارغا ئايرىلغان، مۇشۇ ئاساستا قومۇلنى مەركەز قىلغان بوستانلىق ئۆزلۈكى شەكىللەنگەن ئىدى. ئەمما بۇ خىل جۇغراپىيەلىك مۇھىتنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئۆزلۈك تۇيغۇسى پەقەت تاشقى مۇھىت بىلەن ئۆزئارا ئالاقە قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ئىچكى قىسمىغا قارىتا ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئىنېرگىيە بولالمايدۇ.

## 5. خۇلاسە

يۇقىرىدا قومۇلنىڭ ئالاھىدە ئورنى ھەمدە قومۇل بوستانلىقى ئۆزلۈك تۇيغۇسى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ

بېرىلىدى. بىراق بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچى، ئەنئەنىۋىلىكى قويۇق بولغان توپ ياكى كىچىك توپلار جەمئىيىتى ئارقىلىق ساقلىنىدۇ ياكى كۈچەيتىلىدۇ. سوتسىيولوگىيە ئىلمىدا توپ (group) تۆۋەندىكى ئېلېمېنتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرىنچى، قۇرۇلما. يەنى ئىجتىمائىي سالاھىيەت بىلەن ئىجتىمائىي رولنى ئەندىزە قىلغان ئۆزئارا مۇناسىۋەت؛ ئىككىنچى، تارىخ. يەنى ۋاقىتقا ئەگىشىپ يۈز بەرگەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ كۆپ قېتىملىقى ۋە قانۇنىيىتى؛ ئۈچىنچى، ئۆزئارا تايىنىشچانلىق. يەنى ئېھتىياجلىق ياكى قىممەتلىك دەپ قارالغان ماددىي ياكى غەيرىي ماددىي بايلىققا ئېرىشىش مەقسىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئۆزئارا تايىنىشچانلىق؛ تۆتىنچى، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان مەزمۇن، قىممەت قارىشى، تەجرىبە ۋە نىشان ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىرلىككە كەلگەن ئۆزلۈك تۇيغۇسى[13]. بۇ ئېلېمېنتلارنىڭ توپ ئىچىدە ئىگىلىگەن بوشلۇقى ۋە ئىپادىلەنگەن دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار توپ ئېھتىياجلىق بولغان ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرىدۇر. قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەم ھەققىدە توپلانغان تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى، لەقەم ئاساسىدا شەكىللەنگەن جەمەت تۈسىدىكى توپلار ھەقىقەتەن يۇقىرىقى ئېلېمېنتلارنى ھازىرلىغان. شۇڭا، قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەم پۈتۈن بىر جەمەتنىڭ فامىلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر كۇلتۇر چەمبىرىكىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتقان قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم كاتالىزاتور. ئۇ ھەر بىر ئەزانىڭ تەۋەلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇرالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر كۇلتۇر ھادىسىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاخىرقى خۇلاسە چىقىرىش تولىمۇ قىيىن ئىش. قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى لەقەم كۇلتۇرىمۇ ئوخشاشلا كۇلتۇر ئىنسانشۇناسلىرى، جەمئىيەتشۇناسلار ھەمدە تارىخشۇناسلارنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج. مانا مۇشۇنداق ئارىلاشما پەنلەر تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا، مەزكۇر كۇلتۇر ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھەقىقىي ماھىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشالايمىز.

## ئىزاھلار


[1] بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى ئازات سۇلتاننىڭ «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» دىن كۆرۈڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى.

[2] قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى، تىل - يېزىق ئىشخانىسى: « قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرى (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)»، 1998 ـ يىلى نەشرى.

[3] Henrika Kuklick. Diffusionism [M]. // Barnard and Spencer. Encyclopedia of Social and Cultural Anthropology. Routlege, 2000: 160.

[4] Kristine McKenzie Gentry, Kulturkreise[M]. // H. James Birx ed. Encyclopedia of anthropology. Sage Publications, 2006, Band 3: 1387.

[5] Eriksen and Nielsen. A History of Anthropology[M]. Pluto press, 2001: 28.

[6] 潜伟. 新疆哈密地区史前时期铜器及其与邻近地区文化的关系[M]. 北京：知识产权出版社，2006: 40.

[7] 哈密地区非物质文化遗产保护中心编. 哈密木卡姆[M]. 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009: 13.

[8] 杨富学. 回鹘文献与回鹘文化[M]. 北京：民族出版社，2003: 19.

[9] Justin Jon Rudelson. Oasis identities: Uyghur nationalism along China's Silk Road[M]. Columbia University Press, 1997: 30.

[10] Benjamin Crowell. Newtonian Physics [M]. Light and Matter, Fullerton, California. 2008: 217.

[11] Frederick J. Bueche and Eugene Hecht. Schaum's Outline of Theory and Problems of College Physics (ninth edition) [M]. The McGraw - Hill Companies, Inc. 1998: 99.

[12] Fernand Braudel. The Identity of France [M]. New York. Harper and Row, 1986: 119.

[13] Robert W. Shotola. Small Groups[M]. // Edgar F. Borgatta and Rhonda J. V. Montgomery. Encyclopedia of Sociology (Second Edition), Macmillan Reference USA an imprint of The Gale Group, 2000: 2610.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 08 ـ 028 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىش ئادەت قانۇنى توغرىسىدا*

ئادىل ئايۇپ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ژۇرنال تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نىكاھ قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ ئاساسلىق رولى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى مۇئەييەن شەكىل بىلەن رەسمىي يوسۇندا جەمئىيەتكە ئاشكارىلاش. نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشنىڭ ئامىللىرى نىسپىي مۇقىم بولسىمۇ، بىراق دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشنىڭ كۆپ خىل ئامىللىرى بىرلىكتە مەۋجۇت بولغاندا، ھەرقايسى ئامىللارنىڭ مۇھىملىق تەرتىپ مەسىلىسى شۇ ۋاقىتتىكى قانۇننىڭ قىممەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادەتلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان قان بىلەن قەسەم بېرىش، تۇز ـ نان بىلەن قەسەم بېرىش، دىنىي مۇراسىم بىلەن قەسەم بېرىش؛ زامانىۋى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادەتلىرىدىن تىزىملاش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ۋە ئاشكارىلاش قاتارلىق شەكىللەر بار. ئۇيغۇرلاردىكى ھازىرقى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادىتىدىن قارىغاندا، نىكاھنى قانۇن بويىچە تىزىملاتمىغاندا دۆلەت قانۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئۈنۈمنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيلا قالماستىن، ئادەت قانۇن ـ قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇرلار؛ نىكاھنىڭ ئۈنۈمى؛ ئەنئەنىۋى ئادەتلەر؛ تىزىملاش

**摘要**：婚姻法律法规的主要功能是将婚姻的效力以一定的形式公示于众。虽然确定结婚的效力的因素相对稳定，但随着缓慢的发展会演变。多种结婚效力之确认要素并存时，解决各种要素之间的效力优先性问题，取决于当时法律的价值取向。代表性的维吾尔族传统的婚姻效力习惯有以血宣誓、以盐馕宣誓、以宗教仪式宣誓；现代的婚姻效力习惯有登记证明和登记公示。维吾尔族现代的结婚效力来看，未以法登记不仅不能产生国家法层面的效力，而且同样产生不了符合习惯法的夫妻关系。

**关键词**：维吾尔人；婚姻效力；传统习惯；登记

**Abstract:** The role of law in marriage is to show the validity of marriage to the public. Although the validity has been relatively stable, while it is changing with the development of society. The validity of marriage in Uyghur custom has been ensured by vow with blood, salt, Nan and religion. The contemporary law of marriage has introduced marriage registration to Uyghur's customary law. Therefore, the validity of marriage is protected by both tradition and national law.

**Keywords:** Uyghur; marriage validity; customary; registration

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** D923.9　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

نىكاھنىڭ ئۈنۈمى مەسىلىسىدە، مەيلى دۆلەت قانۇنىدا بولسۇن ياكى ئادەت قانۇنىدا بولسۇن، نىكاھ قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ ئاساسلىق رولى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى مۇئەييەن شەكىل بىلەن رەسمىي يوسۇندا جەمئىيەتكە ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت. نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشنىڭ ئامىللىرى بولسا نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئاشكارىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن قانۇنسىز مۇناسىۋەتنىڭ چەك ـ چېگراسىدۇر. ھەرقانداق بىر مىللەتكە نىسبەتەن نىكاھنىڭ ئۈنۈمنى

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى تەتقىقات تۈرى (تۈر نومۇرى:13YJC820001)نىڭ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلارنى قوللاش تۈرى (تۈر نومۇرى: BS150133)نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: ئادىل ئايۇپ (1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، دوكتور، ھەق تەلەپ ۋە سودا قانۇنى، ئادەت قانۇنى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بېكىتىشنىڭ ئامىللىرى نىسپىي مۇقىم بولسىمۇ، بىراق دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ بىلىش سەۋىيەسىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشى جەريانىدا يۈزبېرىدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، قانۇن بەزى دەۋرلەردە يەككە نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئامىللىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە بەزى دەۋرلەردە كۆپ خىل ئامىللارنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشنىڭ كۆپ خىل ئامىللىرى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، ھەرقايسى ئامىللارنىڭ مۇھىملىق رەت تەرتىپى شۇ دەۋردىكى قانۇننىڭ قىممەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى قانۇننى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئامىللىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قانۇن ئىدارىچىلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋەزىپىسى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چەكلەش كۈچىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا رىئايە قىلىنىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قانۇن ئىدارىچىلىقىدىكى جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ھوقۇق - مەنپەئەتنىڭ ئادىل - باراۋەر ئاساستا قوغدىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ ئادەتلىرى

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەبىلە جەمئىيىتىدىن تارتىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇلاپ نىكاھلىنىش، مىراسخورلۇق نىكاھى، مۇراسىملىق نىكاھ قاتارلىق كۆپ خىل نىكاھ شەكىللىرى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان»[1]. قەبىلە ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە، «قەبىلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم بۇلاپ نىكاھلىنىش بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا بىر قەبىلە كىشىلىرى يەنە بىر قەبىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، قەبىلىدىكى بارلىق ئەر زاتىنى قىرىپ تاشلاپ، ئاياللىرىنى بۇلاپ كېتىپ خوتۇن قىلاتتى»[2]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى شىمالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاۋاتقان مەزگىللەردە نىكاھ ئادەتلىرىدە بۇلاپ نىكاھلىنىش ساقلانغان. بۇلاپ نىكاھلىنىشنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلاش جەريانى بىر مۇراسىم، ئەرنىڭ ئايالنى بۇلاپ ئەكېلىپ ئەمەلىي كونترول قىلىشى نىكاھ مۇناسىۋىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرنىڭ بۇلاپ كېلىنگەن ئايالنى ئاشكارا ھەمدە ئەمەلىي كونترول قىلىشى بۇلاپ نىكاھلىنىشنىڭ شەكىللىنىش شەرتىدۇر. ئۇنىڭدىن سىرت، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋردە ئىقتىساد ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، «ئىككى تەرەپ رازىلاشقان» ئاساستا نىكاھلانغاندا، ئەر تەرەپ ئايال تەرەپكە مۇۋاپىق مىقداردىكى «ئىقتىسادىي تولۇقلىما» بېرىدىغان «تويلۇق بېرىش تۈزۈمى»گە بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ نىكاھ ئادەتلىرىدە مىراسخورلۇق نىكاھى ساقلانغان بولۇپ، مىراسخورلۇق نىكاھىدا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ قېرىنداشلىرى ياكى شۇ جەمەتتىكى ئەرلەرگە ياتلىق قىلىنغان، ئەرنىڭ ئايالنى ئەمەلىي كونترول قىلىشى نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللەندۈرۈش شەرتى قىلىنغان. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەرقانداق بىر مىللەتتە بۇلاپ نىكاھلىنىش، مىراسخورلۇق نىكاھى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ دائىملىق ياكى ئادەتتىكى شەكلى ئەمەس.

كۆچمەن چارۋىچىلىق مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ مەدەنىي ۋە ئومۇملاشقان نىكاھلىنىش شەكلى بولسا تەرەپلەر رازىلاشقان مۇراسىم نىكاھىدۇر. تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا قەبىلە دەۋردىلا توي قىلغان ۋاقىتتا مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان ئادىتى بار ئىدى①. بۇلاپ نىكاھلىنىش ۋە مىراسخورلۇق نىكاھىغا نىسبەتەن، مۇراسىملىق نىكاھنىڭ ئۈنۈم كۈچىنى بېكىتىش ئامىلى نىكاھنىڭ كەسكىنلىكى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ. ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ مۇراسىمىدا قان بىلەن قەسەم بېرىش ۋە تۇز - نان بىلەن قەسەم بېرىش نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسىي شەكلى بولغان.

قايسى مىللەت ياكى رايوندا بولسۇن، ئاشكارىلىق قانۇنلۇق نىكاھ بىلەن قانۇنسىز بىللە تۇرۇشنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئامىللىرى ئادەتتە قانۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئاشكارىلاش جەريانىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتىگە ئايلانغان. قان بىلەن قەسەم بېرىش، تۇز - نان بىلەن قەسەم بېرىش، دىنىي مۇراسىم بىلەن قەسەم بېرىش قاتارلىقلار ئۇيغۇرلاردىكى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشتىكى ئەنئەنىۋى ۋەكىللىك شەكىللىرىدۇر. تۆۋەندە، بۇ شەكىللەرنىڭ تەتبىقلانغان دەۋرى، مەدەنىيەت ۋە قانۇنىي ئارقا كۆرۈنۈشىگە قارىتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**1) قان بىلەن قەسەم بېرىش شەكلى**

قان ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، مەيلى ئادەم ياكى ھايۋان بولسۇن ھەممىسى قاندىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارغا نىسبەتەن قان بولمىغان ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەريانىدا، مەلۇم بىر تەرەپ ياكى ئىككىلا تەرەپنىڭ قان ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار قاننى ئۇلۇغلاپ مۇقەددەس بۇيۇم سۈپىتىدە چوقۇنغان ۋە ئېتىقاد قىلغان. «ئۇيغۇرلارمۇ باشقا ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرگە ئوخشاش تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەجدادلىرىغا چوقۇنۇش، تۇتېمغا چوقۇنۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئېتىقاد باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن»[3]. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىنلا «قېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېيىدىغان قاراش مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن، قان چوقۇنىدىغان نىشانغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىزلىرى (قورقلار)، ئىپتىدائىي دىن، ئۆرپ - ئادەت، تىل، شۇنداقلا رىۋايەتلىرىدە قانغا چوقۇنۇشقا ئالاقىدار تەركىبلەر ساقلانغان. بىز بۇ يەردە پەقەت نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى ئادىتىگە ئائىت قىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

كۆچمەن چارۋىچىلىق مەزگىلىدە، مۇراسىملىق نىكاھ ئەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاساسلىق رولى مۇراسىم ئارقىلىق نىكاھ مۇناسىۋىتىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت. مۇراسىم جەريانىدا مۇئەييەن شەكىلدىكى ئەر - خوتۇن ئەھدىلىشىش تەرتىپى بولۇپ، بۇ تەرتىپ پۈتۈن مۇراسىم جەريانىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك، بەلگە خاراكتېرلىك ۋە كەم بولسا بولمايدىغان قىسمىدۇر. ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى قان بىلەن سىمۋول قىلىنىدۇ ياكى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. يىگىت بىلەن قىز ئۆز بارمىقىنى كېسىش ياكى چىشلەش ئارقىلىق قان چىقىرىپ ھەمدە قان سۈيۈقلۇقىنى ئۇچراشتۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى، مەڭگۈ ئايرىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن[4]. يەنى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش مەسىلىسىدە، قان قەسەم بېرىشنىڭ مۇقەددەس ئاملى سۈپىتىدە قارىلىپ، باشقا ئەھدىلىشىپ قەسەم بېرىشلەرنىڭ مۇقەددەس سىمۋولى بولغانىدەك، نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق مەزگىلىدە ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىنىڭ قىزىل رەڭگە چوقۇنۇشتەك ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغان[5]. ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭنى خەيرلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ خۇشاللىق، بەخت، گۈزەللىك، كۆرەشچانلىق ۋە غەلىبىنىڭ سىمۋولى قىلغان[6]. بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى كېلىننى قارشى ئالىدىغان ۋە كۈتۈۋالىدىغان ۋاقىتتا قىزىل پاياندار سېلىش، كەچلىك توي مۇراسىملىرىدا ياشلار قىز - يىگىتنى قىزىل بەلباغ بىلەن باغلاش قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلەر قەدىمكى دەۋردىكى قان (قىزىل) ئارقىلىق ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىسپاتلاشتەك نىكاھ ئۆرپ - ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك②.

**2) تۇز نان بىلەن قەسەم بېرىش شەكلى**

«ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ بىلىشى چەكلىك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي

قىلمىغان بولۇپ، تۈزنىڭ كېلىش مەنبەسى شۇنداقلا تارقىلىش دائىرىسىنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى. شۇڭلاشقا، تۈزنى تەڭرى ئۆزلىرىگە بەرگەن بىرخىل ئاز تېپىلىدىغان بۇيۇم دەپ قاراپ، ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن ھەم چوقۇنغان ۋە مۇشۇ ئاساستا تەدرىجىي باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن»[7]. نان ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ تەبىئەتتىن ئېرىشكەن نېمەتلىرىگە قارىتا پىششىقلاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن يېمەكلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە، بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېيىدىغان قاراش ئومۇميۈزلۈك تارقالغان. قەدىمدىلا تۈز بىلەن نان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقتىن، كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا دوست ـ بۇرادەرلەر ئۆزئارا سوۋغا قىلىدىغان، مۇراسىملاردا كەم بولسا بولمايدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك بۇيۇمغا ئايلانغان.

كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ مۇراسىمىدا توي قىلغان ئىككى تەرەپ بارمىقىنى كېسىپ ياكى چىشلەپ قان چىقىرىپ يارا ئېغىزىنى ئۆزئارا تەككۈزۈش ياكى قاننى ئارىلاشتۇرۇشنى ئەر ـ خوتۇن ئەھدىلىشىشنىڭ بەلگىسى قىلىپ نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىدىغان نىسبەتەن ئىپتىدائىي ۋە قوپال ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۈز مۇقەددەسلىك قارىشى ۋە «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن قاراشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تۈز بىلەن نان بارغانسېرى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كىرگەن. قان بىلەن قەسەم بېرىپ نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش تەدرىجىي ھالدا تۈز نان بىلەن قەسەم بېرىشكە قاراپ ئۆزگەرگەن. ئۇيغۇرلار تۈزنى مۇقەددەس بۇيۇم دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قىرتاق تەمىنى تۇرمۇشنىڭ جەۋر ـ جاپاسىغا، تەملىكلىكىنى تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشاتقان.

### 3) دىنىي مۇراسىملىق قەسەم بېرىش شەكلى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى مەزمۇن قىلىنغان تۇرمۇش ئادەتلىرى تەدرىجىي ھالدا باشقا دىن ۋە ئىجادچانلىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەشكە باشلىدى. نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادەتلىرىدە، ئىسلام دىنىدىكى نىكاھ ئوقۇش «تۈز سۇيىگە چىلانغان نانني يېيىش»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى، نىكاھنىڭ ئۈنۈمى دىنىي مۇراسىم ئارقىلىق قەسەم بېرىپ بېكىتىلىشكە ئۆزگەردى.

نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادەتلىرىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، «نىكاھ ئوقۇش» ئارقىلىق ئەر ـ ئايالliق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تۈز سۇيىگە چىلانغان ناننى يەپ قەسەم بېرىش ئادىتى ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانى نەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، گەرچە ئاز ساندىكى دىنىي زاتلار ئەرەب تىلىغا پۇختا بولسىمۇ، يەنە كۆپ قىسىم دىنىي زاتلار يېزىقىنى تونۇسىمۇ، بىراق مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان، كەڭ ئاممىا ئەرەبچىنى بىلمەيدىغان بولغانلىقتىن، «ئەرەبچە شەكلەن نىكاھ» (ئەرەبچە ئوقۇلغان نىكاھ خۇتبىسى) نىكاھلانغۇچىغا نىسبەتەن كۆپ ھاللاردا پەقەتلا بىر خىل مۇقەددەس شەكىل بولۇپ، ئەر ـ خوتۇنلۇق ئەھدىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا ئىگە بولمىغان. شۇڭا «ئۇيغۇرلار ئەر ـ خوتۇنلۇق ئەھدىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، يەنىلا تۈزغا چىلانغان نان يېيىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرغان. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىم ئادەتلىرىدە ‹تۈزغا چىلانغان نان يېيىش›بىلەن ‹نىكاھ ئوقۇش› ئۆزئۆزىچە بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان»[8].

يېقىنقى مىڭ يىللىق تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا، نىكاھ ئوقۇش ئارقىلىق ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش

www.uyghurkitap.com



ئادىتى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئەھدىنىڭ تۈزۈلۈشىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىغان، شۇنىڭ بىلەن تۈزغا چىلانغان نان يېيىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى شەكىللەر ئەسلىي مەنىسىنى يوقاتقان[3] ھەمدە بارغانسېرى ئاجىزلاشقان ياكى تاشلىنىپ كېتىلگەن.

## 2. نىكاھنى تىزىملاش ۋە ئەنئەنىۋى نىكاھ ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

1950 ـ يىلى، يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى قانۇنى «نىكاھ قانۇنى»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش مەسىلىسىدە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا «قانۇنىي نىكاھ» ئومۇملىشىشقا باشلىدى. 1950 ـ يىلىدىكى «نىكاھ قانۇنى»نىڭ 6 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، نىكاھنى چوقۇم تىزىملىتىش كېرەك. لېكىن «تىزىملاش بىلەن ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولغاچقا، نۇرغۇن كىشى توي قىلغاندا نىكاھنى تىزىملاتمايلا مۇراسىم ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن كىشىنىڭ نەزىرىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈش نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان، بۇ خىل ئەھۋال يېڭى بىر ئەۋلاد زىيالىيلار ئارىسىدىمۇ كۆرۈلگەن»[9]. شۇڭا، 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش نىزامنامىسى» كۈچكە ئىگە بولغانغا قەدەر «ئەمەلىي نىكاھ» پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە شەرتلىك ھالدا ئېتىراپ قىلىنغان. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۈزىتىلگەن «نىكاھ قانۇنى» يولغا قويۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا دۆلەت قانۇنى تەدرىجىي «ئەمەلىي نىكاھ»نى ئىنكار قىلدى. بىراق 2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن باشلاپ تولۇقلاپ تىزىملاش ئېلىپ بېرىشنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئارقىلىق «ئەمەلىي نىكاھ»نىڭ ئۈنۈمىنى يەنە ۋاستىلىك ئېتىراپ قىلدى.

يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئادەتلىرىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، دۆلەت قانۇنى ئادەت قانۇنىغا سىغدۇرۇشچان ھەم مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادىتى تەدرىجىي «قانۇنىي نىكاھ»قا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئارىسىدا تىزىملاش ۋە نىكاھ بىرلىكتە مەۋجۇت بولغان «قانۇنىي نىكاھ» بىلەن «نىكاھ» ئارقىلىق شەكىللەنگەن «ئەمەلىي نىكاھ»نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بوشلۇقىغا ئېرىشتى ھەمدە يۇقىرىقى ئىككى خىل نىكاھ شەكلىدە تۈزغا چىلانغان نان يېيىش ئادىتى تەرتىپ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، 2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن بۇرۇن، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشتا ئىسپات ماتېرىياللىرى ئاساس قىلىنغان، نىكاھ تىزىملاشنىڭ رولىمۇ ئىسپاتلاشنى ئاساس قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى نىكاھ تىزىملاش ئىشلىرى ئالاقىدارلارنىڭ خىزمەت ئورنى ياكى ئاھالە كومىتېتلىرى چىقىرىپ بەرگەن نىكاھلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىسپات ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. تېخنىكا قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئاساسىي قاتلام چىقىرىپ بەرگەن ئىسپات ـ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئالاقىدارلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ مەزگىلدە، تىزىملاش گەرچە بىر خىل قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بولسىمۇ، تەرەپلەرنىڭ نىكاھلانغانلىق پاكىتىنى ئاشكارىلاش ئۈنۈمى يېتەرلىك بولمىغان. توي خېتى پەقەت ئىسپاتلاش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نىكاھ مۇناسىۋىتى مۇراسىم شەكلى ئارقىلىق ياكى ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق نامى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئاشكارىلانغان. بۇ خىل ئەھۋالدا ئەمەلىي نىكاھ، قوش نىكاھ قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ نىكاھلىنىش ئادەتلىرىنى يېتەكلەش ۋە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش يېتەرلىك بولمىغان. 2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ

26 - كۈنى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشنى تورلاشتۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى نىكاھلانغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىغا ئۈنۈملۈك ئېرىشەلەيدىغان، قوش نىكاھلىنىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا بايقىيالايدىغان، شۇنداقلا ئەمەلىي نىكاھنىڭ تولۇقلاپ تىزىملىتىلىشىغا ئۈنۈملۈك ھەيدەكچىلىك قىلالايدىغان بولدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1950 - يىلى «نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن بويان، ئۇيغۇرلارنىڭ 2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن بۇرۇنقى «قانۇنىي نىكاھ»ى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى تىزىملاپ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ۋە ئىسپاتلايدىغان «تىزىملاپ ئىسپاتلاش شەكلى»دىكى نىكاھقا، 2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن كېيىنكى «قانۇنىي نىكاھ»ى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى تىزىملاپ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ۋە ئاشكارىلايدىغان «تىزىملاپ ئاشكارىلاش شەكلى» دىكى نىكاھقا مەنسۇپ.

## 3. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادەتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتتىكى تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، سىياسىينىڭ دېموكراتىيەلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئېڭى تەدرىجىي كۈچەيدى. دۆلەت قانۇن سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، مەزمۇنىنىڭ ئىلمىيلىشىشى ۋە زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا، ئادەت قانۇنىنىڭ ئىلمىيلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئادەت قانۇنىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش نىكاھ ئادەتلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، «تىزىملاش ۋە «نىكاھ» بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇش» بولسا نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشتىكى ئاساسىي ئادەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش ئادىتىدىن قارىغاندا، نىكاھنى قانۇن بويىچە تىزىملاتمىغاندا دۆلەت قانۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئۈنۈمنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيلا قالماستىن، ئادەت قانۇن - قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئاشكارا مۇراسىم ئۆتكۈزسىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھنى تىزىملىتىش، نىكاھ ئوقۇتۇش، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 497 نەپەر ئەر ۋە 585 نەپەر ئايالدىن تەركىب تاپقان 1123 نەپەر زىيارەت قىلىنغۇچى ئىچىدە، تىزىملىتىش ياكى نىكاھ ئوقۇتۇش تەرتىپىدىن بىرىنى تاللاپ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى قوللايدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئوخشاشلا 0% بولغان؛ نىكاھ ئوقۇتۇشنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار نىسبىتى 0.7%بولغان؛ نىكاھنى تىزىملىتىشنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار نىسبىتى 1% بولغان. تىزىملىتىش ۋە نىكاھ ئوقۇتۇش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئارقىلىق نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش نىسبىتى 94.6%كە يەتكەن. 90%تىن كۆپرەك كىشىنىڭ كۆزقارىشى بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. شۇڭا بىز كېسىپ ئېيتالايمىزكى: «تىزىملىتىش ۋە نىكاھ ئوقۇتۇش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش» بولسا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىشتىكى ئادەت قانۇنىدۇر. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئىككى تەرەپنىڭ سۇبيېكتلىق سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئايال تەرەپنى ئاساسلىق ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىدىغان قالاق نىكاھ ئادەت قانۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئورنىتىلغان نىكاھ ئادەت قانۇنى تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشتۇر. دۆلەت قانۇنى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت چوقۇم تىزىملاش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتىدىن قارىغاندا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت

www.uyghurkitap.com

شەكىللىنىش ئۈچۈن چوقۇم «تىزىملىتىش ۋە نىكاھ ئوقۇتۇش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش»ى لازىم. پەقەت تىزىمغا ئالدۇرۇلغان نىكاھ دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇهىم. دۆلىتىمىز يېڭى قۇرۇلغاندىن هازىرغا قەدەر، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنىلا ئاز ساندا ئەمەلىي نىكاھ ۋە قوش نىكاھلىنىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھنى تىزىملىتىشقا ئەهمىيەت بېرىش دەرىجىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاما، توي قىلغان ئىككى تەرەپ، دىنىي زاتلار بىردەك نىكاھنى تىزىملىتىشقا ئەهمىيەت بېرىدىغان بولدى. هازىر ئىككى تەرەپنىڭ نىكاھلىنىش گۇۋاهنامىسى بولمىسا، دىنىي زاتلار ئۇلارغا نىكاھ ئوقۇپ بېرىشنى رەت قىلىدىغان ئەهۋال ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ مۇكەممەل باسقۇچلىرى ئالدى بىلەن نىكاھنى تىزىملىتىش، يەنى توي خېتى ئېلىش؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، دىنىي تەرتىپنى ئورۇنداش، يەنى نىكاھ ئوقۇتۇش؛ ئەڭ ئاخىرىدا، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش بولغان. بۇ تەرتىپ قالايمىقان قىلىۋېتىلسە ياكى بىرەر تەرتىپ كەم بولۇپ قالسا ئادەت قانۇنى بويىچە ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان. يەنى نىكاھ چوقۇم «نىكاھ قانۇنى» بويىچە تىزىملىتىلىشى، نىكاھ ئوقۇش چوقۇم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىشى تەكىتلىنىپ، بىرەر تەرتىپ چۈشۈپ قالسا ياكى قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىلمىسا ئاۋام ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان. يەنى، بۇ ئادەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەن، گەرچە ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپ ئەر ـ خوتۇنلۇق نامىدا بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار قانۇنسىز بىرگە تۇرۇۋاتىدۇ دەپ قارىلىپ ئەيىبلەنگەن. دېمەك، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئۈنۈمىگە ئالدىن ئېتىبار بېرىدىغان نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش قارىشى ۋە كونكرېت تەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نىكاھ ئادەت قانۇنى بولۇپ شەكىللەنگەن.

يىغىنچاقلىغاندا، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئالاقىدار ئادەت قانۇنى نىكاھ ئادەت قانۇنىنىڭ ئەڭ مۇقىم قىسمى، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يارقىن نۇقتىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى مىسلىسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. قانۇن ئىدارىچىلىقى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ هەرقايسى ساهەلىرىگە سىڭىپ كىردى، نىكاھ ۋە ئالاقىدار مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ «قانۇن»لىشىشى ئالاهىدە گەۋدىلىك بولدى. قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، نىكاھنىڭ ئۈنۈمىنى بېكىتىش جەھەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا دۆلەت قانۇنى ئەۋزەل بولغان نىكاھ ئادەت قانۇنى بارلىققا كەلدى، شۇنداقلا بۇ خىل ئەهۋال مىللىي مەدەنىيەتتە ئەكس ئەتتى. مىللىي مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا يەكۈنلەنگەن ۋە كېڭەيتىلگەن ئاكتىپ ئامىللار دۆلەت قانۇنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى چەكلەش كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي ئەهمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاهلار:

① «ۋېينامە.قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە، قاڭقىللار جەمئىيىتىدىكى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ توي مۇراسىمى خاتىرىلەنگەن ؛ «كونا تاڭنامە.ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە، ئۇيغۇر خاقانىنىڭ توي مۇراسىمى خاتىرىلەنگەن. بۇ تارىخىي خاتىرىلەر «مۇراسىم نىكاھىسى»نىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

② قەدىمقى مىللەتلەردە قان ئارقىلىق نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئادىتى گەرچە شەكىل جەھەتتە پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان (参见[芬兰] E·威斯特马克.人类婚姻史[M].李彬译.商务出版社,2002年出版，第837~838页.).

③ بەزىلەر تۇزغا چىلانغان نان يېيىش ئادىتىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، بۇ ئادەتنىڭ مەنىسىگە قارىتا باشقىچە بىر قىسمى چۈشەنچىلەرنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، تۇزغا چىلانغان ناننى كىم ئاۋۋال يەۋالسا ئائىلە قۇرغاندىن

كېيىن ئائىلىدە شۇ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنىدا تۇرىدۇ قاتارلىقلار.

## پايدىلانمىلار:


[1] 阿迪力·阿尤甫.中国维吾尔族婚姻习惯法研究 [D].吉林大学,2014 年出版,第84页.

[2] E·威斯特马克.人类婚姻史[M].李彬译,商务出版社,2002 年出版, 第684页

[3] 阿地力·阿帕尔等.维吾尔族萨满文化遗存调查[M].民族出版社,2010 年出版,第9页.

[4] 参见 阿布都热依木·艾比布拉.维吾尔族风俗志(维吾尔文)[M].新疆人民出版社, 1993 年出版,第257页.

[5] 参见 阿地力·阿帕尔等.维吾尔族萨满文化遗存调查[M].民族出版社,2010 年出版,第101页.

[6] 吐逊江·亚森.维汉颜色词色彩意义上的异同[J]. 新疆大学学报: 哲学社会科学维文版.2012(1).

[7] 阿布拉江·默罕穆德. 维吾尔族有关盐风俗的文化阐释[J].喀什师范学院学报.2008(4).

[8] 阿迪力·阿尤甫.中国维吾尔族婚姻习惯法研究 [D].吉林大学,2014,第94页.

[9] 彭黎.试论婚姻登记制度的性质及其价值取向[J].郑州航空工业管理学院学报(社会科学版). 2009(1).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 09 - 036 - 02(2016) 5878 - 1005

# دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى*

ئەركىن ئابلىمىت[1]، قەلبىنۇر قادىر[2] ، ئەقىدە ئەركىن

(1. شىنجاڭ نېفىت شىركىتى پېنسىيونېرلارنى باشقۇرۇش مەركىزى، قاراماي. 834000؛
2. شىنجاڭ نېفىت شىركىتى قۇدۇق كونترول مائارىپ مەركىزى، قاراماي. 834000)

قىسقىچە مەزمۇنى: يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق زوراۋانلىق ۋەقەرلىرىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار. ياش - ئۆسمۈرلەر ئاسانلا دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تېررورىزمنىڭ تايانچ كۈچى بولۇپ، جىنايەت يولىغا ماڭىدۇ. بۇ خىل يۈزلىنىش تېررورىزمنىڭ ياشلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ماقالىدە، تېررورىزم ۋە ئۇنىڭ ياشلىشىش ئەھۋالى، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان زىيىنى، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: تېررورىزم؛ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە، شىنجاڭ؛ ياش - ئۆسمۈرلەر؛ زىيىنى؛ تەدبىر

**摘要**：近些年来疆内外多次发生的恐怖暴力事件的参与者大部分是年轻人。青少年容易受到宗教极端思想的诱惑变成恐怖主义的中坚分子走到罪恶之路。这种情况形成恐怖主义的年轻化状态。此文讨论恐怖主义及其年轻化状态，宗教极端思想对青少年的危害，宗教极端思想对青少年中渗透的预防措施。

**关键词**：恐怖主义；宗教极端思想；新疆；青少年；危害；措施

**Abstract:** The recent terrorist attack in Xinjiang involved numbers of young attackers. It is obvious that young people become the main forces of terrorism and the situation is getting worse. This paper mainly discusses harm of religious extremism for young crowd and provides with several prevention measures.

**Keywords:** terrorism; religious extremism; Xinjiang; youth; harm; measures

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H315　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

شىنجاڭدا، ئىسلام دىنى مىللىيلىك ۋە دىنىيلىكنىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىللىي پىسخىكىسى، مىللىي مەدەنىيىتى، مىللىي ھېسسىياتى قاتارلىقلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مىللىيلىكى، ئاممىۋىلىقى ۋە مۇرەككەپلىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مۇھىتقا ئىسلام دىن قائىدىلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

لېكىن، «ئۈچ خىل كۈچ» ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدا ناھايىتى ئاز ساندىكى ياش ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىنىڭ ئەزاسى ۋە تايانچ ئۇنسۇرى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقماقتا ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ «چەتكە قېقىشچانلىق» ۋە «فاددىزملىق» رولىنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ، ئېتىقاد يولىدا قۇربان بولۇش ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈپ، ياش زوراۋان تېررورچىلارنى تەربىيەلەپ چىقىشقا يول ئىزدەۋاتىدۇ. ھالبۇكى ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارى تۆۋەن، غايىچىلىك ئىدىيەسى قويۇق، بىزارلىق پىسخىكىسى كۈچلۈك بولغان، ئاسانلا

---

*بۇ ماقالە 2015- يىلى 11- ئاينىڭ 25- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتورلار: ئەركىن ئابلىمىت( 1964 - يىلى - 7 - ئايدا تۇغۇلغان)، ئىنژېنېر، نېفىت كەسپى تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتى ۋە چاي مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
قەلبىنۇر قادىر ( 1965 - يىلى 7 - ئايدا تۇغۇلغان) ئىقتىسادچى، ئىقتىساد تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھاياجانلاندۇرغان ياش - ئۆسمۈرلەر قايمۇقتۇرۇلغان، كۆچكۈرتۈلگەن ھامان تېزلا ئەسەبىيلىشىپ، ئەقلىدىن ئېزىپ، ئاتالمىش «كاپىرلار» غا قارىتا ئامىنى ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان «تالىپ» ۋە «مۆئمىن» ياشلار بۇ «جىھادقا» قاتنىشىدۇ.

## 1. تېررورىزم ۋە ئۇنىڭ ياشلىشىشى

تېررورىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مۇناسىپ ھالدا تېررورىزمغا بولغان ئېنىقلىما ۋە چۈشەندۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز تۆۋەندە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان تېررورىزمنىڭ ئېنىقلىمىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1) تېررورىزمنىڭ مەنىسى ۋە ياشلىشىشى

ئامېرىكىلىق ئالىم كائېر دوئىچ: تېررورىزم — مەلۇم بىر شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق ياكى زوراۋانلىق تەھدىتىنى سېلىپ، مەلۇم سىياسىي ئەندىزىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدىكى ئىستراتېگىيە[1]، دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. لى يۈنۋېن: تېررورىزم بولسا مەلۇم بىلەن شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ جەمئىيەتكە غايەت زور دەرىجىدە پسىخىكا قورقۇنچى ياكى غايەت زور ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئاپەت خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھەرىكەت ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەتكە، تىنچلىققا قارشى تۇرىدىغان، مەقسەتلىك نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە ئىدىيەۋىي ئېقىم، دەپ قارايدۇ[2]. خۇ ليەنخې تېخىمۇ تەپسىلىي ئىزاھلاپ، تېررورىزم - ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتكە تەھدىت سېلىپ، مەلۇم بىر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، جەڭگە قاتناشمايدىغان ئوبيېكت ( بولۇپمۇ بىگۇناھ پۇقرا) لارغا قارىتا ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش، تۇتقۇن قىلىش، قاتناش ۋاستىلىرىنى بۇلاش، زەھەرلەش، كومپيۇتېر سىستېمىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جەمئىيەتكە بىر قورقۇنۇش ۋە تەھدىد پەيدا قىلىدۇ (2001)[3]، دەپ كۆرسەتكەن.

يېقىندىن بويان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى زوراۋان تېررورچىلار قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقچىلىرى ۋە قانۇنسىز ئۈن - سىن بويۇملىرىنى تارقىتىپ، ئىنتېرنېت تورىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇۋاتقان «قوش تىل» ئوقۇتۇشىنى «مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى» دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، ئېغىر دەرىجىدە ئازدۇرمىچىلىق قىلىۋاتىدۇ. زوراۋان تېررورلۇق گۇرۇھلىرى تەشكىللەشنى كۈچەيتىپ، خادىم تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھەمدە قانۇنسىز تالىپ تاربىيەلەش، مەشقلەندۈرۈش نۇقتىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ياكى ئۆزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەقىدە ئۆگىتىشنى ۋاستە قىلىپ، گۇمپا مەشقلەندۈرۈپ، قورال، ئوق - دورا ياساش، بومبا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيەلەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ گۇرۇھلار قورامىغا يەتكەنلەرنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغاندىن سىرت، يەنە تەرەققىيات نىشانىنى ياش – ئۆسمۈرلەرگە تىكمەكتە. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قىممەت قارىشى تېخى تۇراقلاشمىغانلىقتىن، ئاسانلا قايمۇقتۇرۇش ۋە ئازدۇرۇشقا ئۇچرايدۇ، بۇ ئارقىلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلايدىغان ھەم ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ياش چېكى تۆۋەنلەپ، تېررورلۇقنىڭ ياشلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدە، قەشقەر ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ خاتىپى جۈمە داموللامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى 19 نەپەر ياشنىڭ كاتتىبېشى، ئاساسلىق جىنايەت سادىر قىلغۇچى 18 ياش. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ياشنىڭ يېشى ئايرىم – ئايرىم ھالدا 23 ۋە 22 ياش. يۇقىرىقى تۆت نەپەر جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 20.5 ياش. ئۆتكەن يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خوتەن شاھماتخانىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىكى ئۈچ جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئىككىسىنىڭ يېشى 19 ياش، بىرى تېخى 18 ياش.

خەلقئارادىن ئېيتقاندا، 16ياشتىن 22 ياشقىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغان ياشلار تېرروررچى قىلىپ تەربىيەلىنىشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىكەن. ياشلارنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تايانچ كۈچى بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى: ئۇلارنىڭ رادىكاللىقى، غايىۋىلىك ئىدىيەسىنىڭ قويۇقلۇقى، ئۆگىنىشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا بولغان چىدامچانلىقىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئاسانلا مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خەلقئارادىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 20 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار، باللار، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بولغان[4].

ياش تېرروررچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئىقتىسادىي كىرىمى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى. ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پىروفېسسور مارك ساجىمان 400 نەپەر بازا تەشكىلاتى (ئەل ـ قائىدە) ئەزاسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ باي ئەرەب ئائىلىسىدىن، ئامېرىكا كۆچمەنلەر رايونىدىن ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىن ئىكەنلىكىنى، ئاز بىر قىسمىنىڭ نامرات دۆلەتلەردىن ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ 17.6%تى يۇقىرى قاتلامدىن، % 54.9تى ئوتتۇرا قاتلامدىن، % 27.5 تى ئادەتتىكى قاتلامدىن ئىكەنلىكىنى؛ 33.3%تىنىڭ ئالىي مەكتەپ سەۋىيەسىگە، % 9نىڭ ماگىستىر ئۇنۋانىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى. كۆپ قىسمىنىڭ ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئوقۇغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان[5].

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىشى ھەمدە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈش تۈپەيلىدىن، ياشلارنىڭ ھازىرقى دەۋر جەمئىيىتى ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە بولغان تونۇشىدا جاھىللىق پەيدا بولۇپ، ھازىرقى جەمئىيەت تەرتىپىنى ۋاستە تاللىماي ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىۋاتىدۇ[6].

**2) ياشلارنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشتىكى ئىدېئولگىيە ئامىللىرى**

ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياشلارنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش سەۋەبى ئاساسلىقى غەرب ئىدېئولوگىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىدېئولوگىيەنىڭ توقۇنۇشىدىن ئىبارەت.

ماركسنىڭ قارىشىچە، ئىدېئولوگىيە سىياسىي ئىدىيە، دىن، ئەخلاق، پەلسەپە قاتارلىق قىممەت سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكىلىق ئالىم ئاندىرت جىئوجى ۋە جورجى بىراكد ئىدېئولوگىيە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىساد ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىي ئىدىيەۋى ئاڭ بولۇپ، مەلۇم بىر سىنىپ ياكى گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ[7] دېگەن. ياشلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرىدۇ. ئىجابىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياشلار ئىدېئولوگىيەنىڭ ئاساسلىق قوبۇل قىلغۇچىسى، ئۇلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش پىسخىكىسى، غايىسى ۋە قىزىقىشى مول، ئىلاستىكىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك كېلىدۇ. سەلبىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار تېررورلۇق ھەرىكەتلەرگە ئاساسلىق قاتناشقۇچىلار. ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بېسىمى پەيدىنپەي ئېغىرلايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى قانچە چوڭ بولسا ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ تەۋرىنىش شۇنچە زور بولىدۇ ھەم بېسىممۇ شۇنچە ئېغىرلايدۇ. ھازىرقى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيە ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولغاندا، نۇرغۇنلىغان ياشلار ھەمىشە بىر خىل كەسكىن ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ياشلارنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشى ھەمىشە ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ياكى مەنپەئەت تەقسىماتىغا بولغان قاتتىق نارازىلىقى ۋە ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئەسەبىي كەيپىيات بەلكىم سىرتقى ئىدېئولوگىيە، ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورۇن ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىغا بولغان نارازىلىقتىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

**3) تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ياشلارغا قاراتقان تەشۋىقات ئۇسۇلى**

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بېسىمىنىڭ تۈرتكىسىدە، تېرروررچىلار ھازىر مۇسۇلمان ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇشىغا پايدىلىق ئىجتىمائىي شارائىت هازىرلاشقا تىرىشماقتا. ئۇلارنىڭ ياشلارغا قاراتقان تەشۋىقات ئۇسۇلى تۆۋەندىكى شەكىللەردە كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئۈن - سىن بويۇملىرى، تەشۋىقات ۋەرەقچىسى ۋە ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈپ، جىهادنى تەرغىپ قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە دۆلەت بۆلگۈنچىلىكى ئېڭىنى يېتىشتۈرۈپ، جىهاد قىلىشنىڭ دىنىي قانۇنلۇقلۇقىنى ئىسپاتلاپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئابرۇيىنى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدىغان ئىجابىي ئوبرازىنى تىكلەش.

ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتىلار ئارقىلىق قۇترىتىش ئېلىپ بېرىش.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنى چىڭ تۇتۇپ، قوشۇنىنى كېڭەيتىش. مەسىلەن، ئىشسىز ياشلار ۋە نامرات قىزلارنى قوبۇل قىلىش.

«ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بىز بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلار ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى جىنىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، ئەسەبىي دىنىي كەيپىيات ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەر، دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئامما بىلەن هۆكۈمەت ۋە خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى يىراقلاشتۇرۇپ، مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئاممىۋى ئاساس سېلىپ، يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغۇچىلار. ئىككىنچىسى، سىياسىي جەھەتتە، ئاشكارە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولۇپ، ئاساسلىق شەكلى بولسا زوراۋانلىق، تېررورلۇق هەرىكەتلىرىدۇر.

تېررورىزمنىڭ «ئىزم» دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب: ئۇ سىستېمىلىق نەزەرىيە ۋە ئىجتىمائىي ئېقىمغا ئىگە بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق تەشكىلگە، نەزەرىيەگە، پىروگراممىغا ئىگە سىياسىي تېررورچى زوراۋان گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئافغانىستان ئۇرۇشىدىن كېيىن، بازا تەشكىلاتى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ، شەكىللىك تېررورلۇق تەشكىلاتىدىن شەكىلسىز جىهاد هەرىكىتىگە ئۆزگەردى، تېررورچى ئۇنسۇرلارنى سىرتقا چىقىرىشتىن ئەسەبىي ئىدىيە تارقىتىشقا ئۆزگەردى [8].

تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ئەسەبىي دىنىي ئىدىيەنى ئۆزىگە ۋاستە قىلغانلىقتىن، بۇ بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. ياشلىرىمىز قايسىنىڭ توغرا دىن يولى، قايسىنىڭ زوراۋان سىياسىي مەقسەتتىكى يول ئىكەنلىكىنى ئاسان پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، بۇ ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ» ساددا ئاممىنىڭ دىنىي كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى قانۇنسىز يولغا باشلايدۇ.

## 3. دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە ۋە ئۇنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان زىيىنى

دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە دىننى ۋاستە قىلىۋالغان بىر خىل ئەسەبىي ئىدىيە ئېقىمى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىلاھىي هاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دىن بىلەن هۆكۈمەت بىرلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇ 21 - ئەسىردىن بۇيان، تېررورىزم ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن بىرلىشىپ، ئۈچ خىل كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە رايون موقىملىقىغا ئېغىر تەهدىت ئېلىپ كەلمەكتە.

دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە ئەسەبىيلىك، ئالدامچىلىق، سىياسىيۋىلىك ۋە زوراۋانلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇنىڭ ماھىيىتى جەمئىيەتكە، ئىلىم - پەنگە، ئىنسانىيەتكە قارشى بولۇپ، هازىرقى خەلقئارا سىياسىي تۇرمۇشتىكى بىر رەزىل ئەكسىيەتچىل كۈچ. ئۆزىنىڭ ئەشەددىي سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىننى خالىغانچە بۇرمىلاپ، دىنىي ئەسەبىيلىككە كۈشكۈرتۈپ، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادقا ئىگە ئاممىلار ئارىسىدا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك قوزغۇتۇپ، زوراۋانلىق توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا قۇترىتىشتىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com



خەلقئارادىكى تېررورچى كۈچلەر تەپ تارتماستىن ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىگە تارتماقتا. «ئۈچ خىل كۈچ» 80 - يىللاردىن باشلاپلا ياش - ئۆسمۈرلەرنى سىڭدۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان بىر قاتار پىلان، پرىنسىپلارنى تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن، «ئوتتۇز يىللىق پىلان» ئىچىدىكى «ئالدىنقى ئون يىلدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش»؛ «دىنىي تۆتلەشتۈرۈش» پرىنسىپىدىكى «دىنىي ياشلاشتۇرۇش» ھەمدە «ئۈمىد قورۇلۇشى» قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى كۆپلىگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى پارتىيەگە، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرىدىغان، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىشكا قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتۇر.

**1) ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ توغرا دۇنيا قاراشنى تىكلىشىگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىدۇ**

«ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ياشلىرىمىز دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قېلىپ مەكتەپ، جەمئىيەت، ئائىلىدە دىنىي تەشۋىق قىلىدىغان، جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىق ۋە مىللىي بۆلۈگۈنچىلىك ئىدىيەسىگە ياتىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىدىغان، ئاممىۋى سورۇنلاردا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مەكتەپ، جەمئىيەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى ۋە شايكىسىنى قۇرىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەندى. ئايرىم بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئۆزىنىڭ مىڭ بىر تەسلىكتە قولغا كەلگەن، ئۇزۇندىن بىرى سۆيۈپ، قەدىرلەپ كەلگەن خىزمىتى، كەسپى، ئوقۇشىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنى، مەكتىپى، ئائىلىسى، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە ئەگىشىپ، قانۇنسىز دىنىي تەربىيەنى قوبۇل قىلىپ، ھەتتا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق چېگرادىن چىقىپ، ئۆزىنى چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى، دىنىي ئەسەبىي تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىشىغا ئاممىۋى ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. بىر قىسىم ياش ـ ئۆسمۈرلەر تۇيۇقسىز ئىشلارغا يولۇققاندا مەيدانى مۇستەھكەم بولالماي، ئاسانلا قۇتراتقۇلۇققا ئۇچراپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، قالايمىقانچىلىق ۋە تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ قالىدۇ. مەسىلەن: 2013 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى بېيجىڭ تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىكى جىنايەت گۇماندارلىرى ئىچىدە بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ئۇلار دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىرلىكتە تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ 6 ياشلىق ئوغلى ۋە 2 ياشلىق قىزىنى تاشلاپ، ۋەقە چىقىرىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى سېتىۋېتىپ، ساتقان 20 نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلغان.

**2) ھەر مىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئىناق، ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدۇ**

دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن، ئاز بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئىدىيەسى ۋە پسىخىكىسىدا خەنزۇلار بىلەن قارىمۇقارشى مەيدان شەكىللىنىپ، ئىش بىر تەرەپ قىلغاندا چاكىنا، تار مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا دىن ئارقىلىق مىللەت ئايرىيدۇ، مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ناماز ئوقۇمايدىغان باشقا ياش - ئۆسمۈرلەرنى ھاقارەتلەپ، مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە ئاسىيلىق قىلدى، مۇسۇلمان ئەمەس، كاپىر دەپ ئەيىبلەيدۇ. مۇسۇلمان ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىققا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**3) مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ**

دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ۋە سىڭىپ كىرىشى ئاستىدا، بىر قىسىم ياشلىرىمىز (ئاز بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەزالىرىمۇ بار) دائىملىق مىللىي ئۆرپ - ئادەت بولۇپ شەكىللەنگەن دىنىي پائالىيەتلەردىن ھالقىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت كەيپىياتى بىلەن ماسلاشمايدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ دىنىي دەپ

پەننىي بىلىم ئېلىشتىن ۋاز كېچىدىغان؛ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن نورمالسىز ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشى ئايدىڭ بولماي، ئۇنى يوشۇرىدىغان، يان باسىدىغان، يول قويىدىغان، ئىنكاس قىلمايدىغان، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە بويسۇنمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. نۆۋەتتىكى رېئاللىق بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، «ئۈچ خىل كۈچ» مەكتەپ ۋە جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرىسە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ۋە ياشلارنىڭ دىنغا بولغان مۇجمەل ۋە خاتا قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، نورمال ئوقۇتۇش ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، پارتىيەنىڭ مائارىپ، مىللەت، دىن سىياسىتىگە زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىغا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى بويىچە مەكتەپ، جەمئىيەت باشقۇرۇش پىرىنسىپىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

**4) ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام كىشىلىك قاراش شەكىللەندۈرۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ**

ياش ئۆسمۈرلەر، بولۇپمۇ قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ، ئۇلارغا دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى سىڭدۈرۈش، ئۇلارنى ئالداپ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش، دىنىي تەشكىلاتلارغا قاتناشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىدىيە ۋە ئېتىقادىغا يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇش، ئىرادىسىنى كونترول قىلىش بولسا، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ۋە تىزگىنلەش ھېسابلىنىدۇ. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ دىن ئارقىلىق سىڭىپ كىرىشى زامانىۋى مەكتەپ مەدەنىيىتىمىز، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى بۇلغاپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيەسىگە دىنىي ئاڭنى، ھەتتا ئەكسىيەتچىل ئىدىيەنى سىڭدۈرىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجابىي مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارى سۇسلاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەر ھازىرقى ئەۋزەل شارائىتنى قەدىرلىمەي، ئوقۇشىنى، كەسپىنى تاشلاپ، دىننى تەرغىب قىلىشنىڭ سادىق مۇرتى بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر قىسىم ياشلار دىنىي ئىدىيەسىنىڭ قويۇقلۇقى ياكى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئېغىر خاتالىق سادىر قىلىپ، دۆلەت ۋە يۇرتنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىقالمايدۇ.

## 4. «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

گەرچە، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىن ئارقىلىق سىڭىپ كىرىپ تەسىر كۆرسىتىشى قىسمەنلىك بولسىمۇ، لېكىن بىز دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىش ئىستراتېگىيەسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتكە سەل قارىساق بولمايدۇ. شۇڭا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ» تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېنىق تونۇپ، ئاكتىپ ھالدا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزگە بولغان تەربىيەلەشنى ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز لازىم.

**1) ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش كېرەك**

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان تۈپ ئاساس. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، ئاخبارات - نەشرىيات، رادىيو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت - سەنئەت قاتارلىق فۇنكسىيەلىك تارماقلار توغرا جامائەت پىكرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەر

ئۈچۈن پاكىز، ساپ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. بىرلىك سەپ، تەشۋىقات تارماقلىرى تەشۋىقات كۈچىنى زورايتىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قاراتقان رەزىل نىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ ۋە ئەمەلىي زىيىنىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، توغرا جامائەت پىكرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. دىن ئىشلىرى تارماقلىرى بىر تەرەپتىن، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي خادىملارنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشنى توسۇپ، ھەر قانداق شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ئالداش، قۇترىتىش، تەھدىت سېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا زورلاپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، توغرا دىنىي ئەقىدىلەردىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى مەلۇماتلىق، كۆرسەتمىلىك ۋەز ـ تەبلىغ ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالارغا زەربە بېرىپ، ئائىلە چوڭلىرىنىڭ ئىدىيەدىكى تەشۋىشىنى تۈگىتىش كېرەك. دىنىنى باشقۇرۇشتا «قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى چەكلەش، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش» پرىنسىپى بويىچە، تېررورچى كۈچلەرگە دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش بوشلۇقى قالدۇرماسلىق كېرەك. بۇنىڭدا دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشتىكى كونكرېت مەزمۇن ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. سىياسىي قانۇن تارماقلىرى «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاۋۋال قول سېلىش، بېشىنى كۆتەرگەن ھامان زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئىبرەت تەربىيەسى بېرىش؛ «ئازغان» ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش، پەردە ئارقىسىدىكى ئۇنسۇرلارنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىش، كۆشكۈرتۈش جىنايىتىگە زەربە بېرىش ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە سۇنۇلغان قارا قولنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ساپ، پائال ئىلگىرىلەيدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

**2) مەكتەپ تەربىيەسى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنى ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك**

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلەردىكى ئاساسلىق ۋە تايانچ كۈچ بولۇپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا مۇتەخەسسىسلەر: ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئىجتىمائىي تەربىيەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوبۇل قىلالمىسا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئۆلچىمى بىلەن ئۆزىنىڭ نىشانىنى توغرا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ئىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى ۋە ئىستەك يۆنىلىشى قىلىپ كېتەلمەيدۇ ھەمدە كۈچلۈك جەمئىيەت قارشى، ھۆكۈمەت قارشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىنىڭ داڭلىق تېررورلۇق مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى يۆنا ئالېكساندىر مۇنداق قارايدۇ: «تېررورچى ئۇنسۇرلار تۇغما ئەمەس، ئۇلار كېيىن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، تەربىيە قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن تېررورچى ئۇنسۇر بولۇپ شەكىللىنىدۇ، مائارىپ بولسا ئىنتايىن مۇھىم». «ئەگەر بىز مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆزگەرتمىسەك، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ بازىسىنى چۇۋۇپ تاشلىغان تەقدىردىمۇ، تېررورىزملىق ئىدىيەسىنى يوقىتالمايمىز»[9]. شۇڭا ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى نورمال مائارىپ پۇرسىتىدىن تولۇق بەھرىمان قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى تولۇق ئىگىلىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

**3) ئىدىيە سىياسىي تەربىيە بىلەن ئىلىم ـ پەن تەربىيەسىنى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەيدىغان قورال قىلىش كېرەك**

ئىدىيە سىياسىي تەربىيە بىلەن ئىلىم ـ پەن تەربىيەسى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ

كىرىشىنى چەكلەيدىغان مۇھىم قورال. مائارىپ تەربىيەسىدە ئۇسۇل ئىنتايىن مۇھىم، چوقۇم دوگمىچىلىقتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بىز شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، توغرا كىشىلىك قىممەت قارىشى تىكلەش ھەرگىز بىردەملىك ئىش ئەمەس، ئۇزاق مۇددەتلىك تىرىشىشقا، تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىلمىي قاراش تەربىيەسى چوقۇم ئەمەلىيەتنى تەكىتلىشى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىۋاستە كەچۈرمىشى ئارقىلىق ئىلىم ـ پەننىڭ توغرىلىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنىڭ جەلب قىلىش كۈچى ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى تىرىشىپ زورايتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشر بۇيۇملىرىنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم.

**4) تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدە، ياشلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە كۆپ خىل ئاجىز نۇقتىلار بار. ئۇلار «ئاسانلا ئىرق، مىللىي كەمسىتىش، ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنىڭ قۇترىتقۇلۇقىغا ئۇچرايدۇ». ياشلىرىمىزدا جەڭگىۋارلىق كۈچ نىسبەتەن ئاجىز بولۇپ، ئىقتىساد، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلىقى ۋە جەمئىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش مەزگىلىدە كېلىپ چىققان نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ يوچۇق تېپىشىغا شارائىت ھازىرلاپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە. شۇڭا بىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەت كۈچىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىدېئولوگىيەنىڭ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتۇشىمىز؛ كۆرسەتمىلىك تەشۋىقات تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى «ئىنچىلىقنى، ئىنسانىي ھوقۇقنى، دېموكراتىيەنى سۆيىدىغان»، «مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە پۇقرا» قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق ياشلىرىمىزدا توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، كىشىلىك قاراش شەكىللەندۈرەلەيمىز.

**5) قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مەخسۇس لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ، زېھىن ـ سىناش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قانۇننىڭ خەلق ۋە دۆلەت ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، پۇقرالارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغانلىقىنى، ھەر بىر پۇقرانىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى، باشقىلارنى ھوقۇقتىن خالىغانچە مەھرۇم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى قانۇنغا رىئايە قىلىپ، قانۇن تەرىپىدىن بېرىلگەن ھوقۇقى ئارقىلىق تۈرلۈك ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ، پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىگە خىلاپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزى ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قانۇن قورالى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشنى بىلىش، توغرا ئۇسۇل ئارقىلىق يولۇققان زىددىيەتلەرنى ئىنكاس قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ھەر قايسى ئورۇن ۋە شەخسلەر تەشۋىقات ۋە مائارىپ تارماقلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، تېلېۋىزور، گېزىت، رادىيو، تور ۋاستىسى، ئاممىۋى ئېلان، تېلېۋىزىيە قىسقا فىلىمى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسى ئارقىلىق ياش ـ

www.uyghurkitap.com



ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇيۇقسىز ۋەقەلەر ۋە بىنورمال ئەھۋالغا يولۇققاندا ئۆزىنى - ئۆزى قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىيالايدىغان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدىغان بولۇشى كېرەك.

## ئىزاھلار


[1] 王逸舟．恐怖主义溯源[M]．北京：社会科学文献出版社，2002年7月出版，第241页．

[2] 李运文．关于恐怖主义定义误区与缺失的思考[J]．国际政治研究，2003(2)，第95页．

[3] [9] 胡联合．当代世界恐怖主义与对策[M]．北京：东方出版社，2001年出版，第1 - 28页．

[4][5][6] 陈锴.愤青与恐怖主义——试析青年参与恐怖活动的意识形态因素[J]．当代青年研究，2010(7)，第18 - 25页．

[7] Andrew Gyorgy and George D. Blackwood.Ideologies in World Affairs [M], Blaisdell Publishing Company, 1967:6.

[8] 孙先伟、翟金鹏."东突"恐怖主义活动发展特点及防范打击对策[J]．中国人民公安大学学报，2008(4)，第21 - 26页．


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2016)02 ـ 045 ـ 07

# شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ھەققىدە*

**نۇرىيەم نىياز، دىلبەر رىشىت، مۇختەر ھاپىز**

(شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، شىنجاڭ رايونىدىن ۋەكىل خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنى بېكىتىپ، بېكىتىلگەن تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىدىن ئىختىيارى تاللاش ئۇسۇلى ئارقىلىق 612 نەپەر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى تاللاندى. تاللىۋېلىنغان تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى سوئال قەغىزى تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن ئېرىشىلگەن خام ماتېرىياللار Epidata3. 0 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى يۇمشاق دېتالى ۋە SPSS 17. 0 ئىستاتىستىكا يۇمشاق دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ ئانالىز قىلىنىپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ نىكاھلانغان ئاياللار دەپ ئېلىنىدۇ ) تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئېنىقلاپ چىقىلدى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار ئانالىز قىلىندى. شۇ ئاساستا، نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەرەققىياتتىكى رولى شەرھلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شىنجاڭ يېزىلىرى؛ ئۇيغۇر ئاياللىرى؛ تۇرمۇش سۈپىتى

**摘要**：目的：了解新疆维吾尔族乡村已婚育龄期妇女生活质量现状及影响因素。方法：用 SF36 量表对新疆 612 名维吾尔族乡村已婚育龄期妇女进行问卷调查。结果:新疆维吾尔族已婚育龄期妇女生活质量总分为(108. 12±11. 68)分，最高为 135 分，最低为 74 分；社会功能(86. 7±13. 7)分最高,其次是生理功能,生理职能,情感职能,身体疼痛。不同年龄组在社会功能,活力,精神健康方面差异无统计学意义外,其余各维度得分差异均有统计学意义，不同地区在精神健康得分差异无统计学意义外,其余各维度得分和总分差异均有统计学意义。结论:年龄和地区差异对新疆维吾尔族乡村已婚育龄期妇女生活质量的影响较大,希望有关部门增大对维吾尔族乡村已婚育龄期关注,对不同年龄和地区进行针对性的健康教育和思想教育活动,尤其对高龄育龄期妇女给予更多的关怀和帮助。

**关键词**：新疆乡村；维吾尔妇女；生活质量

**Abstract:** Research Objectives: to understand the living quality and actuality of Uyghur married childbearing women in rural areas of Xinjiang. Methodology: a questionnaire from 612 women has been collected. The collected data has been used for quantity analysis by SF36. Findings: the living quality index of the subject is 108.12±11.68, with the highest point 135 and the lowest point 74. The social function index is the highest with a point of 86.7±13.7 while physiological function, emotion, physical pain are followed. Except social function, activeness, mental health, any other differences of different age groups have statistical significance. Except mental health index from different regions, any other indexes have statistical significance. Conclusion: the age and regional differences affect the living quality of Uyghur married childbearing women. Attention, aid, education and care from related authorities are demanded. Especially elder subjects are needed to be well-concern and better support.

**Keywords:** rural areas of Xinjiang; childbearing women; living quality

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: R173　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

نىكاھلانغان ئاياللار ـ 18~49 ياشقىچە بولغان پەرزەنت كۆرۈش مەزگىلىدىكى ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ.

*بۇ ماقالە 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

本文是新疆医科大学卫生事业发展改革研究所课题（项目编号：HADR201503）阶段性成果

本文由新疆医科大学医学人文学科基金资助（50780413）

**ئاپتور:** نۇرىيەم نىياز (1961 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، تېببىي ئادىمىيەت ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ئائىلىنىڭ ياشاش شارائىتى ھەتتا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ، چارە ـ تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. بۇرۇن نىكاھلانغان ئاياللار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن تازىلىق بىلىملىرى، كېلىنچەكلىك كېسەللىكلەر، نىكاھ مەدەنىيىتى قاتارلىق تېمىلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار بىر قەدەر ئاز ئىدى. بۇ تەتقىقات شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىشنى ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە بەلگىلىك نەزەرىيەۋى ئاساس بولالايدۇ.

## 1. تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى

**1) تەتقىقات ئوبيېكتى**

ئىختىيارى ئەۋرىشكە ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئىلى، قۇمۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللاردىن 612 نەپەر تاللىنىپ، مۇكەممەل سوئال قەغىزىدىن 612 پارچە تارقىتىلىپ، ئۇنىڭدىن 600 پارچىسى يىغىۋېلىندى.

**2) تەتقىقات ئۇسۇلى**

سوئال قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى. سوئال قەغىزى ئەھۋال تەكشۈرۈش جەدۋىلى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى ئۆلچەم جەدۋىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەھۋال تەكشۈرۈش جەدۋىلى ئوبيېكتنىڭ يېشى، كەسپى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، نىكاھلىنىش يېشى، ئائىلىسىنىڭ ئايلىق كىرىمى، ئائىلىنىڭ تۈرى قاتارلىق 36 كۆرسەتكۈچتىن تەركىب تاپقان. تۇرمۇش سۈپىتى ئۆلچەم جەدۋىلى فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى(PF)، فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى(RP)، بەدىنىنىڭ ئاغرىشى(BP)، ئومۇمىي ساغلاملىق (GH)، ھاياتىي كۈچى IV، ئىجتىمائىي ئىقتىدار(SF)، ھېسسىيات فۇنكسىيەسى (RE)، روھىي ساغلاملىق (MH) تىن ئىبارەت سەككىز ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقى تۆت ئۆلچەم فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارغا تەۋە، كېيىنكى تۆت ئۆلچەم پسىخولوگىيەلىك ئىقتىدارغا تەۋە. ئۇنىڭدىن باشقا، سالامەتلىك ئۆزگىرىشى(HT) ئۆتكەن بىر يىلقى ساغلاملىق ئەھۋالىنى باھالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**3) سۈپەتنى كونترول قىلىش**

تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچىلار ئەترابلىق تەربىيەلەنگەن بولۇپ، تەتقىقات جەريانىدىكى بارلىق سوھبەت تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ تەكشۈرۈشكە ئالاقىدار ھەممە ئەھۋالنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان شارائىت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئېرىشىلگەن ماتېرىياللار سانلىق مەلۇماتلارغا كىرگۈزۈلۈپ ئىنچىكە سېلىشتۇرۇلدى؛ ئىستاتىستىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئانالىز قىلىنىپ، تەتقىقاتنىڭ چىنلىقى ۋە ئىشەنچلىكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

**4) ئىستاتىستىكا ئۇسۇلى**

EpiData3.1 سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ، خام ماتېرىيال سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلدى، خام ماتېرىياللار SPSS17.0 يۇمشاق دېتالىدا ئىستاتىستىكىلىنىپ، بۆلەكلەر نىسبىتى ۋە تەرتىپلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىلدى.

## 2. نەتىجە

**1) شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالى**

600 نەپەر تەكشۈرۈلگۈچى ئىچىدە يېشى 29~25 غىچە بولغانلار 17.5% نى، قالغان ھەر قايسى

ياشتىكىلەر %82.5 نى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يادرولۇق ئائىلىلەر %51.02نى، غوللۇق ئائىلىلەر%23.5نى، بىرلەشكەن ئائىلىلەر %18.16 نى، جورىسىز ئائىلىلەر%1.66 نى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئائىلىلەر%3.66 نى، پەرزەنتسىز ئائىلىلەر %2 نى ئىگىلىدى. مەدەنىيەت سەۋىيەسى بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدىكىلەر%31.02 نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيەسىدىكىلەر %24.83نى، باشلانغۇچ سەۋىيەسىدىكىلەر%18.33نى، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيەسىدىكىلەر %13.33نى، تولۇق كۇرۇس ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكىلەر%8.83 نى، ساۋاتسىزلار%3.66 نى ئىگىلىدى. دېھقانچىلىقنى ئاساسلىق كەسىپ قىلغانلار%38.68 نى، باشقىلار %20.33 نى، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدىغانلار %18.33نى، كادىرلار%10 نى، ئوقۇتقۇچىلار %9 نى، ئىشچىلار %3.66نى ئىگىلىدى. ئائىلىنىڭ ئايلىق كىرىم سەۋىيەسى بويىچە، ئايلىق كىرىمى 1000 يۈەندىن تۆۋەنلەر %32.66نى، 1999~1000 يۈەنگىچىلەر %20.5نى، 2999~2000 يۈەنگىچىلەر%20.5 نى، 5000~3000 يۈەنگىچىلەر%83 .17 نى، 5000 يۈەندىن يۇقىرىلار %5.16نى ئىگىلىدى.

**2) شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ئەھۋالى**

نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ئوتتۇرىچە نومۇرى 108.12 ± 11.68 بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى نومۇر 135، ئەڭ تۆۋەن نومۇر 74. سەككىز ئۆلچەم ئىچىدە ئىجتىمائىي ئىقتىدارى نومۇرى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى، فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى، ھېسسىيات ئىقتىدارى، بەدەننىڭ ئاغرىشى قاتارلىق ئامىللار1 ـ، 2ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

1 ـ جەدۋەل. شىنجاڭدىكى 600 نەپەر نىكاھلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىدە ئېرىشكەن نومۇرى

| ئۆلچەم | ئەڭ كىچىك قىممىتى | ئەڭ چوڭ قىممىتى | ئېرىشكەن نومۇرى($\bar{x}$ ± s) |
|---|---|---|---|
| فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى(PF) | 33 | 100 | 85.9±14.4 |
| فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى (RP) | 50 | 100 | 80.75± 19.38 |
| ھېسسىيات ئىقتىدارى(RE) | 0 | 100 | 80.33±20.17 |
| جەمئىيەت ئىقتىدارى (SF) | 40 | 100 | 86.7± 13.7 |
| بەدەننىڭ ئاغرىشى (BP) | 17 | 83 | 11.58±73.41 |
| ھاياتىي كۈچى (VT) | 29 | 92 | 10.87±61.54 |
| روھىي ساغلاملىقى(MH) | 37 | 80 | 7. 03±63 |
| ئومۇمىي ساغلاملىقى (GH) | 12 | 100 | 15. 28±68. 6 |
| 36 ـ SF ئومۇمىي نومۇرى | 74 | 135 | 11. 68±108. 12 |

2ـ جەدۋەل. شىنجاڭدىكى 600 نەپەر نىكاھلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ دەرىجىگە بۆلۈنۈش ئەھۋالى

| دەرىجىسى | قىممەت دائىرىسى | ئادەم سانى | تۈزۈلۈش نىسبىتى | ئېرىشكەن نومۇرى($\bar{x}$ ± s) |
|---|---|---|---|---|
| ياخشى | >117 | 95 | 15.83 | 122. 08±3. 49 |
| ئوتتۇرھال | 117—72 | 84.00 | 504 | 102. 20±10. 00 |
| ناچار | >72 | 1 | 0.17 | — |

**3) شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار**

(1)شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ يېشىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى. ئوخشىمىغان ياشتىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى، ھاياتىي كۈچى، روھىي ساغلاملىقىدا ئېرىشكەن نومۇر پەرقىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئىستاتىستىكىلىق قىممىتى يوق(p>0.05). باشقا ھەرقايسى بۆلەكلەردىن ئېرىشكەن نومۇر ۋە ئومۇمىي نومۇرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق قىممىتى بار(P<0. 05).

3 ـ جەدۋەل. ئوخشىمىغان ياشتىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىدە ئېرىشكەن نومۇرىنى سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى

| ئۆلچەم | 18~24 (ياش) | 25~29 (ياش) | 30~34 (ياش) | 35~39 (ياش) | 40~44 (ياش) | 45~49 (ياش) | $X^2$ | P |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى | 28(6) | 28(7) | 27(5) | 27(4) | 27(4) | 26(4) | 31. 436 | 0. 00 |
| فىزىيولوگىيەلىك فونكسىيەسى | 8(2) | 7(3) | 6(3) | 6(3) | 6(3) | 6(4) | 18. 387 | 0. 002 |
| ھېسسىيات ئىقتىدارى | 5(2) | 5(3) | 5(3) | 5(2) | 6(2) | 5(3) | 13. 416 | 0. 020 |
| جەمئىيەت ئىقتىدارى | 9(2) | 9(2) | 9(2) | 9(2) | 9(2) | 8(1) | 5. 716 | 0. 335 |
| بەدەننىڭ ئاغرىشى | 10(2) | 10(2) | 9(2) | 9(2) | 9(2) | 8(1) | 22. 164 | 0. 000 |
| ھاياتىي كۈچى | 15(3) | 15(4) | 15(3) | 14(3) | 14(3) | 14(3) | 10. 986 | 0. 049 |
| روھىي ساغلاملىقى | 19(3) | 19(2) | 19(3) | 19(3) | 19(3) | 19(3) | 6. 558 | 0. 256 |
| ئومۇمىي ساغلاملىقى | 19(5) | 18(4) | 17(5) | 17(5) | 16(7) | 16(5) | 39. 145 | 0. 000 |
| SF ـ 36 ئومۇمىي نومۇرى | 111(18) | 108(18) | 107(18) | 103(17) | 105(14) | 103(14) | 36. 158 | 0. 000 |

(2) ئوخشىمىغان ئائىلىلەرنىڭ يېزىلاردىكى نىكاھلانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى. ئوخشىمىغان ئائىلىلەردىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى ( $X^2$ =19. 423 p<0. 01) ۋە روھىي ساغلاملىقى ($X^2$ =11.345, p<0. 05) دا ئېرىشكەن نومۇر پەرقىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى بولۇپ، باشقا ھەرقايسى ئۆلچەملەردە ئېرىشكەن نومۇرى ۋە ئومۇمىي نومۇر پەرقىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى يوق (P>0. 05) . 4 ـ جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

4 ـ جەدۋەل. ئوخشىمىغان ئائىلە تىپىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىدە ئېرىشكەن نومۇرىنى سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى

| ئۆلچەم | مەركىزىي ئائىلە | غوللۇق ئائىلە | بىرلەشكەن ئائىلە | جورىسىز ئائىلە | قايتىدىن قۇرۇلغان ئائىلە | پەرزەنتسىز ئائىلە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى | 27 (5) | 26 (5) | 25 (5) | 25 (5) | 28 (5) | 28 (5) |
| فىزىيولوگىيەلىك فونكسىيەسى | 7 (3) | 7 (3) | 7 (3) | 6 (3) | 7 (2) | 7 (3) |
| ھېسسىيات ئىقتىدارى | 5 (2) | 5 (2) | 5 (2) | 4 (2) | 5 (2) | 5 (3) |
| جەمئىيەت ئىقتىدارى | 8 (2) | 9 (2) | 9 (2) | 9 (2) | 9 (2) | 9 (2) |
| بەدەننىڭ ئاغرىشى | 9 (2) | 9 (2) | 9 (2) | 9 (2) | 9 (2) | 9 (2) |
| ھاياتىي كۈچى | 15 (4 ) | 15 (4 ) | 10 (3 ) | 15 (2 ) | 14 (3 ) | 15 (2 ) |
| روھىي ساغلاملىقى | 19 (1) | 19 (2) | 19 (2) | 19 (2) | 19 (2) | 21 (2) |
| ئومۇمىي ساغلاملىقى | 18 (5) | 118 (2) | 17 (5) | 18 (10) | 18 (5) | (5) |
| SF ـ 36 ئومۇمىي نومۇرى | 107 (18) | 6 10 (14) | 104 (19) | 101 (23) | 108 (13) | 104 (18) |

(3) ئوخشىمىغان يېزىلاردىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ يېشىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە كۆرسەتمىگەن تەسىرى. شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئوخشىمىغان رايونلاردىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى، روھىي ساغلاملىق جەھەتتە ئېرىشكەن نومۇرىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى بولمىغاندىن سىرت ($x^2$=4. 139، P>0. 05 )، قالغان ھەرقايسى ئۆلچەملەردە ئېرىشكەن نومۇرى بىلەن

ئومۇمىي نومۇرنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى بار(P<0.01)( 5 ـ جەدۋەل).

5 ـ جەدۋەل. ئوخشىمىغان رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىدە ئېرىشكەن نومۇرىنىڭ سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى

| ئۆلچەم | جەنۇبىي شىنجاڭ | شىمالىي شىنجاڭ | شەرقىي شىنجاڭ | p | X2 |
|---|---|---|---|---|---|
| فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى | 0. 000 | 18. 907 | 28 (5) | 27 (4) | 26(9) |
| فىزىيولوگىيەلىك فونكسىيەسى | 0. 034 | 6. 739 | 7 (3) | 7 (3) | 6 (3) |
| ھېسسىيات ئىقتىدارى | 0. 000 | 17.072 | 10 (2) | 9 (2) | 9 (2) |
| جەمئىيەت ئىقتىدارى | 0. 000 | 25.12 | 18 (6) | 18 (4) | 17 (6) |
| بەدەننىڭ ئاغرىشى | 0. 003 | 11.397 | 15 (3) | 13 (2) | 14 (3) |
| ھاياتىي كۈچى | 0. 000 | 16.111 | 9 (2) | 9 (2) | 8 (2) |
| روھىي ساغلاملىقى | 0.126 | 4.139 | 6 (2) | 5 (2) | 5 (3) |
| ئومۇمىي ساغلاملىقى | 0.033 | 6.828 | 19 (3) | 19 (2) | 19(3) |
| SF - 36 ئومۇمىي نومۇرى | 0. 000 | 27.117 | 110 (16) | 108 (12) | 103(19) |

## 3. مۇھاكىمە

**1) شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ئەھۋالى**

نىكاھلانغان ئاياللار بىر ئائىلىدە تۈپ بولۇپ ئۇلار جەمئىيەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاشنىڭ ھەربىر ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى ۋە نوپۇس سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار. نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرھال سەۋىيەدىكىلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ياخشى ھالەتكە يۈزلەنگەن. بۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا بىرقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي ئىقتىدارى، فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى، فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى، ھېسسىيات ئىقتىدارى، بەدەننىڭ ئاغرىشى قاتارلىق تۈرلەردە ئېرىشكەن نومۇرى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان. فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى بولغان، يەنى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئۆزىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن ھەرىكىتى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ھەربىر ئايال ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. بەلكىم نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ياش ئارىلىقى بىر قەدەر چوڭ بولۇشى ھامىلىدارلىق مەزگىلى، تۇغۇت مەزگىلى، بالا ئېمىتىش مەزگىلى، ھەيز كېسىلىش مەزگىلى قاتارلىق ئوخشىمىغان مەزگىللەردىكى فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىشنىڭ بىر قەدەر چوڭ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

**2) شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار**

ئوخشىمىغان رايونلاردىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىردەك چىقمىدى. بۇ قېتىمقى تەتقىقاتتا ئوخشىمىغان ياش ۋە ئوخشىمىغان رايوننىڭ تەسىرىنىڭ بىر قەدەر چوڭ ئىكەنلىكى، بۇ ئەھۋالنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا قوللانغان ئۆلچەم ۋە ئېرىشىلگەن ئومۇمىي نومۇرغا تەسىرى بارلىقى، لېكىن ئوخشىمىغان ئائىلە تۈرىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئۆلچەم ۋە ئومۇمىي نومۇردا پەرق يوق ئىكەنلىكى بايقالدى. بۇ بەلكىم ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەربىر يېزىدىكى نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ۋاپادار ئايال، ياخشى ئانا بولۇپ يېتىشتىلگەندىن سىرت ، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى، ناخشا ـ ئۇسۇلنى ياخشى كۆرۈشى، تۇرمۇشقا بولغان ئاكتىپ پوزىتسىيەسى ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئىززەتلىشى، ئائىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەييار تۇرۇشى، ئاسان قانائەتلىنىشى، كۆڭۈلچەكلىكى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(1)ياشنىڭ تەسىرى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا ياشنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، ياش قانچە چوڭ بولسا تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ شۇنچە ناچارلىشىدىغانلىقى، ياشنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھەيز كېسىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويۇشى بىلەن بەدەندىكى كېسەللىكلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، كەيپىياتىنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىدىغانلىقى بايقالدى. بۇ قېتىمقى تەتقىقاتتا ئوخشىمىغان ياشتىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدار ۋە روھىي ساغلاملىقىدىن باشقا ھەرقايسى ئۆلچەملەردە ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى بارلىقى بايقالدى. فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى، فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى، بەدەننىڭ ئاغرىشى، ئومۇمىي ساغلاملىق، تۇرمۇش سۈپىتى ئومۇمىي نومۇرىدا 29~18 ياشتىكىلەرنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى باشقا گۇرۇپپىلاردىن يۇقىرى؛ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ۋە بەدەننىڭ ئاغرىشى ئۆلچىمىدە 49~45 ياشتىكىلەرنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى باشقا گۇرۇپپىلاردىن تۆۋەن بولدى. شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئېڭى ئاجىزلاپ، ئىچكى - تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئىقتىدارى، بەدەننىڭ تۈرلۈك فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارلىرى تۆۋەنلەپ، بەدەن تېخىمۇ ئاجىزلاپ، جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنىڭ ئازلىشى، تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال سەھىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا قارىتا ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتىپ، «ئاياللار ئۆينىڭ ئىچىدە، ئەرلەر سىرتىدا خوجايىن» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئاياللارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. شۇنداقلا، ھەيز كېسىلىش مەزگىلىدە تۇرغان ئاياللاردا ھەيز كېسىلىش مەزگىلىگە توغرا قارايدىغان يېڭى ئىدىيە تۇرغۇزۇپ، زامانىۋى مېدىتسىنا تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق ياشنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە كۆرسىتىدىغان پاسسىپ ئامىللىرىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ھەممە جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈش، بولۇپمۇ چوڭ ياشلىق ئاياللارغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) ئائىلە تىپى ۋە رايون پەرقىنىڭ تەسىرى. بۇ تەتقىقاتتا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى ئوخشىمىغان تىپتىكى ئائىلىلەردىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئانالىز قىلىش جەريانىدا، ئائىلە تىپىدە ئېرىشىلگەن ئومۇمىي نومۇرنىڭ ھېچقايسىسىدا پەرق يوقلۇقى بايقالدى. ئوخشىمىغان رايوندىكىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىدە روھىي ساغلاملىقتىن باشقا ئۆلچەملەرنىڭ پەرقىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى بارلىقى مەلۇم بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شەرقىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىدە ئېرىشكەن نومۇرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭدىن شەرقىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، شىمالىي شىنجاڭدىكىلەرنىڭ بەدەننىڭ ئاغرىشى دېگەن تۈردە ئېرىشكەن نومۇرى ئەڭ يۇقىرى چىقتى. بۇ بەلكىم ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز. شىمالىي شىنجاڭنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن يۇقىرى، ھەمدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش

جەرياندا سۇ بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقتى جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكىلەرنىڭكىدىن كۆپ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ بەل - پۇت ئاغرىش ئەھۋالى بىر قەدەر يۇقىرى، بۇ شىمالىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نىكاھلانغان ئاياللارنىڭ بەدەن ئاغرىش تۇرىدە ئېرىشكەن نومۇرىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشىمىغان رايوندىكى ئاياللارغا ئۆزىنى ئاسراشنى مەزمۇن قىلغان ساغلاملىق تەربىيەسى ۋە بۇ ھەقتىكى بىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ رايونغا ماس كېلىدىغان ساغلاملىق تەربىيەسى بىلىملىرىگە ئېرىشەلەيدىغان ۋە ئۆزئارا بىلىم ئالماشتۇرۇپ ئۆزئارا سۆزلىرىنى ئىپتالايدىغان پۇرسەتلەرگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇھىتىنى ياخشىلاپ، روھىيىتىنى مولاشتۇرۇپ، تۇرمۇش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. 于景科. 已婚育龄妇女生命质量与家庭环境因素的关系研究[D]. 20080413.
2. 高玲,曹静,徐崇凯等. 深州户籍和非户籍育龄期妇女生存质量调查分[J]. 2013 (2):174 - 175 页.
3. 宋爱芹,李印龙,邱玉环等. 家庭环境与已婚育龄妇女生命质量的关系研究[J]. 中国妇幼健康研究. 2008 (2).
4. 周王艳,吉珂,陈家应等.我国农村居民健康相关生命质量及其影响因素分析[J].南京医科大学学报（社会科学版）. 2011 (3).
5. 周洪敏,刘达伟. 妇女生命质量研究进展[J]. 2006 (11):2071 - 2072.
6. 宋爱芹,邱玉环,李印龙等.济宁医学院预防医学系，山东济宁 2013(27)，基于 WHOQOL- 100 量表的已婚育龄妇女生命质量评价奉. 2007.
7. 王艳梅. 乌鲁木齐市社区老年人生活质量和社会支持的研究[D]. 新疆医科大学,2008(7).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 08 ـ 052 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى رولى توغرىسىدا*

## توختى ئەمەت

(شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830023)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك كەسىپلىرىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، بۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇڭا شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، پەقەت ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئوكۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە، شۇنداقلا بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە، چوقۇم تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك . ماقالىدە، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ۋە سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئەۋزەللىكى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىدۇ .

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى؛ ئىشقا ئورۇنلىشىش؛ سىنىپ مۇدىرى

**摘要：** 中央新疆工作座谈会召开以来，新疆的各方面的事业都发生了翻天覆地的变化。同时，新疆高校少数民族毕业生就业难的问题也引起了各级党政机关的高度重视。新疆高校少数民族毕业生的就业工作，不仅是各高校应该常抓不懈的重要工作，也是一项重大的政治任务，直接关系到保持新疆社会稳定和长治久安。本文结合工作实际，对新疆少数民族毕业生就业难的主要原因进行了分析，探讨了新疆高校少数民族班级班主任在就业工作中的优势。

**关键词:** 少数民族大学生；　班主任；　就业

**Abstract:** The employment rate of minority ethnic college students of Xinjiang has been highlighted since Xinjiang's Work Seminar. It has been seen as one of the most important works and political mission for colleges in Xinjiang. This paper analyzes employment difficulties of minority ethnic college students in Xinjiang, and discusses the important role of class adviser in promoting employment rate of them.

**Keywords:** minority ethnic college students; class adviser; employment

كىتابلارنى جۈگكۈچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G647.38　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنىڭ سەۋەبلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئېلان قىلغان 2012~

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە، مەملىكەتلىك مائارىپ ئىلمىي «12 ـ بەش يىللىق» پىلان تۈرى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ 2013 ـ يىللىق نۇقتىلىق پەن ـ تەتقىقات تۈرى (تەتقىقات نومۇرى: DIA130318) باسقۇچىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدۇر.

ئاپتور: توختى ئەمەت، (1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ماگىستىر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

2014 - يىلىغىچە بولغان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ئىستاتىستىكا جەدۋىلى:

| يىلى | ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئومۇمىي سانى | ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ سانى | ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى | ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى | ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 2014 - يىلى | 72267 | 24413 | 63.9% | 82.69% | 88.63% |
| 2013 - يىلى | 73768 | 25539 | 58.56% | 80.36% | 88.44% |
| 2012 - يىلى | 68355 | 22406 | 62.6% | 80.49% | 88.5% |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىدىن تۆۋەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەن بۇ مەسىلىنى خىزمەت ئەمەلىيىتىمگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىدىم:

**1) شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىدىيەسىنىڭ قاتمال ۋە كونىچە بولۇشى**

بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىشتەك ئەنئەنىۋى قاراش شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىگىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالدى»[1]. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ 80% تى كەسىپ تاللىغاندا، ئالدى بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشنى تاللىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە پەقەت ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئورۇنلىشالىسىلا ئاندىن ھەقىقىي ئىشقا ئورۇنلاشقان بولىدىكەن. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ياكى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئىش ھەققى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرلىك ئىش ئورنىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا رازى بولىدىكەنكى، ئىش ھەققى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كارخانا ئورۇنلىرىدا ئىشلەشنى خالىمايدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئائىلىسى تۇرۇشلۇق جايغا قايتىپ كېلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش خاھىشى ئومۇميۈزلۈك دېگىدەك بولۇپ، ئۆزى ئوقۇغان كەسىپ بىلەن يۇرتىنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتىنىڭ ماس كېلىش - كەلمەسلىكىنى ئانچە ئويلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئانچە خالىمايدۇ. بۇلار تەبىئىيلا ئوقۇش پۈتكۈزگەن بىر قىسىم ئازسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرىنىڭ تويۇنۇپ كېتىشىنى ھەمدە زىيادە رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ[2]. خەنزۇ ئىستۇدېنتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاقتىدىكى تەشەببۇسكارلىق كەمچىل بولۇپ، ئۆزىنى دادىللىق بىلەن تونۇشتۇرۇش ئىگى يېتەرلىك ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى زىيادە يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئامىل ئۆگەنگەن كەسپى تۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوقۇش پۈتكۈزگەن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى خىزمەت تاللىغاندا ھەمىشە ئۆيىگە

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېقىن، تەمىناتى ياخشى، ئىشى يەڭگىل، ھەم بىر قەدەر مۇقىم بولغان خىزمەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئويلىغان يېرىدىن چىقمىسىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى خالىمايدۇ.

**2) بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى تۆۋەن، ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى رىقابەت كۈچى يېتەرسىز**

«ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئىمتىھان نەتىجىسىگە نومۇر قوشۇش تۈزۈمى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە» [3].

ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش شەرتى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى تەربىيەلەش تەلىپىمۇ بىر قەدەر كەڭ قويۇۋېتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تەربىيەلىنىش سۈپىتىدىمۇ بەلگىلىك پەرق شەكىللىنىپ، ئومۇمىي ساپاسى، تېخنىكا ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالماي، ئاز بولمىغان پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىشقا قوبۇل قىلىشىدىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچ بولۇپ قالدى. «گەرچە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، بىراق بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا خەنزۇ تىلىدا بىمالال ئالاقە قىلالماي، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ تەلىپىگە يېتەلمەيدۇ، بۇ ئامىل ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ» [4].

**3) شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش بوشلۇقى چەكلىك، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا تاللاش ئىمكانىيىتى ئاز**

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭدا قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسەن دېگۈدەك كەلگەن يېرىگە قايتىشنى تاللايدۇ. «بىراق، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەڭپۇڭ ئەمەس، بۇ ئامىل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، بۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ياخشى ئەمەس، سانائەت كارخانىلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن چەكلىك، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى باشقا رايونلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئاز» [5]. گەرچە شىمالىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىساد بەلبېغى رايونلىرىدا ئىقتىساد نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئېھتىياجىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى. «بىراق كۆپ قىسىم خەنزۇ ئىستۇدېنتلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى رايونلارغا مەركەزلىك ئورۇنلاشقان، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى جەھەتتە ھازىرلىغان نىسپىي ئەۋزەللىكى رىقابەتتە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش بوشلۇقىنى كېمەيتىۋېتىدۇ» [6]. بۇ ئامىللار شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش رايونىنى تاللاش جەھەتتە ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، شۇنداقلا بەلگىلىك نەتىجىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈردى. بىراق، «ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى بارغانسېرى ئېغىرلاۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز ئەتراپلىق، ئىنچىكە يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى كېرەك»[7]. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى تېخىمۇ قىيىن، قاراتمىلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك، تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرى، شۇنداقلا تېخىمۇ نازۇك بولغانلىقتىن، پەقەت ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بۆلۈملىرىنىڭ ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمىتىگە تايىنىپلا كۈندىن- كۈنگە قىيىنلىشىۋاتقان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تەس. پەقەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى قوشۇنىنى كېڭەيتىش، خىزمەت مەزمۇنىنى كۆپەيتىش ھەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ھەممەيلەننىڭ قاتنىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئىستۇدېنتلار خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇۋاتقان سىنىپ مۇدىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە كەم بولسا قەتئىي بولمايدىغان مۇھىم كۈچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر، رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ سىنىپ مۇدىرى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى.

## 2. سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئەۋزەللىكى

### 1) ھېسسىيات ئەۋزەللىكى

سىنىپ مۇدىرى — ئىستۇدېنتلارنىڭ مەكتەپ ھاياتىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ سىنىپ مۇدىرلىرى ئىستۇدېنتلار مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش جەريانىدا، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ئىشىنىش ھاسىل قىلىدۇ. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان بولغاچقا مۇئەللىمنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. ھېسسىيات جەھەتتىمۇ سىنىپ مۇدىرىغا يېقىن بولۇپ، سىنىپ مۇدىرى ھەمىشە ئىستۇدېنتلارنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە ئوبدان دوستى بولۇپ قالىدۇ، «ئۇستازىغا ئىشەنگەنلەر، ئۇستازى تۇتقان يولغىمۇ مۇقەررەر ئىشىنىدۇ». مۇشۇنداق ھېسسىيات ئورتاقلىقى بولغاچقا، ئىستۇدېنتلار ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەردە سىنىپ مۇدىرىنىڭ تەكلىپ پىكىرلىرىنى تېخىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، بۇ تەبىئىيلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئىشەنچ دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، سىنىپ مۇدىرى ئىستۇدېنتلار بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى، ئىقتىدارى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، ئائىلە ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىق خاسلىقىنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ، بۇنىڭ «كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش»، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىقتىدارىغا ماس ھالدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە موھىم رولى بار.

### 2) ئومۇمىي مۇساپە ئەۋزەللىكى

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ۋاقتى ئادەتتە 4~5 يىل بولۇپ، بۇ جەرياندا سىنىپ مۇدىرى ئىستۇدېنتلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، يەنى سىنىپ مۇدىرى ئىستۇدېنتلارنىڭ مەكتەپتىكى ئۆسۈپ - يېتىلىش ھاياتىغا پۈتۈنلەي ھەمراھ بولىدۇ. بۇ باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەۋزەللىكتۇر. شۇڭا، سىنىپ مۇدىرى تېخىمۇ كۆپ ۋاقتى ۋە زېھنىنى يىللىقلار قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشقا سەرپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى

يۇقىرى كۆتۈرۈش ــــ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم خىزمەت بولۇپ، سىنىپ مۇدىرى پۈتۈن مۇساپىلىك ۋە ھەر تەرەپلىمە ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يىللىقلار قۇرۇلۇشىنى خىزمەت سۈپىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىشى، كۆپ خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېڭى، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى قاتارلىقلارنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئەگەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپلا، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە يېتەكلەنسە ۋە تەربىيەگە ئىگە بولسا، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ ئۈنۈم يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

3) كەسپىي ئەۋزەللىكى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ سىنىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، بۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى زور قولايلىقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىر تەرەپتىن، سىنىپ مۇدىرى كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغانلىقتىن ئىستۇدېنتلار بىلەن تېخىمۇ كۆپ پىكىر ئورتاقلىقىغا ئىگە بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ كەسپىي ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلالايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەسپىي ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىستۇدېنتلار ئۆگىنىۋاتقان كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىستىقبالىغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ تونۇشقا ئىگە بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئىستۇدېنتلارنىڭ توغرا كەسىپ ئېڭى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش نىشانى تۇرغۇزۇشىغا تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلالايدۇ.

## 3. سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى رولى

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئاساسلىق رولىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) ئىدىيە جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش

بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان توغرا كەسىپ تاللاش قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكلەش ــــ سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدا پەقەت ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقانلىلا ھەقىقىي ئىشقا ئورۇنلاشتى، دەپ قاراش، كارخانا ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىششنى خالىماسلىق، ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى خالىماسلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىدىيەسى شەكىللىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششىنى زور دائىرىدە چەكلەپ قويىدى، بۇ خىل ئىدىيەنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك. سىنىپ مۇدىرى ئۆزىنىڭ سالاھىيەت ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىستۇدېنتلارغا بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش تەربىيەسى خىزمىتىنى ئىستۇدېنتلارغا قارىتىلغان بارلىق خىزمەت بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پوزىتسىيەسىنى توغرىلاپ، ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئىستۇدېنتلار بىلەن تولۇق پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئويىنى ھەقىقىي چۈشىنىش كېرەك. بۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ۋاقتىدا يېتەكچىلىك

قىلىشقا؛ ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىغا، ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۇرۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى «ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىغا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قارىشى تىرەك بولغان بولىدۇ»[8]. ئاتا- ئانىلارنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىدىيەسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. شۇڭا سىنىپ مۇدىرلىرى بار ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشتە ئاتا - ئانىلارغا بولغان خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلەش كېرەك. سىنىپ مۇدىرى ئاتا - ئانىلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئىستۇدېنتلار ئالاقە بەلبېغىلىق رول ئوينايدۇ، بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ قولايلىق شارائىتقا ئىگە قىلىپلا قالماي، سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئاتا - ئانىلارنى قايىل قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2) ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش**

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل — ئۇلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدۇر. مەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى كۈزىتىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان ئامىللار ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تۆت تۈرنىڭ تەرتىپىنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىقتىم: خەنزۇچە ئىپادىلەش ئىقتىدارى، كەسپىي ساپا - ئىقتىدارى، كىشىلەرئارا ئالاقە باغلاش - ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىدىيە، ئەخلاق - پەزىلىتى قاتارلىقلار. بۇ ئىقتىدار ۋە ساپانى شەكىللەندۈرۈش ئۇزاق مۇددەتلىك جەريان بولۇپ، چەكلىك بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش لېكسىيەلىرىگە تايىنىش بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا يىللىقلار قۇرۇلۇشى بۇ ئىقتىدار ۋە ساپانى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم بازىسى بولۇپ، سىنىپ مۇدىرى سىنىپنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرغۇچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش تەربىيەسىنى يىللىقلار قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشقا سىڭدۈرۈشى، ئالاقىدار پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ لايىھەلەپ ۋە تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا، كۈندىلىك تۇرمۇشى، يىللىقلار پائالىيىتى، ئوقۇتۇش پائالىيىتى قاتارلىقلارغا ئاز - ئازدىن چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ مېڭىشى، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ خەنزۇچە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى مەركەز قىلغان ئالاقىدار ئىقتىدارلىرىنى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ھەمدە ئۇلاردا ياخشى ئۇنىۋېرسال ساپا شەكىللەندۈرۈش، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەتبىقلاش، كەسىپ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئىزدەش ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەربىيەلىنىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ جەرياندا، «سىنىپ مۇدىرى ھەر بىر ئىستۇدېنتنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش، ھەربىر ئىستۇدېنتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى ۋە يۈزلىنىشىنى چۈشىنىش»[9]، «ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىگە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش كېرەك»[10]. ئىستۇدېنتلار دۇچ كەلگەن ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا قارىتا، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئايرىم قابىلىيىتىگە ئاساسەن ئايرىم يېتەكچىلىك قىلغاندا، ئەمەلىي ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

**3) ئىشقا ئورۇنلىشىش جەريانىدىكى روھىي ھالىتىنى تەڭشەش**

نۆۋەتتە ئىستۇدېنتلار كۆپىنچىسى زورىيىۋاتقان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىغا دۇچ كېلىپ، خىزمەت

www.uyghurkitap.com



ئىزدەش، كەسىپ تاللاش جەريانىدا ھەمىشە تەشۋىشلىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، ھەسەت قىلىش، قورقۇش قاتارلىق پسىخىكىلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش جەريانىدا تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاسانلا تۈرلۈك پسىخىكىلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەشۋىشلىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، پاسسىپلىق، ئۇگۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك قاتارلىق ناچار روھىي ھالەتلەر بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. «بۇ خىل پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى بەكلا ئاجىز بولۇپ، بايقاش قىيىن، پەقەت ئىستۇدېنتلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىدىغان سىنىپ مۇدىرىلا بۇنى بايقىيالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ئىستۇدېنتلارمۇ پەقەت ئۆزى ئىشىنىدىغان كىشىگىلا ئېيتىشنى خالايدۇ» [11]. شۇڭا سىنىپ مۇدىرى ئىستۇدېنتلارنىڭ خىزمەت تېپىش، كەسىپ تاللاش جەريانىدىكى ئەڭ ياخشى پسىخىك مەسلىھەتچىسى بولۇپ، يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر يۈز بەرگەندە ئىستۇدېنتلارنى پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەپ ۋە تەڭشەپ تۇرۇشى، قىيىنچىلىقلارنى ئاقىلانە تونۇشقا، پاسسىپ روھىي ھالەت ۋە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پسىخىكىسىنى يېڭىشكە ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۇلارنى ئۆز- ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەڭشەش، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى تونۇپ يېتىپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش رىقابىتىگە پائال تاقابىل تۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

### 4) ئىشقا ئورۇنلىششقا ھەيدەكچىلىك قىلىش

بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. تۈرلۈك خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش يىغىنلىرى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى مۇھىم يول بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىختىساسلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىش تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقى نىسبەتەن تۆۋەن. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ سىنىپ مۇدىرلىرى ئىستۇدېنت، ئاتا- ئانىلار ۋە مەكتەپكە نىسبەتەن يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشى، ئىستۇدېنتلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك خادىم قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئورۇنلىرى ئۇيۇشتۇرغان خادىم قوبۇل قىلىش يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئۆزىنى دادىللىق بىلەن تونۇشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى ھەم ئۆز ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، پائال تەۋسىيە قىلىش. « ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئىستۇدېنتلارنى قوبۇل قىلىدىغان چاغدا، كۆپ ھاللاردا تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى، ئۆگىنىش نەتىجىسى، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى، قىزىقىشى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ بولغان بولىدۇ» [12]، ھالبۇكى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەپسىلىي ئەھۋالى بىلەن تولۇق تەمىنلىگۈچى دەل سىنىپ مۇدىرىدۇر. شۇڭا سىنىپ مۇدىرى «ئىستۇدېنتلارنىڭ خىزمەت ئىزدەش، كەسىپ تاللاش جەريانىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ ئۈنۈملۈك تونۇشتۇرغۇچىسى» [13] بولۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان تەۋسىيە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ .

### 5) ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش

بىرىنچىدىن، مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئىستۇدېنتلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمىلىك، كۆپ فۇنكسىيەلىك،

كۆپ قاتلاملىق ۋە سىتېرېئولوق ئالاقە تورى قۇرۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان بىرەرمۇ ئىستۇدېنت بىلەن ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ، زۆرۈر بولغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردىمى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغان ئىستۇدېنتلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدارىدىكى خىزمەت ئەھۋالى، ئاساسلىقى مائاشى، تەمىناتى، خىزمەت مۇھىتى، خىزمىتىدىن رازى بولۇش نىسبىتى، خىزمىتىنىڭ مۇقىملىقى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

ئومۇمەن، نۆۋەتتىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ سىنىپ مۇدىرلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە قويدى، سىنىپ مۇدىرلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم ھالقىغا ئايلىنىپ، ئۇللۇق رول ئويناپ كەلدى. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باھالاش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى قىزغىنلىقى ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى قوزغىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدار تەربىيەسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك .

## ئىزاھلار:


[1][2][3][4][5][6]黄平，安晓红.做好新疆高校少数民族离校未就业毕业生就业服务探析[J].煤炭高等教育，2014，(9)：25.

[7][9][10][11]李印伟，唐邦勤.试论班主任在大学生就业工作中的作用及其充分发挥[J].中国大学生就业，2007，(8)：5.

[8]肖晶.预则立，不预则废----五年制高职班主任如何对学生开展职业生涯规划全程化指导[J].文理导航（中旬），2011，(4)：20.

[12][13]曹媛.浅析高校辅导员在大学生就业工作中的作用[J].大舞台，2010，(12).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 08 ـ 060 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر*

ئالىنۇر ئابدۇرەھمان

(قەشقەر ئۇنىۋېرستېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى، قەشقەر.844000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشى جەريانى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈش ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدۇ، نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبلىرى بايان قىلىندۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇرلار؛ ئاياللار؛ نىكاھ ـ ئائىلە

**摘要**：本文对维吾尔族妇女婚姻家庭生活历程及其变迁进行了论述，展示了现代维吾尔族妇女婚姻家庭生活的基本情况，分析了维吾尔族妇女婚姻家庭生活的变迁动因。

**关键词**：维吾尔族；女性；婚姻家庭

**Abstract:** By discussing changes of marital and family life of Uyghur women, this paper exposes the basic marital and living condition of Uyghur women, and analyzes the factors of changing.

**Keywords:** Uyghur; women; marriage and family.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C95　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

2015 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى كۆرگەزمىسىدىكى ئىستاتىستىكىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 11 مىليون 271 مىڭ 900 بولۇپ، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ % 48.53 تىنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %49.10نى ئىگىلەيدۇ[1]. ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلاردا ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نىكاھ ـ ئائىلە شەكلى ۋە قارىشى شەكىللەنگەن. يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە ئۇلارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ھەمدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 1. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇش جەريانى

نىكاھ ـ ئائىلە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىكى مۇھىم ئۇسۇلى بولۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار قەدىمىي مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالار تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەر بار. بۇلار ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشى جەريانىنى

*بۇ ماقالە 2016ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات بازىسى قەشقەر ئۇنىۋېرستېتى جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقات مەركىزىنىڭ 2015 ـ يىللىق تەتقىقات تۈرى، «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئوينايدىغان رولى توغرىسىدا تەتقىقات»، تەستىق نومۇرى (XJEDU070115C08) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى .مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر پەن تەتقىقات شىنجاڭ تۈرى، «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئوينايدىغان رولى توغرىسىدا تەتقىقات» تەستىق نومۇرىJjjC71000115 نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: ئالىنۇر ئابدۇراھمان (1975 ـ يىل 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، ماگىستىر، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، ئۇلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم كۆزنەك ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە، چۆچەكلىرىدە ئىنسانلارنى ياراتقان ۋە ئەۋلادلارنى تۇغۇپ، بېقىپ چوڭ قىلغان ئايالنى بىر ئىلاھە دەپ ئەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، «ئىلاھەنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بەرپا قىلىشى»، «ئىلاھەنىڭ بالىلىق بولۇشى»، «ئىلاھە ئانا دەرىخى» دېگەندەك ئەپسانە - چۆچەكلەر بار[2]. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىسىدىكى ئوردىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئېرىشكەن ئىلاھە ئۇمايمۇ ئاسمان - زېمىن ئارىلىقىدا تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە يورۇقلۇق، بەخت، بالا - چاقا ئاتا قىلغانمىش. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ ئۇماي ئىلاھنى بوۋاقلارنى قوغدىغۇچى پەرىشتە، دەپ تەسۋىرلىگەن.

يۇقىرىقى ئەپسانە، رىۋايەتلەردە ئاياللارنىڭ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئىكەنلىكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋۇز ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشقانلىقى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىيە 4~6 - ئەسىرلەردە دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادى بولغان قاڭقىللار ئاتا - ئانا، پەرزەنت، كېلىن ۋە نەۋرىلەردىن تەشكىل تاپقان ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى چوڭ ئائىلىگە ئايلانغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشى بىر قەدەر مۇقىملاشقان ۋە تەرتىپلەشكەن. «ۋېينامە قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: قاڭقىللار ئات - كالىلىرىنى تويلۇق قىلىپ بېرىدىكەن، بەرگەن ئات - كالىلىرى قانچە كۆپ بولسا مەرتىۋىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدىكەن. تويىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئات ھارۋىسىنى سىرتقا قويۇپ، ئاتنى ئېغىلغا باغلاپ قويىدىكەن - دە، قىز تەرەپنىڭ ئېلىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن. قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن بىرى مەيدىسى ئوچۇق كۆينەكنى كىيىپ، مەيدىسىنى كېرىپ ئاتقا مىنىپ قوتاندىن چىققاندا يىگىت تەرەپتىكىلەر ئېغىلنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، قاتتىق ۋارقىراپ ئاتنى ھۈركۈتىدىكەن، ناۋادا ئاتقا مىنگەن ئۇ ئادەم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمىسە ئاتنى ئېلىپ كەتسە بولىدىكەن، ئەگەر يىقىلىپ كەتسە يەنە قايتىدىن ئات تاللىسا بولىدىكەن، بۇ خىل پائالىيەت تاكى ئۆزىنى ياقتۇرىدىغان ئاتنى تاللىۋالغىچە داۋاملىشىدىكەن.

قىزنى ئالغىلى كەلگەندە قىز - ئوغۇل ئىككى تەرەپتىكىلەر كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قىمىز ۋە پىششىق گۆشلەرنى يېيىشىدىكەن، بۇ خىل مۇراسىم بىر كۈن داۋام قىلىدىكەن ھەمدە شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى قىزنى يۆتكەپ ئېلىپ ماڭىدىكەن. كەينىدىن يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدىكىلىرى قىز تەرەپنىڭ ئات ئېغىلىغا كىرىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاتنى تاللاپ ئېلىپ ماڭىدىكەن .قىز تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى گەرچە ئاتقا قىيمىسىمۇ ھېچقايسىسى ئۈندىمەيدىكەن. بۇ خىل توي ئادىتىدە يىگىت ۋە قىز تەرەپ ئۆزئارا ئاتلارنى ئېلىشىدىغان بولغاچقا بەلگىلىك دەرىجىدە باراۋەرلىك تۈسىنى ئالغان . «ۋېينامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەرنىڭ ئاكىسى قازا قىلسا، ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئايالىنى ئەمرىگە ئالىدىكەن، «بايلار تويلۇق بېرىپ تويلىشىدىكەن، نامراتلار قىزنى ئەپقېچىپ توي قىلىدىكەن». قاڭقىللارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكى، ئەرلەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۇيغۇرلار يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىن كۆپ خوتۇنلۇققا قاراپ يۈزلەنگەن. خوتۇن -توقاللارنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى بايلىقنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى بىلەن بەلگىلەنگەن[3]. قىز-يىگىتلەر توي قىلماقچى بولغاندا تونۇشتۇرغۇچىلار تونۇشتۇرۇپ قويىدىكەن، ئاندىن يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق ئۈچۈن كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت تەييارلىسا بولىدىكەن. ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىشىمۇ ئانچە قىيىن ئەمەسكەن. قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ناۋادا ئېرى نامرات بولۇپ ئايالنى باقالمىسا ئايال

www.uyghurkitap.com

ئاجرىشىپ قايتا ياتلىق بولسا بولىدىكەن، ناۋادا ئېرى يىراق سەپەرگە چىقىپ كېتىپ ئۈچ ئايغىچە قايتىپ كېلەلمىسىمۇ قايتا ياتلىق بولسا بولىدىكەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە «ئائىلە نەسەبىگە بەك ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، ئەرلەرنى چوڭ كۆرۈپ، ئاياللارنى پەس كۆرۈش ئىدىيەسى كۈچىيىپ، ئاياللارنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ شەخسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان. ئاياللارنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە سىرتقا چىقىشى، باشقا ئەرلەر بىلەن تاماق يېيىشى چەكلەنگەن، يەنە تېخى باشقا ئەرلەرگە ئۆز چىرايىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رومال سالىدىكەن»[4]. مۇشۇ ۋاقىتلاردا تارقالغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «غېرىپ - سەنەم» داستانىدا غېرىپنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنىپ قوغلاندى قىلىشقا ئۇچرىغانلىقى، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ داستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساپ مۇھەببىتى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلىتى مەدھىيەلەنگەن. شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئېغىر نەسەب قارىشى ۋە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ نامۇۋاپىق تەرەپلىرىنى ۋە ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن. يېقىنقى زاماندىمۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكىلىرى، چوڭ ئاخۇنۇم، خان بەگلىرى دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاتا - ئانىلار قوشۇلۇپ، تويلۇق ئاپىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئائىلىدىكىلەر نىكاھ ئوقۇتۇپ تويىنى قىلىپ قويغان. تۆۋەن تەبىقىدىكى نامرات ئائىلىنىڭ قىزلىرىنىڭ ئۆزلىرى لايىق تېپىش پۇرسىتى كۆپرەك بولغان، ئۇيغۇر قىزلىرى تويىدىن بۇرۇن چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالىدىكەن، تويىدىن كېيىن چېچىنى بىر ياكى ئىككى ئۆرۈپ تۈگىۋالىدىكەن. ئۇيغۇرلاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ۋە بالدۇر توي قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت بولغان. ئائىلىدە دادا ئائىلە باشلىقى بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشىدا باشقۇرۇش ۋە قارار چىقىرىش ھوقۇقى شۇنىڭدا بولغان. يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشىدا ئاياللار دەسلەپتە ئائىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى، ئائىلىدە خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ۋە قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقى، كېيىن ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى كۈچىيىپ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ بارا - بارا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، ئاياللارنىڭ نىكاھتىكى تاللاش ھوقۇقى كەڭ ئومۇملاشماسلىق، مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىش ئاز بولۇش، قىزلار بالدۇر ياتلىق قىلىنىپ كۆپ باللىق بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى تولىمۇ تۆۋەن بولغان.

## 2. ئۇيغۇر قىز، ئاياللىرىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئائىلىدىكى ئورنى بارا - بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە قارىشى ۋە تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ.

### 1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشى

ھازىر، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھلىنىش مەسىلىسى ئومۇمىي جەھەتتىن قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، نىكاھ قانۇنىدا قىزلار 18 ياشقا توشقاندا نىكاھلانسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، قانۇندىكى ياش چەكلىمىسىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر قىزلىرىدىكى بالدۇر ياتلىق بولۇش ئازايدى. توي قىلىشتىن بۇرۇن توي خېتى ئالىدىغان، ئاجراشماقچى ياكى قايتا نىكاھلانماقچى بولغانلار ئۆزى رازى بولغان ئاساستا قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، نىكاھنى ھايات مۇساپىسىدىكى مۇھىم بېكەت ۋە كېيىنكى تۇرمۇشىدىكى يۆلەنچۈك دەپ قارايدۇ. شۇڭا

ئاياللارنىڭ بويتاق يۈرۈشى، ئۆمۈر بويى توي قىلماسلىق كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشقا ئائىت بىلىملىرى ۋە نىكاھ ھوقۇقى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر قىزلىرى لايىق تاللىغاندا ئادەتتە ئۆز مىللىتىدىن تاللايدۇ، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى ئاساسەن تاللىمايدۇ. ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردا يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىش ھادىسىسى ئېغىر ئىدى. ھازىر بىلىم سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئەۋلادلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى ئويلىشىپ، يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىشنى رەت قىلىدىغان بولدى.

لايىق تاللاش - نىكاھلىنىشتىكى بىرىنچى قەدەم. ھازىر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ لايىق تاللاش ئۇسۇللىرىمۇ ھەرخىل بولۇپ، تاللاش دائىرىسىمۇ كېڭەيدى . يېزىلاردا ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلار لايىق تونۇشتۇرغاندا، قىزنىڭ پىكرىنى ئېلىپ قىزلارنىڭ ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىدىغان بولدى. ياشلار ئوقۇغان، مەدەنىيەتلىك، ئىقتىدارلىق، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان، كەيپ - ساپا قىلمايدىغان، بىلىملىك، ئائىلىگە كۆيۈنىدىغان يىگىتلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشنى خالايدۇ، بىلىمسىزلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

بۇ يېزا قىزلىرىنىڭ نىكاھ قارىشىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى. گەرچە يەرلەرنى ئائىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى مەلۇم جەھەتتىن ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئەمگەك كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا تۈرتكە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قىزلار بىر ئۆمۈر نامرات ئۆتۈشنى خالىماي، نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشماقتا .شەھەرلەردە ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشىپ توي قىلىش بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، نۇرغۇن ئۇيغۇر قىزلىرى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇدى. 20 - ئەسىرنىڭ 70—80 - يىللىرىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر قىزلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. نىكاھ تۇرمۇشىمۇ شۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە بولدى. 90 - يىللاردىن بۇيان، بەزى قىزلار چوڭ شەھەرلەردە قېلىپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. ھازىر شەھەرلەردىكى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئاھالىلىرىمۇ چوڭ شەھەرلەرگە كىرىپ سودا - سېتىق ئىشلىرى ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ ئۇيغۇر قىزلىرى بار. يۇرتىدىن ئايرىلغان قىزلار سودا قىلىش ۋە خىزمەت جەريانىدا، ھەرخىل ئىجتىمائىي سورۇن، توي - تۆكۈنلەرگە قاتنىشىپ، ئازادە، ئەركىن بولغان لايىق تاللاش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىدى. ئۇلار ساۋاقداشلىرى، خىزمەتداشلىرى ياكى يۇرتداشلىرى ئارىسىدىن ئۆزىگە ماس كېلىدىغان لايىقنى تاللاپ، ئاۋۋال تونۇشۇپ چۈشىنىش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىدىغان بولدى. ئۇيغۇر قىز ئاياللىرىنىڭ ئەركىن لايىق تاللاش پۇرسىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى ئوغۇللار قىزلارنى تاللايدىغان ئەھۋالدىن قىزلارمۇ ئوغۇللارنى ئەركىن تاللايدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ قىزلارنىڭ نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزىگە خوجا بولۇشىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى ئاچتى.

گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمى يەنىلا مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ زامانىۋىلىشىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قىزلارمۇ ئۆزىنىڭ توي مۇراسىمىدىكى ئوبرازىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىۋاتىدۇ، مەسىلەن، ھازىر شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرى، بولۇپمۇ ئوقۇغان قىزلار تويدا تويلۇقنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ، يىگىت تەرەپنىڭ ئائىلە شارائىتى يار بەرگەن دائىرىدە تويلۇقنى قوبۇل قىلىدۇ، ئارتۇقچە تەلەپلەرنى قويۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئائىلە قۇرۇشنى خالايدۇ. تويدىكى كىيىم-كېچەك، نەرسە - كېرەكلەرنى تەييارلاش، ئائىلىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشتىمۇ ئوغۇل تەرەپ بىلەن قىز تەرەپ بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال قىزلارنىڭ پۈتۈنلەي ئوغۇل تەرەپكە تايىنىۋېلىشتىن بارا - بارا ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئەرلەر بىلەن بىللە ئۈستىگە ئېلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئائىلە**

www.uyghurkitap.com



**تۇرمۇشى**

ئۇيغۇر قىز، ئاياللىرى تويدىن كېيىن ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئۆتىدۇ، ئاياللار ئېرى بىلەن يامانلىشىپ قالسا ياكى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالىدۇ (يامانلاپ بېرىۋالىدۇ) .ئاتا ـ ئانىسمۇ قىزىنى قوغدايدۇ، قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قانچىلىك تۇرغۇسى كەلسە تۇرۇۋېرىدۇ، بولۇپمۇ ئايال ئېرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغاندا، ھەتتا ئاجرىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزغا ئۆز ئۆيىدە ئايرىم ھۇجرا تەييارلاپ بېرىپ، شۇ ئۆيدە تۇرغۇزىدۇ ھەم ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. قىزلارنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولغانلىقتىن ئۇلار يولدىشى بىلەن يېرىكلىشىپ قالسا نىكاھ تۇرمۇشىدىن تېزلا ۋاز كېچىدۇ، مانا بۇمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىك بولۇشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ، پەرزەنتى يوق كىشىلەرنى بەختسىز ئادەم دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئاياللار تويدىن كېيىن تېزراق ھامىلدار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ناۋادا ئاياللار ھامىلدار بولمىسا ھەرخىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن ھامىلدار بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئاياللار ھامىلدار بولغاندىن كېيىن ئالاھىدە كۈتۈنىدۇ، ئېغىر ئىشلارنى قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق تولۇقلىنىشىغا ۋە دەم ئېلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ھامىلدار ئاياللار ئۆمۈردىكى ئەڭ ياخشى غەمخورلۇق ۋە كۆيۈنۈشلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىرىنچى بالىسىغا قورساق كۆتۈرۈپ سەككىز ئايلىق بولغاندا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ شۇ ئۆيدە تۇغىدۇ. ئادەتتە تۇغۇت ئانىسىنىڭ ياردىمىدە ياكى دوختۇرخانىدا تۇغىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزغا ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك ياكى ئالتۇن بىلەيزۈك ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى تەييارلاپ «بۆشۈك توي» مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. قىزنىڭ ئېرىمۇ ئايالىغا، بىر قۇر كىيىم، زىبۇ- زىننەتلەرنى(ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ) تەييارلاپ، بۆشۈك توي مۇراسىمىدىن كېيىن ئايالى ۋە بالىسىنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇرۇن تېببىي ئەسلىھەلەر كەمچىل بولغاچقا، ئاياللار بوشانغاندا دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيتتى، ھازىر ھەر بىر يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلاردا ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرى ۋە دوختۇرخانىلىرى تەسىس قىلىنىدى، كەنت ـ كەنتلەردە سەھىيە ئورۇنلىرى بار بولۇپ، ئاياللار ھامىلدار بولغاندىن باشلاپ تاكى تۇغقىچە تۇغۇتتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈشلەرنى قىلالايدۇ، بالىنىمۇ دوختۇرخانىلاردا تۇغۇپ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ھازىر تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

ئۇيغۇر ئاياللىرى بەك ئەمگەكچان كېلىدۇ، يېزىلاردىكى ئاياللار ئائىلە ئىشلىرىنى ئەرلەرنىڭ ئېتىزدا ياكى سىرتتا ئىشلىگىنىدىن كۆپ يەڭگىل ھەم ئاسان دەپ قارىغانلىقتىن، ئائىلىدىكى كۆپ قىسىم ئىشلارنى ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىم، شۇنداق قىلىشىم كېرەك دەپ قارايدۇ. شۇڭا سالامەتلىكى يار بەرگەن ئەھۋالدا ئۇلار ئائىلىدە پەقەت بىكار تۇرماي تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، بالا بېقىش، چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۆي يىغىشتۇرۇش، ھويلا ـ ئاراملارنى تازىلاش، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش، مېھمان كۈتۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە ئاياللار يەنە ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەيدۇ. بولۇپمۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ئەرلەر يەر ئاغدۇرسا ئاياللار ياردەملىشىدۇ، ھازىر يېزىلاردىكى نۇرغۇن ئاياللار ئائىلىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرىنى، مەسىلەن، كىيىم تىكىش ئورنى، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى، يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنى قاتارلىقلارنى ئېچىپ ئائىلىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ. يېزىلاردا ئاياللارنىڭ ئەمگەكچانلىقى ۋە تۇرمۇشنى قامداشنى بىلىشى بىر ئائىلە ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە ئاياللىرى ئەمگەكچان، ئىشچان بولسا بۇ ئائىلە پاكىز رەتلىك تەرتىپلىك بولىدۇ، شۇڭا ئائىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ـ قىلالماسلىقى كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا باھا بېرىشتىكى مۇھىم ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا يېزىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى

كۆتۈرۈلگەچكە ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى يۈكىمۇ يېنىكلىدى. مەسىلەن، كىيىملەرنى ئاساسەن بازاردىن سېتىۋالىدىغان بولدى، تەبىئىي گاز، تۇرۇبا سۈيى، كىرئالغۇ قاتارلىقلارنى ئىشلىتىدىغان بولدى، سىرتقا چىققاندا قاتناش ۋاسىتىلىرىغا ئولتۇرىدىغان بولدى. ئادەتتە دېھقانچىلىق ئالدىراش بولمىغان ۋاقىتلىرىدا ھەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ قوشنىلار بىلەن پاراڭلىشىدۇ ياكى تېلېۋىزور كۆرىدۇ، خىزمەتتىكى ئاياللارنىڭ موقىم ئىشقا بېرىش ۋە كېلىش ۋاقتى بار، كۆپ ھاللاردا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆي ئىشلىرى بىلەن خىزمەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، بولۇپمۇ زامانىۋى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئومۇملاشقاچقا ھەمدە ئائىلە مۇلازىمىتى يولغا قويۇلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئائىلە يۈكى خېلىلا يەڭگىللىدى. مەسىلەن، باللارنى يەسلىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ، بەزى ئائىلىلەر سائەتلىك ئىشچى يالالاپ ئۆيلەرنى تازىلىتىدۇ، خىزمەتنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا يەنە بەزى تەييار خام ـ خۇرۇچلارنى سېتىۋېلىپ تاماق ئېتىدۇ، شەھەردە كۆپىنچە ئەرلەر ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ، باللارنىڭ ھالىدىن تەك خەۋەر ئالىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرى ئائىلە ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، ئاياللار ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆز ئالدىغا سېتىۋالالايدۇ، لېكىن چوڭراق پۇل خەجلەشكە توغرا كەلگەندە ئەر خوتۇن ئىككەيلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. بەزى يېزا ئاياللىرىدا يەنە كىچىك بانكا دېيىدىغان كىچىك تەشكىلات بار، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇنى قاتار چاي دەپمۇ ئاتايدۇ، ئۇن نەچچە ياكى نەچچە ئونلىغان ئايال بىرلىشىپ ھەر ئايدا 100 ـ 200 يۈەنگىچە چىقىرىشىپ بىرىمىلەنگە بېرىدۇ ھەم شۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ بىللە تاماق يېيىشىدۇ، تاماق يېيىشتىن، كۆڭۈل ئېچىشتىن ئېشىپ قالغان پۇللارنى باللارنىڭ ئوقۇش پۇلىغا تۆلەيدۇ ياكى كېرەكلىك كىيىم ـ كېچەك ۋە لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالىدۇ، شەھەرلەردە ئۇنداق چايلارنى رېستوران ياكى تېز تاماقخانىلاردا ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق ئىشلارغا ئەرلەرمۇ رازى بولىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ھازىرقى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە نۇرغۇن ئائىلە ئىشلىرىنى ئەر ـ خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ قارار قىلىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبى

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەسى بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بويان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ئاياللارغا بولغان قارىشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. جەمئىيەتتە قانۇن ـ تۈزۈم، ئىجتىمائىي تەشكىلات، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى قاتارلىق كۆپ جەھەتتىن ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلۈندى ھەمدە ئېتىبار بېرىلدى. بۇ ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشكە زور تۈرتكە بولدى.

1950 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىندى، 1980 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» يېڭىدىن ماقۇللاندى، 2001 ـ يىلى بۇ قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن نىكاھ قانۇنى ئاياللارنىڭ نىكاھ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. نىكاھ قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ھەمدە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەڭ ئاۋۋال نىكاھتىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى ۋە ئەرلەرنىڭ «تالاق قىلىش» ئالاھىدە ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاياللار نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

1951 ـ يىلدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، يېزىلىرىدا ئاياللار بىرلەشمىسىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.2014 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايوندىكى 16 ئوبلاست، شەھەر، 68 ناھىيەدە 849

ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى[5]. ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئاياللار ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنى يېقىملىق قىلىپ «ئىككىنچى ئائىلىمىز» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئاياللار بىرلەشمىلىرى نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۇچرىغان تۈرلۈك كونكرېت مەسىلىلەرنى ئاكتىپ ماسلىشىپ ھەل قىلدى ھەمدە ئاياللارغا زامانىۋى ئائىلە قارىشىنى تىكلەشكە ياردەملەشتى. مەسىلەن، يېڭىچە مەدەنىيەت ئىستىلىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلدى، ئاياللارنى مەدەنىيەت، تېخنىكا ئۆگىنىشكە، ئىتتىپاقلىشىشقا، نەتىجە يارىتىشقا، تۆھپە قوشۇشقا تەشكىللىدى. ئاياللارغا ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى، پىلانلىق تۇغۇت، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ تەرەققىيات پىروگراممىسى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تېزلەتتى، ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مىسلىسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 2015 ـ يىلى شىنجاڭلىقلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 16 مىڭ 859 يۈەنگە يەتتى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 9 مىڭ 425 يۈەنگە يەتتى[6]. كىرىمنىڭ ئېشىشى بىلەن خېلى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە شارائىتىدا زور ياخشىلىنىش بولدى، ھەتتا بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە شارائىتى ئالاھىدە ياخشىلىنىپ ھاللىق سەۋىيەگە يەتتى. بۇ ئاياللارنىڭ ئائىلە يۈكىنى يەڭگىللىتىپ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قەدەمىنىڭ تېزلىتىلىشى ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بەلگىلىك شارائىت ياراتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭدا ئاساس ئەسلىھە قۇرۇلۇشى كۈچەيدى، يېزىلاردا ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تاشيول تورى، رادىيو ئۇزىلى، تېلېۋىزور، تېلېفونلارنى كەنتلەرگىچە يەتكۈزدى، بۇ تەبىئىي ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ كۆرۈش ـ ئاڭلاش تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئۆزىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلە تۇرمۇش، نىكاھ ئەھۋالىنى سىرتىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرالايدىغان شارائىت ھازىرلاندى، بۇلار ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە قارىشى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىدى. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ نىكاھ قارىشى بۇرۇنقىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. خېلى كۆپ ئەرلەر تۇرمۇشتا ئاياللارنىڭ پىكرىگە ۋە تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، قانۇن- تۈزۈمگە رىئايە قىلىدۇ، تۇرمۇشتا ئاياللارغا كۆيۈنىدۇ، ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاياللارنىڭ خىزمىتىنى ۋە ئۆگىنىشىنى قوللايدۇ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاش ۋە بەلگىلەش ئىقتىدارىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆستى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن ئىدى. 2010 ـ يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار 18.11% كە چۈشكەن بولۇپ، ساۋاتسىزلىق ئاساسلىقى 50 ياشتىن ئاشقان ئاياللارغا مەركەزلەشكەن[7].

قىسقىسى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قانۇن ئېڭى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئېڭى، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارى بەلگىلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇلار ئاياللارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ھازىر نىكاھ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مۇھەببەت ئاساسىدىكى باراۋەر، ئىناق، بەختلىك، مۇكەممەل نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشىنى قۇرۇپ چىقىش كەڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى قوغلىشىدىغان ئورتاق نىشانغا ئايلاندى. بۇ ئاياللارنىڭ كەلگۈسىدىكى نىكاھ ـ ئائىلە تۇرمۇشى ۋە ئۆزىنىڭ

تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىغۇسى .

## ئىزاھلار


[1] 新疆维吾尔自治区建立 60 周年展览会统计资料，2015 年 10 月。

[2] 满都呼.中国阿尔泰语系诸民族神话故事[M]，北京：民族出版社，1997 年 3 月出版，第 31~38 页.

[3] “维吾尔族简史” 编写组. 维吾尔族简史[M]，乌鲁木齐. 新疆人民出版社， 1991 年出版，第 20 页.

[4] 薛总正. 中国新疆古代社会生活史[M]，乌鲁木齐. 新疆人民出版社，1997 年出版，第 396 页.

[5] 百度百科. 新疆维吾尔自治区妇女联合会，2014 年 9 月 23 日.

[6] 百度百科. 央光网， 2016 年 2 月 2 日.

[7] 新疆维吾尔自治区 2010 年人口普查资料, 2012 年 10 月（书）.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 13 ـ 068 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى تەتقىقاتى توغرىسىدا*

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

(ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ئۈرۈمچى.830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەسەردە ئاپتور «كىتاب» ۋە «كىتاب مەدەنىيىتى»نىڭ كەسپىي ئۇقۇمى، ئىلمىي تەبىرى، ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانى؛ بۇ تېما تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي تۇرغۇ ۋە قاتلاملىرى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپە ۋە قىيىنچىلىق قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ھەم تەتقىقاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قۇرۇلمىلىق تەتقىقاتىنى پۇختا نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** كىتاب؛ كىتاب مەدەنىيىتى؛ تەتقىقات

**摘要**: 作者在本文中主要论述对《图书》与《图书文化》的专业概念、科学定义、本质内容和历史发展过程，本题目研究的科学角度、层次和层面，今后的任务和困难等问题的探索与研究，给图书文化的整体结构研究提供了坚固的理论基础。

**关键词**: 图书; 图书文化; 研究

**Abstract**: This paper mainly discusses the conception, the definition, the nature and historical development of books and library. It also points out the further difficulties and tasks which will be met on the progress of studying this subject in future.

**Keywords:** books; library; study .

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: TP3　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«كىتاب» ــ بىزدە چوڭقۇر تارىخىي مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە ئومۇمىي ئاتالغۇ بولۇپ، «بىلىم بۇلىقى» ياكى بىلىم ئېلىش ۋە بىلىم تارقىتىش قورالى مەنىلىرىدە چۈشىنىلىدۇ. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ۋە رولىغا قارىتا ھاسىل قىلىنغان ئومۇمىي چۈشەنچە بولۇش سۈپىتىدە بىزنىڭ كىتاب بىلەن، كىتاب بەلگە بەرگەن بىلىم ـ ئۇچۇر بايلىقلىرى بىلەن بولغان ئەقلىي مۇناسىۋىتىمىزنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

شەكىل جەھەتتىن، كىتاب ــ تۈپلەپ ۋە مۇقاۋىلىنىپ مۇئەييەن شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن، بىلىم ـ ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن ھەرقانداق بىر توشۇغۇچى جىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ پەرقلىق تەرەققىيات مۇساپىسىگە، شۇنداقلا يەنە كىشىلەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئېڭىنىڭ ئىجتىمائىي كۆچىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كىتاب، كەڭ مەنىدە بارلىق قوليازما ئەسەرلىرى، باسما ۋە ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرىنى؛ تار مەنىدە پەقەت كىتاب شەكلىدىكى قوليازما ئەسەرلىرى، باسما ۋە ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە، كىتابقا: «ئەرەبچە سۆز، تۈپلەنگەن ياكى مۇقاۋىلانغان باسما ياكى يازما ئەسەرلەر»[1] دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «كىتاب ــ نامى، ئاپتورى، تەۋەلىكى (پەن، تىل ۋە دۆلەت تەۋەلىكى)، ھەجمى، تېكىستى ۋە نەشر ۋاقتى قاتارلىق كونكرېت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب شەكىللىك نەشر بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ»[2].

«كىتاب ــ قەغەزنى ئاساسىي ماتېرىيال، يېزىق، بەلگە، شەكىلنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان، مۇكەممەل تۈپلەنگەن سىستېمىلىق ئەسەر. كىتابلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇقاۋا، تىتول بەت، تېكىست، نەشر ھوقۇقى

*بۇ ماقالە 2015 ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ئەنۋەر تاشتۆمۈر ( 1968 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، مەدەنىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بېتىدىن تۈزۈلىدۇ؛ مەزمۇنى تېكىستتىن باشقا كىرىش سۆز، خاتىمە، مۇندەرىجە، مەزمۇن چۈشەندۈرۈشى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»[3].

«كىتاب — يېزىق، رەسىم ـ سۈرەت ياكى باشقا بەلگىلەر بىلەن قەغەز قاتارلىق توشۇغۇچى جىسىملارغا يېزىلغان ياكى بېسىلغان مۇۋاپىق ھەجىمگە ئىگە ئەسەرلەردۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر خىل ھۈنەر ـ سەنئەت مەھسۇلاتىدۇر»[4] .

كىتاب نۆۋەتتە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەغەزنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان ئەنئەنىۋى باسما شەكلىدىن تەدرىجى ئېلېكتىرون تېخنىكىسىنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان رەقەملىك شەكىلگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ۋە مەۋھۇم بوشلۇقتىكى بىلىم ـ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قورالىغا ئايلانماقتا. بۇ خىل يېڭىچە يۈزلىنىش ماس ھالدا ئېلېكتىرونلۇق نەشرىياتچىلىق بىلەن تور مۇھىتىدىكى مەۋھۇم كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ ئىمكانىيەت ياراتماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، كىتابنى كىتابقا ئالاقىدار كەسپىي ساھەلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيەۋى تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن تۆرلۈك شەكىل ھەم مەنىلەردە تەبىرلەش ئارقىلىق، كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسىغا ئېرىشىش مۇمكىن.

كىتاب ئەڭ ئاۋۋال مۇئەييەن مەدەنىيەت ئۇستۇنلۇكىگە ئىگە ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىسى بولغانلىقتىن، ئۇ ئىجادىيەتچى سۇپىتىدىكى ئاپتور ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي مىللىي توپنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كىتاب ئاپتورنىڭ مۇئەييەن ئىدىيە ۋە مۇئەييەن ئىجادىيەت شەكلىدە يېزىقچىلىق جەريانىدىن ئۆتكەن تەپەككۇر مەھسۇلاتى بولۇپ، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىجادىيەت كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن تەپەككۇر تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، بىر پارچە كىتابتىن شۇ ئاپتور ۋە ئۇنىڭ مىللىي تۈركۈمىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيەسىنى كۆرگىلى ھەم ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

نەشرىياتچىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىتاب — مۇئەييەن پىلان ۋە تېخنىكىلىق ئىش تەرتىپلىرى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، مۇئەييەن فورمات، ھەجىم ۋە تىراژدا قەرەلسىز نەشر قىلىنىدىغان ئۈزلۈكسىز نەشر بۇيۇمى بولۇپ، بىر دەۋر نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىر پارچە نەشرىي كىتابتىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن تەھرىرلىك ئەمگىكى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىلىرىدىن بىر جەمئىيەتنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ كەسپىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى كۆرگىلى ھەم ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

كىتابچىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىتاب — تىجارەت خاراكتېرىدە تارقىتىلىدىغان ۋە سېتىلىدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتى بولۇپ، بىر دەۋر كىتابچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، كىتابنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىدە ياراتقان ئىقتىسادىي قىممىتىدىن بىر دەۋر كىتابچىلىق ئىشلىرىنىڭ كەسپىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى كۆرگىلى ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

كۇتۇپخانىچىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىتاب — كۇتۇپخانىنى تۈزگۈچى مۇھىم ئامىل، كۇتۇپخانا جۇغلانمىسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى، كۇتۇپخانا مۇلازىمەت پائالىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇپ، مۇئەييەن بىر دەۋر مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ھەرىكەتچان ھالەتتىكى جۇغلانما سىستېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، كىتابلارنىڭ كۇتۇپخانا جۇغلانمىسىدىكى مۇقىم ئورنى ۋە ئاممىۋى ئوقۇش پائالىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدىن شۇ دەۋر كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى كۆرگىلى ھەم ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

مائارىپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىتاب — ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىق قورالى بولۇپ، بىر دەۋر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇڭا، كىتابنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە پەن تەتقىقات ئىشلىرىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچ مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئالغا سۈرۈش رولىدىن شۇ دەۋر مائارىپ كەسپىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى كۆرگىلى ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي بىلىم ـ ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىتاب ـ بىلىم ـ ئۇچۇر تىپىدىكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ئاساسلىق توشۇغۇچى جىسمى بولۇپ، بىر دەۋر ئىجتىمائىي بىلىم ـ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، كىتابنىڭ سېتىلىش ۋە ئوقۇلۇش نىسبىتىدىن شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرگىلى ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى بولىدۇ. كىتاب ھەققىدىكى بۇ بىرقاتار چۈشەنچىلەر كىتابنىڭ تار مەنىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بىزنى كىتاب ھەققىدە تېخىمۇ توغرا قاراش ۋە تېخىمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىغا ئىگە قىلىدۇ.

كىتابنىڭ زامانىۋى شەكلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىتاب ـ ئاپتورلار تەرىپىدىن يارىتىلغان، نەشرىياتلار تەرىپىدىن تېخنىكىلىق ئىش قوشۇپ ئىشلىنىپ مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە قىلىنغان بىلىم ـ ئۇچۇر تىپىدىكى قەرەلسىز نەشر بۇيۇمى بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ خاس نەتىجىسى ۋە تەرەققىيات دەرىجىسگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاشلا مۇئەييەن مەدەنىيەت قىممىتىنى ئىپادىلەپ، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

كۇتۇپخانىشۇناسلىقتا، كىتاب ـ كۇتۇپخانا جۇغلانمىسىنى تۈزگۈچى ئاساسلىق ئامىل سۈپىتىدە بىر تۈرلۈك تەتقىقات ئېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل تەتقىقات ئارقىلىق كۇتۇپخانىچىلىقنى نەشرىياتچىلىققا باغلىغىلى، ئۇلارنىڭ ئورتاق مۇلازىمەت ئوبيېكتى بولغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش يۈنىلىشىنى يېتەكلىگىلى ھەمدە كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. كۇتۇپخانىشۇناسلىقتىكى ئوقۇرمەنلەر تەتقىقاتىنىڭ

تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن بىرى «كىتاب ئانالىزى» بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كونكرېت مەزمۇن بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ۋە تەلەپ قىلىش دەرىجىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، كونكرېت كىتابلارنىڭ كونكرېت ئوبيېكتلىرىنى، كونكرېت كىتابخانلار تەلەپ ـ ئېھتىياجىنىڭ كونكرېت كىتاب ئوبيېكتلىرىنى مۆلچەرلەش ۋە بېلگىلەشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى»[5]نى كۆرسىتىدۇ. كىتاب ئانالىزى ياكى كىتاب تەتقىقاتىدا، كىتاب بىلەن كىتابخانلارنىڭ مۇناسىۋىتى كونكرېت مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈش ئامىللىرى ئاستىغا قويۇپ مۇلاھىزە قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل تەتقىقات تەبىئىي ھالدا كىتابتىن كىتاب مەدەنىيىتىگە ئۆتۈپ، كىتابنى كونكرېت مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىغا باغلاپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. كىتابنىڭ ئۆزىمۇ شەكىل، مەزمۇن، ئىجتىمائىي تەسىر ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتتىن بىر يۈرۈش مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ، كىتاب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىلمىي ۋە ئۇنىۋېرسال تېمىغا ئاساس سېلىپ تۇرىدۇ.

دەرۋەقە، كىتاب ـ ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىرلىكتە رول ئويناش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تارقىتىش، ساقلاش ۋە ئوقۇش مەدەنىيىتى ۋاسىتىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈزلۈكسىز مەدەنىيەت يارىتىدىغان، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مەنىۋى كۈچ مەنبەلىرىنى ئاچىدىغان مەدەنىيەت قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشىغىچە بولغان جەريانلاردىكى بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى كىتاب مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىنى تەشكىل قىلىپ، بىزنى كىتابقا ئالاقىدار ئىلىم ۋە كەسپلەر نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى، كىتاب مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا تېخىمۇ پۇختا نەزەرىيەۋى ئاساس سېلىشنى، ئىجتىمائىي ئوقۇش كەيپىياتىنى نەشرىياتچىلىق بىلەن

كۈتۈپخانىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«كىتاب مەدەنىيىتى» ــ كىتابقا سىڭگەن، كىتاب ئىپادىلەيدىغان ۋە كىتاب ئارقىلىق يارىتىلىدىغان مەدەنىيەت ئۇنسۇرىغا ئالاقىدار ئۇقۇم بولۇپ، بىر ئاڭلىماققا كىتاب نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتى مەنىسىنى بېرىدۇ. يەنى بۇ ئۇقۇم دەسلەپتە كىتابنىڭ ئۆزىگە، مۇھىمى ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىغا باغلىنىپ، نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتى مەنىسىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرگەن «كىتاب» بىلەن «مەدەنىيەت»تىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىپ كېلىشى، بىر ـ بىرىنى ئىزاھلاپ ۋە تولۇقلاپ تۇرۇش ھالىتى تەپەككۇرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى تەدرىجىي نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتىدىن ھالقىتىدۇ ھەمدە كىتابنىڭ ئۆزىدىكى بىرلەمچى مەدەنىيەت ئۇنسۇرى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان ئىككىلەمچى مەدەنىيەت ئۇنسۇرىگە ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق تەشكىلىي شەكلى بولغان كۈتۈپخانىچىلىق مەدەنىيىتىگە تۇتاشتۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، «كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن بۇ ئۇقۇم بىرلەمچى مەنىدە نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتىنى، ئىككىلەمچى مەنىدە كۈتۈپخانىچىلىق مەدەنىيىتىنى؛ كەڭ مەنىدە كىتابقا ئالاقىدار بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە خاس سىستېمىسىنى، تار مەنىدە كىتابنىڭ تارقىلىش، ساقلىنىش ۋە ئوقۇلۇش داۋامىدا يارىتىلىدىغان ئىجتىمائىي ئۇنسۇرىنى، يەنى كۈتۈپخانىچىلىق بىلەن ئىجتىمائىي ئوقۇش مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كەڭ مەنىدىن قارىغاندا، كىتاب مەدەنىيىتى ــ كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدىن تارتىپ، شەكىل ئېلىش، بېسىلىش، تارقىلىش، ساقلىنىش، جۇغلىنىش، ئوقۇلۇش ۋە ئۇنۇم يارىتىش جەريانلىرىدىكى بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە تۇتىشىدۇ. تار مەنىدە كىتابتىن كېيىنكى، كىتابتىن ئىبارەت ئالاھىدە مەدەنىيەت ئامىلى بىلەن ئۇنىڭغا يانداش باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىرلىكتە رول ئوينىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسىگە، ئاساسلىقى كۈتۈپخانا مەدەنىيىتىگە تۇتىشىدۇ. سۆز مەنىسىمۇ ئوخشاشلا كىتابنىڭ بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىدە ياراتقان مەدەنىيەت ئۇنسۇرىنى ئىپادە قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز «كىتاب مەدەنىيىتى» ئۇقۇمىنىڭ كىتابنى ياراتقان مەدەنىيەت، كىتاب ئۆزىدە ھازىرلىغان مەدەنىيەت ۋە كىتاب ئارقىلىق يارىتىلغان مەدەنىيەت مەنىلىرىنى، ئومۇمەن كىتابنى مەركەز قىلغان بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە خاس بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ يېتەلەيمىز. بۇ يەردىكى مەدەنىيەتنىڭ بىرىنچى خىل مەنىسى ئاپتورغا مەنسۇپ بولۇپ، كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاپتور تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن ۋە ئىپادە قىلىنغان كونكرېت قىسمىنى، ئاساسلىقى ئىدىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى خىل مەنىسى نەشرىياتچىلىققا مەنسۇپ بولۇپ، كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نەشرىياتلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن ۋە ئىپادە قىلىنغان كونكرېت قىسمىنى، ئاساسلىقى نەشرىياتچىلىق ئىدىيەسى بىلەن تېخنىكا ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى خىل مەنىسى بولسا، كۈتۈپخانىچىلىققا مەنسۇپ بولۇپ، كىتابنىڭ ساقلىنىشى بىلەن پايدىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۈتۈپخانىلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن ۋە ئىپادە قىلىنغان قىسمىنى، ئاساسلىقى كۈتۈپخانىچىلىق ئىدىيەسى بىلەن تېخنىكا ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ بۇ بىرقاتار قاتلاملىق مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىش ۋە ئۆزئارا كۈچ ئۇلاش ھالىتىدە ئۆزىگە خاس بىر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بىر جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ كىتاب شەكلىدىكى بارلىق ئۈنتۈقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «كىتاب مەدەنىيىتى» ئۇقۇمىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ كىتابنى نۇقتا قىلغان ھالدا ئىجادىيەت مەدەنىيىتى، نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتى، كۈتۈپخانىچىلىق مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئوقۇش ۋە بىلىم ـ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا بىرپۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



خاس قاتلىمى بىلەن ئېنىق يۈزلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، كىتاب مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كونكرېت مەزمۇنلار پۈتۈنلۈك ئېتىبارى بىلەن مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆتۈقلىرى تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدۇ. قاتلام بويىچە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت مەدەنىيىتى قاتلىمى — ئىجادىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، مۇھىمى ئىدىيەدىكى ھالقىشتىن يېزىقچىلىق ماھارەتلىرىگىچە بولغان كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىغا باغلىنىپ، ئەدەبىيات، لوگىكا، ئېستېتىكا ۋە پەلسەپەنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتى قاتلىمى بولسا، نەشرىياتچىلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەشرىيات تىپى ۋە گەۋدىسى، تېخنىكىلىق ئۇسۇل ۋە ۋاستە، ئىلمىي ئىدىيە ئامىللىرىغا باغلىنىپ، نەشرىياتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. كۇتۇپخانىچىلىق مەدەنىيىتى قاتلىمى بولسا، كۇتۇپخانىچىلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كۇتۇپخانا ئىدىيەسى، كىتاب جۇغلانما قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق ئۈنۈمى، كىتاب قىرائىتى ۋە ئارىيەتى مۇلازىمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە باغلىنىپ، كۇتۇپخانىشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. كۇتۇپخانىچىلىقتىن ھالقىغان ئىجتىمائىي بىلىم ـ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مەدەنىيىتى قاتلىمى بولسا، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. يەنى بۇ قاتلام كىتابنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىلىك قىممىتى، ئىجتىمائىي تارقىلىش، ساقلىنىش ۋە ئوقۇلۇش جەريانىدا يارىتىدىغان ئۈزلۈكسىز ئومۇمىي ئۈنۈمى نۇقتىسىدىن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ.

كىتاب ئىدىيەنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىدىيەنىڭ ئۈزلۈك شەكلىنى خاس بىر سۈپەتتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا سىڭگەن ۋە ئۇ ئىپادە قىلغان ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ سەۋىيەسى كىتابنىڭ تۈپكى قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، بۇ تېمىنى يەنە پەلسەپەنىڭ خاس بىر تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، «كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن بۇ خاس ۋە ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تېما كىتابنىڭ تەپەككۇردىكى ئەندىزىلىرىگە، ئىپادە ۋە تۈزۈلۈش شەكىللىرىگە، بېسىلىش ۋە نەشىر قىلىنىش شەرتلىرىگە، تارقىلىش، جۇغلىنىش، رەتلىنىش، ئوقۇلۇش ۋە ئۈنۈم يارىتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي جەريانىغا ھەممە بۇ جەرياندا ئىپادىلەنگەن بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە چېتىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن، كۆپ قىرلىق تەتقىقات قاتلىمى ھاسىل قىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ پەنلەرنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدىكى ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى ئاساسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يۇقىرىقى ماقالە ۋە سۆھبەتلەرنىڭ ئىلھامىدا «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ تېما ھەققىدە ھاسىل قىلغان ئاساسىي بىلىشلىرىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم:

««كىتاب مەدەنىيىتى» ـ ژۇرنىلىمىزنىڭ جان تومۇرى بولۇش سۈپىتىدە بارلىق نەشر مەزمۇنىمىزنى ماھىيەتلىك ۋە كەڭ دائىرىلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ تېما، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ كىتابچىلىق كەسپىي كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ سەزگۈر ھەم ئەڭ جەلپكار قاتلاملىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى تەسرات ۋە ئاددىي ھالدىكى ئوي ـ خىياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئىشى نۆۋەتتە تەخىرسىز بىر باسقۇچقا كىردى. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، بۇ تېما ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر بۇ تېمىنىڭ تارىخىي يىلتىزى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرى بىلەن تونۇشلۇق بولغان بىر ئەۋلاد پىشقەدەم ھەم نامدار زىيالىيلىرىمىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغىنى يوق. تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ماس ھالدا ئېلىپ بارغان ماقالە ـ ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىمىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ھەققەتەن ئەپسۇسلىنىمىز. شۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن بۇ تېمىنى ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىپ نەزەرىيەۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان ئۇلۇغ ئەللامە، يېتۈك ئالىم، كۆپكە قادىر پەيلاسوپ، سۆيۈملۈك ئۇستاز مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

(1933 ـ 1995) ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 19 ـ يانۋار سانىدا ئېلان قىلىنغان‹كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى› ناملىق مەزكۇر ماقالىسىنى كۆپچىلىكنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا سۇندۇق. بۇ ئەسەرنىڭ ئىلھامى ۋە يورۇقلۇقى بىزنىڭ تۇرغۇن ھالدىكى تەپەككۇر بوشلۇقلىرىمىزغا يېڭىچە بىر خىل كەيپىيات جانلىنىشى بەخش ئەتسە ئەجەپ ئەمەس، دەپ قارايمىز»[6] .

ھەقىقەتەنمۇ ئالىمنىڭ ماقالىسى بىزنىڭ ئۈمىدىمىزگە يارىشا جەمئىيەتتە خېلىلا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، مۇشۇ تېما بويىچە يەنە نۇرغۇن ئەمگەكلەرنىڭ ئىشلىنىشىگە تۈرتكە بولدى. 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسى ئۇنىۋېرسال سەنئەت قانىلى «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىنىڭ 28 ـ سانىنى «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» تېمىسىغا ئاجرىتىپ، يالقۇن روزى، ئەنۋەر تاشتۆمۈر ۋە ئەكبەر ئېلىلارنى نەق مەيدان نۇتۇق مۇنبىرىگە تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ سان پىروگراممىدا مەن «كىتاب مەدەنىيىتى ئۇقۇمىغا شەرھ» تېمىسىدا تۆۋەندىكى باياناتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم:

«كىتابنىڭ ئۆزى بىر مەدەنىيەت، دېمەك، كىتاب بىرلەمچى مەدەنىيەت بولسا، كىتاب ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئىككىلەمچى مەدەنىيەت – كىتاب مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، ‹كىتاب مەدەنىيىتى›دىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇنىڭ تار مەنىدىكى، يەنى نەق ئۆزىدىكى چۈشەنچە. كەڭ مەنىدىكى كىتاب مەدەنىيىتى دېگەندە، كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن تارتىپ، يەنى ئۇنىڭ يېزىلىشى، نەشر قىلىنىشى، تارقىلىشى، جۇغلىنىشى، ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئوقۇلۇشى، ئۈنۈم يارىتىلىشى، ئەڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى، مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، زامانغا لايىق ساپالىق ئادەم يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت جەريانلارنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز بۈگۈن تىلغا ئالغان ‹كىتاب مەدەنىيىتى› دېگەن ئاتالغۇنىڭ نەق مەنىسى – كىتابنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يارالغان ئىككىلەمچى مەدەنىيەت، يەنى كىتاب شەكىللەنگەن ۋە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇش شەرتى ھازىرلانغان بولىدۇ، كىتاب بولمىغان شارائىتتا كىتاب مەدەنىيىتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، كىتاب مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، كىتابنىڭ جەمئىيەتتىكە تارقىلىشى، تارقىلىش كۆلىمى، ياراتقان ئۈنۈمى، ئوقۇلۇش جەريانى، ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى، جۇغلىنىشى، مەسىلەن كۇتۇپخانىلاردا، ئائىلىلەردە جۇغلىنىپ مۇئەييەن كىتاب مۇھىتى بەرپا قىلىشى ھەممە كىشىلەرنىڭ تەكرار ئوقۇشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى، كىتابتىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەت بىلىملىرىنىڭ مەنبەلىرىدىن تولۇق ئوزۇقلىنىپ، ئىككىلەمچى مەدەنىيەت يارىتىشىغا ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر قاتار جەريانلاردا ئىپادىلەنگەن بارلىق مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى كىتاب مەدەنىيىتى بولىدۇ. ئەمدى، ‹كىتاب مەدەنىيىتى›گە تەبىر بەرسەك، كىتاب ئۆزىدە جۇغلىغان ۋە كىتاب ياراتقان بارلىق ئۈنۈم ۋە قىممەت – كىتاب مەدەنىيىتى بولىدۇ»[7]. مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدىكى «بىر مىللەتنىڭ كىتاب مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايسى نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرسەك بولىدۇ» دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدىم:

«كىتاب مەدەنىيىتى ـ بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تۈزىيدىغان بىر خىل ساپا قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ھالقىسى ئاپتورلار قوشۇنىدۇر. يەنى كىتابتىن ئىبارەت بۇ ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلايدىغىنى، يازىدىغان ۋە مەيدانغا كەلتۈرىدىغىنى ئاپتور. شۇنداق ئىكەن، مەلۇم بىر جەمئىيەت، مەلۇم بىر زاماندا ياشاۋاتقان ئاپتور چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىگە مەبلەغ سېلىشى كېرەك. ئاپتور ئۆزىنىڭ ساپا، سۈپەت ۋە تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى ئۆز زامانىسىدىكى ئادەملەردىن ھالقىغان يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن ۋاقتىتا، ئاندىن ئۇ ئەتراپتىكى مەسىلە ۋە شەيئىلەرنى چوڭقۇر كۆزىتەلەيدىغان بىر خىل دىتقا ئىگە بولىدۇ، ئەسەرنىڭ يىپ ئۇچىنى ۋە مەنبەسىنى كونكرېت ھالدا تاپالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزى بىلەن زامان، جەمئىيەت ۋە دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇقتىن تەھلىل قىلالايدىغان مەۋقەنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۆز زامانىسىدا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ روھىيەت قاتلاملىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوڭقۇر چۈكۈشى، ئۇنىڭدىكى ئەسلىي، ئەنئەنىۋى ۋە تارىخىي تىندۇرمىلارنى تەكشۈرۈشتىن سىرت، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇستۇنكى قاتلاملىرىدىكى زامانىي خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى چوڭقۇر قېزىپ، شۇنىڭغا لايىق بولغان تېمىلارنى تاللاپ ئۆز خەلقىگە تەقدىم ئېتەلىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كىتابلار نەشرىياتلار تەرىپىدىن تېز قوبۇل قىلىنىدۇ، خەلق تەرىپىدىنمۇ ياخشى سۆيۈپ ئوقۇلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، نەشرىياتلارنىڭ كىتاب چىقىرىش ئۆلچىمىنى قاتتىق چەك تۇتۇش كېرەك. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەندەك، كىتابلارنى ئىقتىسادىي قىزغىنلىق تۈپەيلى نوقۇل ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى قوغلىشىپلا تۈكمە قىلىش مىللەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، ۋاقىتلىق كىرىزىسلاردىن قۇتۇلۇش زۆرۈرىيىتىدە پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلىدىغان بەزىبىر تۈكمە خاراكتېرىدىكى كىتاب چىقىرىش ھادىسىلىرى قارىماققا ئازراق ئەمەلىي ئېھتىياجنى قامدىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ زىيىنىنى خەلق تارتىدۇ. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، نەشرىياتلار تېماتىك پىلاننى تاللاشتا ناھايىتى ئاقىلانە بولۇشى كېرەك. ئالدى بىلەن، جەمئىيەت، يەنى بازارنىڭ ئېھتىياجى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بازار دېگىنىمىز، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن شەكىللەنگەن بىر خىل بوشلۇق. مۇشۇ بوشلۇقتا چوڭقۇرلاپ ۋە ئېچكىرىلەپ كىرىپ تۇرۇش، ھەتتا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. نەشرىياتلاردا چوقۇم بازارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان ئىشخانىلار، مەخسۇس ئادەملەر بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە تەھرىرلىك سۈپىتىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ھازىر چىقىۋاتقان بەزى كىتابلارغا قارىساق، تەھرىرلىكىدە كېتىپ قالغان گىرامماتىكىلىق خاتالىق بىلەن كوررېكتورلۇق خاتالىق ئىنتايىن ئېغىر. بەزى ژۇرناللارنىڭ بىر سانىدا يۈزدىن ئارتۇق كوررېكتورلۇق خاتالىقنى تاپقىلى بولىدۇ، بەزى كىتابلاردىمۇ شۇنداق. بۇ نېمە دېسە، ئىقتىسادىي قىزغىنلىق تۈپەيلى مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھازىرقى زامان كېسەللىكى. بۇنداق كىتابنى ئوقۇغان ئادەم خاتا چۈشىنىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ. يەنە بىرى، كىتابنىڭ تېخنىكىلىق لايىھەلىنىش مەسىلىسى. ھازىرقى كىتابلار ئەتراپى ئاپئاق، ئوتتۇرىسىدا يېزىقلا بار، سىدام ھالەتتە لايىھەلىنىش ئارقىلىق چىقىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى بۇنىڭدىن ھالقىپ كەتتى. شۇڭا، بەتلەرنى ناھايىتى چىرايلىق لايىھەلەش كېرەك. يېقىندا نەشر قىلىنغان «ھاياتلىق» ژۇرنىلىنىڭ ئىچكى بەتلىرى ناھايىتى چىرايلىق لايىھەلەنگەن. كىتابلاردىمۇ مۇشۇ خىل سەنئەتلىك پۇراققا ئەھمىيەت بېرىپ، كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان، زوقلىنىپ ئوقۇيالايدىغان بىر خىل ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك»[8] .

«كىتاب — ھايات ئوچاقلىرىدا تاۋلانغان تەپەككۇر زەرلىرىنى دەۋر داۋانلىرى بويلاپ توشۇغۇچى ماددىي جىسىم. ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىلاھىيەت ھەققىدىكى تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، بىلىم، ئىدىيە ھەم قاراشلىرىدىن ئىبارەت. كىتابنىڭ كۆپلۈك ھالىتى ياكى توپلاشقان شەكلى «كۇتۇپخانا» سۈپىتىدە ئىپادىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ بىلىم ۋە تەپەككۇر بايلىقلىرىنى جۇغلاش، يەتكۈزۈش ھەم تارقىتىش بىلەن ماھىيەتلىنىدۇ. شۇڭا، كۇتۇپخانا — كىتابنى باش ئېقىن قىلغان ئىنسانلار مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەزىم دەرياسى، بۇ دەريادا ئاققىنى بىلىم، ئۇچقۇر ۋە تەپەككۇر كەۋسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەسىرلەردىن بۇيانقى بۈيۈك روھ ۋە ئالىجاناب قەلبلەرنىڭ نۇرانە شولىلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كىتاب ياكى كىتابنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان كۇتۇپخانا يېتىپ بارغان مەنزىللەردە، ھەتتا چايقىلىپ ئۆرۈلگەن ھەربىر ئۆتكۈنچى قىرغاقلاردا ئادىمىي ھاياتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كۆرۈلۈپ، سائادەت بىلەن كامالەتكە ئىمكان تۇغدۇرىدۇ.

كىتاب مەدەنىيىتى — ئىدىيە تىپلىرى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى، يېزىق شەكلى، تىل سەنئىتى، ئىپادىلەش مېتودى، باسما تېخنىكىسى، توشۇغۇچى جىسىم، ئاپتور، مۇھەررىر، ئوقۇرمەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە مەدەنىيەت قىممىتى قاتارلىق

ئالىملارنىڭ گىرەلەشمە مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىنى ھەمدە كېسىشمە ئىلىم نۇقتىلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان ۋەزنى ئېغىر خاس ئىلمىي تېما بولۇش سۈپىتىدە تەپەككۇر بوشلۇقىمىزغا قويۇلغاچقا، ئۇ ھېلىغىچە تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋە ئالاقىدار كەسپىي ساھەلەرنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنالماي كەلدى، پەقەت ئىلىم ۋە كەسىپكە يانداش تەتقىقاتنىڭ تەركىبىدە تۇرۇپ، كۇتۇپخانىچىلىق بىلەن نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىڭ پەرقلىق يۆنىلىشتىكى تەتقىقات ئەمەلىيىتىدە قىسمەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇنىڭ بىر پۇتۇنلۇككە ئىگە سىستېمىلىق تەتقىقاتى بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىمىزنى ۋە تارىخىي ھۆججەت – ۋەسىقىلەرنىڭ تۈر – خىللىرى بويىچە جۇغلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ تېما ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتنىڭ باشقا ئەل تىللىرىدىكى نەتىجىلىرىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك كۆزگە چېلىقمىدى. ئېھتىمال ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئادىتى ياكى قانۇنىيىتىگە ماس تۈزۈلگەن بۇ تېما باشقا تىل ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزلۈك ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى، بۇنداق تۈزۈلۈشنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئىلمىي قىممىتى بىلەن توغرا تاناسىپلىق شەكىللەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا كەمدىن - كەم كۆرۈلگەن ئاز بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىدە، بولۇپمۇ «كىتاب مەدەنىيىتى ھەققىدە يۈزەكى مۇلاھىزە»[9] دېگەن ماقالىدە كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتى، ساقلاش مەدەنىيىتى ۋە ئوقۇش مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تېما ھەققىدە پىكىر بايان قىلغان ئاپتورلارنىڭ كۆپچىلىكى كىتاب مەدەنىيىتىنى كىتابتىن كېيىنكى ئىككىلەمچى مەدەنىيەت سۈپىتىدە كۇتۇپخانا مەدەنىيىتىگە باغلايدۇ. ئۇنى كىتابنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى مەنىسىدە ئىدراك قىلغۇچىلارمۇ كىتاب مەدەنىيىتى — كىتابنى ساقلاش ۋە پايدىلاندۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان كۇتۇپخانا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارايدۇ.

«كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن بۇ تېمىنى ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ مەرھۇم ئالىم، شائىر ۋە پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»نىڭ 1993 – يىلى 19 - يانۋار سانىدا «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا كىتابنىڭ ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئالغا سۈرىدۇ. مەزكۇر ماقالە «مۇقەددىمە»، «ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى»، «ئىككى مەدەنىيەت مۇۋازىنىتى ۋە ئىجتىمائىي بەخت»، «كىتاب دېڭىزى ۋە غەۋۋاسلىق ماھارىتى»، «كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى»، «خاتىمە» قاتارلىق ماۋزۇ ۋە مەزمۇن قاتلاملىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتىنى پەلسەپە، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىلىرىدىن، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئۇنۇمى بىلەن كىتاب ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان مەدەنىيەت ئۇنۇمى نۇقتىسىدىن دەسلەپكى قەدەمدە مۇلاھىزە قىلىپ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس سېلىپ بەردى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.. بۇ تېمىنىڭ ئىلمىي قىممىتى، بولۇپمۇ ئەينى دەۋر بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى زۆرۈر ئىجتىمائىي قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىنى «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 4 – 3 - قوشما سانىدا قايتا ئېلان قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك تەھرىر ئىلاۋىسى يازغانىدىم:

كىتاب ئۇقۇمى بىزدە ‹پۈتۈك› ئۇقۇمى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى بىلىم - ئۇچۇر بايلىقلىرىنى خاتىرىلەپ ۋە توشۇپ كەلدى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىش تەجرىبىلىرى بىلەن بىلىش ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتىن مەيدانغا كەلگەن يۈكسەك مەدەنىيەت بولۇش سۈپىتىدە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل شەكىلسىز ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىلاھىيەت ھەققىدە ھاسىل قىلغان بىلىش تەجرىبىلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى تەشكىل قىلىپ، ئىجتىمائىي بىرلىككە كۈچ ئۇلاش زۆرۈرىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇغدۇرغاندىن كېيىن، ئىپادىلەش مۇقەررەر ھادىسىگە ئايلانغان، تەپەككۇرنىڭ تىل بىلەن بولغان ئارىلىقى قىسقىراپ، ئىپادىلەش جەھەتتىكى سەنئەتلىك بوشلۇق كېڭەيگەن. ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئالىمىدە، شۇنىڭدەك مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندا بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھاسىل قىلغان بىلىش تەجرىبىلىرى ئەقلىي جۇغلانما ھالىتىدە تىل ياكى نۇتۇقتىن تېشىپ چىقىپ بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە ئىجتىمائىي مىللىي توپ ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلغاندىن كېيىن، بىلىشنىڭ قىممىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك بىلىش ۋە تەلىم ـ تەربىيەنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بۇ خىل زۆرۈرىيەت دەل بىلىم ۋە ئۇچۇرنى بىرلىك قىلىپ نۇتۇقتىن ـ نۇتۇققا ئېقىپ تۇرغان شەكىلسىز ھالەتتىكى كىتاب ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، كىتاب، كىتاب ھالىتىگە، يەنى شەكىللىك ھالەتكە كېلىشتىن بۇرۇن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل (ھەتتا كىتاب رەسمىي مەيدانغا كەلگەن دەۋرلەردىمۇ) شەكىلسىز ھالەتتە دىلدىن ـ تىلغا، تىلدىن ـ تىلغا ۋە دىلغا ئېقىپ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت دەۋرىنى ياراتتى، شۇنداقلا يەنە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ھايات چۈشەنچىلىرىنى بېيىتىپ، ئەقىل تېپىدىكى ئادەم رېئاللىقىغا مەنىۋى ئاساس سالدى.

تىل ۋە ئەس ـ خاتىرىنىڭ چەكلىمىسى پەيدا قىلغان بىلىش كىرىزىسى يېزىقنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن كېيىن، تىل ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتىگە كۆچ ئۇلاپ كېلىۋاتقان شەكىلسىز ھالەتتىكى كىتاب خاتىرىلەش ۋاسىتىسىگە ئېرىشىپ، توشۇغۇچى جىسىملار بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە بىرلەشتى. بۇنىڭ بىلەن، نۇتۇق مۇھىتىدىكى شەكىلسىز كىتاب (ئەپسانە ـ رىۋايەت، چۆچەك ـ داستان، قىسسە ـ جەڭنامە، ماقال ـ تەمسىل ۋە دۇرۇت ـ ئەپسۇن قاتارلىقلار) يېزىق مۇھىتىدىكى شەكىللىك كىتابقا بۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ساقلىنىش ۋە قىممەت يارىتىش ۋاقتىنى زامانلار چەكسىزلىكىگە ئىگە قىلدى. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور ئىنقىلاب سۈپىتىدە ئاڭلىق مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە بەلگە بەردى. كېسەك پۈتۈك، سۆڭەك پۈتۈك، تاش پۈتۈك، ياغاچ ـ تارىشا پۈتۈك، تېرە ۋە رەخت پۈتۈكلەر كىتاب مەدەنىيىتىدە ئېرىشىلگەن ئاساسىي ئۇتۇقلارغا گۇۋاھلىق بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ تارقاق ھالەتتىكى تەپەككۇر بوشلۇقلىرىنى تولۇقلىدى ھەمدە بىرلىك نېگىزىدە ئۆزئارا ئۆتنىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تارىخ بىلەن تارىخنىڭ ئۇلىنىشى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىپ، مىللىي گۈللىنىشنىڭ ئۇلۇغ ئېقىنى ھاسىل بولدى. ئىنسان ئەس ـ خاتىرىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىي يىلتىزىنى، كىملىك سالاھىيىتىنى تاپالىدى؛ ئىنسانلىق سۈپەتلىرىنى تۈزەش ۋە نۇرلاندۇرۇش غايىلىرىگە مۇيەسسەر بولالىدى. ماكان بوشلۇقىدا قالدىغان قىممەت ۋە ھىممەتلىرىنى زامان بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ، يىراق كېلەچەكتىكى گۈزەل ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە تەقدىم قىلالىدى... دېمەك، كىتاب مەدەنىيىتىدىن باشقا ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت بۇنداق ئۇلۇغۋارلىقنى ئۆزىدە ھازىرلىيالىغان ئەمەس!

قەغەز ۋە باسما تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى كىتابقا يېڭىچە سۈپەت بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى ۋە ئائىلىلەرگىچە ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن، كىتاب تۇرغۇن ھالەتتىن، مونوپولىيەدىن قۇتۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىغا، تۇرمۇشنىڭ ئىچىگە، ئىنساننىڭ ئۆز قولى ۋە ئۆز قەلبىگە كۆچتى. ئۇنىڭ بىلىم ـ ئۇچۇر قىممىتى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاڭلىق تونۇلۇپ، مائارىپ خاراكتېرى ئالغان ئىزچىل، كۆلەملىك تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئاساسىي قورالىغا ئايلاندى. كىتاب تارىخىنىڭ جاھانىنەما ئەينىكى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ تارىخنى، تارىخىي دەۋرلەردە ھاسىل قىلغان بىلىم، ئۇچۇر ۋە تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى، ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەگرى ـ توقاي كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ مىللىي تىپ خاراكتېرىنى تەھقىقلىدى. ئىنسان تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىلاھىيەت ئۇچۇرلىرىنى مىللىي تەپەككۇر نېگىزىدىن ئۆتكۈزۈپ كىتابتىن ئىبارەت ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، كىتاب مائارىپ كۆلىمىدە، كۇتۇپخانىلار

مۇلازىمىتىدە، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئېھتىياج قاتلاملىرىدا مەدەنىيەتنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككىلەمچى، تەكرار مەدەنىيەت ئىختىرالىرىغا پۇختا ئاساس سالدى. ئىنساننىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالىتى كىتابنىڭ ياردىمىدە، ئۇنىڭ بىلىم ـ ئۇچۇرنى يەتكۈزۈش رولىدا ئەمەلگە ئېشىپ، ئىنسانغا لايىق جەمئىيەت ھەم جەمئىيەتكە لايىق ئىنسان رېئاللىقىنى ئالغا سىلجىتىپ باردى.

كىتاب ــ بىر خىل نەشرىي بۇيۇم. بۇ ئۇقۇمغا روشەن زامان مەنىسى سىڭگەن بولۇپ، كىتابنى تارىختىكى ھەرقانداق بىر ھالەتتىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كىتاب ــ مەلۇم ئاپتور ياكى كوللېكتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان، نەشرىياتلارنىڭ مۇئەييەن پىلان، مۇئەييەن تىراژ، مۇئەييەن كەسلەم ۋە فورماتتا تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ئۈزلۈكسىز نەشر بۇيۇمىدىن ئىبارەت. مۇشۇ جەرياندىن كۆزەتكەندە، كىتاب ھۆججەتكە ئوخشاشلا مۇنداق تۆت ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ: بىرىنچى، مەزمۇن ئامىلى (كىتابقا خاتىرىلەنگەن بارلىق بىلىم ۋە ئۇچۇر)؛ ئىككىنچى، خاتىرىلىگۈچى شەرتلىك بەلگىلەر (كىتابتىكى مەزمۇننى خاتىرىلىگۈچى يېزىق، رەسىم ـ سۈرەت، جەدۋەل، ئاۋاز، سان ـ سېفىر قاتارلىقلار)؛ ئۈچىنچى، توشۇغۇچى ماددىي جىسىم ئامىلى (قەغەز، ياغاچ ـ تارىشا، تاش، رەخت، ماگنىتلىق ۋە ئېلېكترونلۇق جىسىملار)؛ تۆتىنچى، خاتىرىلەش شەكلى ۋە ۋاسىتىسى (يېزىش، بېسىش، كۆپەيتىش قاتارلىق خاتىرىلەش ئۇسۇللىرى).

دېمەك، كىتاب ــ زامانىۋى بىلىش، تارقىتىش ۋە ئاقارتىش ۋاسىتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى سىڭدۇرۇپ، كىتاب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، يەنى كىتاب ــ تەپەككۇر، تىل ـ يېزىق، خاتىرىلەش سەنئىتى، تەھرىرلىك ۋە بېسىش تېخنىكىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۈچ ئۈلىشى ھەمدە مۇئەييەن ئۇنۇم ۋە قىممەتتە بىرلىككە كېلىشى ئارقىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، كىتاب مەدەنىيىتى ئۇقۇمىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىزاھلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كىتاب مەدەنىيىتى ــ كىتابنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تارتىپ تاكى مەۋھۇم ھالەتتە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشىغىچە بولغان بارلىق جەريانىغا سىڭگەن ۋە ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىتابقا ئالاقىدار بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى «كىتاب مەدەنىيىتى» كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. چۈشىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، كىتاب مەدەنىيىتىنى ئىككى چوڭ قاتلامغا ئايرىشقا بولىدۇ، بىرى، بىرلەمچى كىتاب مەدەنىيىتى بولۇپ، كىتاب ئۆزىدە ھازىرلىغان ئۈنۈم ۋە قىممەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ئاپتورلار، نەشرىياتلار ۋە باسما زاۋۇتلىرىغا مەنسۇپ؛ يەنە بىرى، ئىككىلەمچى كىتاب مەدەنىيىتى بولۇپ، كىتاب ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان ئۈنۈم ۋە قىممەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت بىرلەمچى كىتاب مەدەنىيىتىنى شەرت قىلغان ھالدا كىتاب تارقىتىش تارماقلىرىغا، مەكتەپلەرگە، كۇتۇپخانىلارغا ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياج قاتلىمىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە مەنسۇپ.

ئۇمۇمەن، كىتابنىڭ ئۆزى بىر مەدەنىيەت، ئۇنىڭ ئۆزىدە ھاسىل قىلىنغان ئۈنۈم ۋە قىممەت بىرلەمچى كىتاب مەدەنىيىتى سۈپىتىدە ئىككىلەمچى كىتاب مەدەنىيىتىگە ئاساس ۋە ئىمكان تۇغدۇرۇپ، ئىلىم ـ پەن ئىزدىنىشلىرى بىلەن ھاياتلىق ئىزدىنىشلىرىگە سۈپەت ۋە ساپا بېغىشلايدۇ، ئىجتىمائىي غايىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئارىلىقىنى قىسقارتىپ، تەكرار مەدەنىيەت ئىختىرالىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كىتاب ئارقىلىق يارىتىلىدىغان ئۈنۈم ۋە قىممەت ــ ئىككىلەمچى كىتاب مەدەنىيىتى بولۇپ، بىزنى كىتابقا ئالاقىدار پائالىيەتلىرىمىزدە زور ئېپتىخار ۋە شان ـ شەرەپلەرگە چۆمدۈرىدۇ. كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى ئاپتورلارغا مەنسۇپ، كىتاب ــ ئاپتور تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى، جاپالىق يېزىقچىلىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ سەنئەتلىك نەتىجىسى. ئۇنىڭغا ماكان ـ زامان تامغىسى بېسىلغان ھەمدە ھالقىما ئاڭلارنىڭ نۇرانە شولىلىرى بىلەن ماھىيەتلىك ئويلارنىڭ ئەزەلىي ئىرادىسى سىڭگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



«تېماتېك پىلان» ـ كىتابنىڭ نەشرگە ئېلىنغانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭ نەشرىياتلاردا ئاقلانە تۈزۈلۈشى، ئىجتىمائىي تەلەپ ـ ئېھتىياج قاتلىمىغا ھەقىقىي تەتبىقلىنىشى نەشرىياتتىن ھالقىغان ئومۇمىي مىللەتنىڭ ئامىتى. ناۋادا كىتاب بۇ ئۆتكەللەردە ئۆزىدىكى ئەسلىي ساپا، سۈپەت ۋە قىممەتنى تولۇق گەۋدىلەندۈرسە، ئۇنىڭ ئىككەمچى مەدەنىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغان كەڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى بەرپا قىلىشى شەكسىز. كىتاب تارقىتىش كەڭ كۆلەمدە يول ئېچىشقا مۇھتاج. كىتابلار ئەڭ قولاي، ئەڭ بازارلىق ۋە ئەڭ جەلبكار يوللار بىلەن كىشىلەرگە، ئائىلە ۋە مەكتەپلەرگە، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىغا يېتىپ بېرىپ قويۇق كىتاب مۇھىتى بەرپا قىلالىسا، ئۇنىڭ تارقىلىش جەريانىدىكى ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. كۇتۇپخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ساقلاش ۋە پايدىلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئاساسەن كىتابلارنىڭ جۇغلانما سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك ئەلا مۇلازىمەت شەكىللىرىنى ئىجادىي ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يولغا قويۇپ، كۇتۇپخانىنى ھەقىقىي تۈردە تەكرار ئوقۇش ۋە بىلىم ئېلىش سورۇنىغا، ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە بازىسىغا ھەممە ئۇچۇر تارقىتىش مەركىزىگە ئايلاندۇرغاندا، كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ»[10].

يۇقىرىقىلاردىن بىلىش مۇمكىنكى، «كىتاب مەدەنىيىتى» ئۇقۇمى كىتابقا زىچ باغلانغان ھالدا، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىدىكى، ئاساسلىقى يېزىلىش، نەشر قىلىنىش، تارقىلىش، ساقلىنىش ۋە ئوقۇلۇش جەريانىدىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئۇقۇم كىتاب مەۋجۇت بولغان شارائىت ئاستىدىكى مەدەنىيەت ئۇنۇمىگە مايىل بىر ھالدا يەنە كىتاب ئارقىلىق يارىتىلىدىغان مەدەنىيەتنى ئىزاھلاپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، كىتابنىڭ ئۆزى بىر مەدەنىيەت بولغاندا، «كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن ئۇقۇم بۇ خىل مەدەنىيەتتىن ھالقىپ، كىتاب ئارقىلىق يارىتىلىدىغان ئىككىلەمچى مەدەنىيەت مەنىسىنى ئىپادە قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ يەنىلا كىتابنىڭ ئۆزىدىكى ياكى كىتاب ئىپادە قىلىدىغان مەدەنىيەتنى ئىزاھلىسا، ئۇ ھالدا بۇ يەردىكى مەنا كىتاب ئۇقۇمى بىلەنلا چەكلىنىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت مەنىسىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «كىتاب مەدەنىيىتى» ئۇقۇمى كىتاب ئۆزىدە ھاسىل قىلغان ئۇنۇم ۋە قىممەت سۈپىتىدىكى بىرلەمچى مەدەنىيەت مەنىسىنى ئىپادە قىلىپ، ئىككىلەمچى مەدەنىيەت سۈپىتىدىكى ئىجتىمائىي ئۇنۇم ۋە قىممەت بىلەن ئۆزئارا ئارىلىق شەكىللەندۈرىدۇ، ھەتتا چەك ـ چېگرا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلىي مەنىسى تەركىبىدە ئۇنىڭ كۆچمە ياكى كېڭەيمە مەنىسىنى ئىدراك قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلغاندا، «كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن بۇ ئۇقۇم دەرۋەقە ئىككى خىل مەنا قاتلىمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرپۈتۈن مەنىسىنى ئەشۇ ئىككى خىل قاتلام بويىچە ئىدراكلاش زۆرۈرىيىتىنى سەممىزگە سالىدۇ. بىرى، كىتابنىڭ مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىدىغان مەنىدە بىز كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ كىتابنى شەكىللەندۈرگەن بارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىرلەمچى كىتاب مەدەنىيىتى سۈپىتىدە ئىككىلەمچى كىتاب مەدەنىيىتىگە ئاساس ۋە شەرت ـ شارائىت يارىتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. كىتاب مەۋجۇت بولمىغان شارائىتتا كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭغا سىڭگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى يەنىلا كىتاب مەدەنىيىتى ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، كىتاب ئارقىلىق يارىتىلىدىغان مەدەنىيەت مەنىسىدە بىز كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ كىتابنىڭ تارقىلىشى، ساقلىنىشى ۋە ئوقۇلۇشى داۋامىدا ھاسىل قىلىنىدىغان بارلىق مەدەنىيەت ئۇنۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىككىلەمچى كىتاب مەدەنىيىتى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجادىي راۋاجىغا، ماھىيەتتە يەنىلا بىرلەمچى كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس ۋە شەرت ـ شارائىت يارىتىدىغانلىقىنى ئىدراك قىلالايمىز. كىتاب مەۋجۇت بولغان شارائىتتىكى كىتاب مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئىككىلەمچى مەنىسى دائىرىسىدە

چۈشىنىپ، ئىجتىمائىي ئوقۇش ئۇنۇمى ئارقىلىق يارىتىلىدىغان ئىجتىمائىي ئامىمىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا باغلىغلىق بولىسىمۇ، ئەمما، بۇ، ئاساس ۋە ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتتىن يەنىلا بىرلەمچى كىتاب مەدەنىيىتىنى شەرت قىلىدىغان بولغاچقا، تەتقىقاتتا بەزىبىر مۇجمەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كىتاب مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا كىتابنى بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت سۈپىتىدە مەركىزىي هالقا قىلىپ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش شەرت ـ شارائىتىدىن تارتىپ ھەرىكەتچان ھالەتتە ئىجتىمائىي ئۇنۇم يارىتىش شەرت ـ شارائىتىغىچە بولغان بارلىق جەريانىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە تولۇق ئېتىبار بىلەن قاراش لازىم. بۇ نۇقتا بىزنىڭ كىتاب مەدەنىيىتىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قۇرۇلما ياكى ئۆزىگە خاس بىر سىستېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشىمىزدا، شۇنداقلا يەنە مىللىي مەنىدىكى كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا، تەتقىقاتنى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە، كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش جەھەتلەردە پىرىنسىپ خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىقى پىكىر ۋە سەۋەبلەرگە ئاساسەن، كىتاب مەدەنىيىتىنى ئالدى بىلەن، بىر تۈرلۈك خاس قۇرۇلما ياكى سىستېما سۈپىتىدە مەدەنىيەتشۇناسلىق دائىرىسىدە زامان نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ كىتاب شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ۋە ئىجتىمائىي ئوقۇش ئۇنۇمىدە ھاسىل قىلىنغان ئاساسىي ئۇتۇقلىرىنى ئىلمىي يەكۈنلىگىلى ھەمدە ئۇنىڭ نەزەرىيە ئاساسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتاب مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى قاتلاملارغا ئاجرىتىپ، كىتاب تەتقىقاتى، نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى، كىتابپۇرۇشلۇق ـ كىتابچىلىق تەتقىقاتى، كۇتۇپخانىچىلىق تەتقىقاتى، ئىدىيە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ۋە ئىجتىمائىي بىلىم ـ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بىرنەچچە قاتلام بويىچە تەتقىق قىلىشقا؛ ئامىل نۇقتىسىدىن كىتاب مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇنى تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئىجتىمائىي مۇھىت، ئىدىيە، تەپەككۇر، تىل، ئەدەبىيات، باسما تېخنىكىسى، توشۇغۇچى جىسىم، تەھرىرلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى، تارقىتىش، ساقلاش، ئوقۇش ئۇسۇلى قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرى بويىچە تەتقىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايمىز. بۇ خىل تەتقىقاتلار مۇقەررەر ھالدا كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تارىخىي تەرەققىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ كونكرېت نەتىجىلىرى ئارقىلىق بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كىتاب شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ۋە ئىجتىمائىي ئوقۇش ئۇنۇمىدە ھاسىل قىلىنغان ئاساسىي ئۇتۇقلىرىنى ئىلمىي يەكۈنلىگىلى ھەمدە ئۇنىڭ مۇكەممەل نەزەرىيە ئاساسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمما كىتاب مەدەنىيىتى مەيلى كەڭ ياكى تار مەنىدە چۈشىنىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان كىتابقا، كىتابنىڭ يېزىلىش، نەشر قىلىنىش، تارقىلىش، ساقلىنىش، ئوقۇلۇش ۋە ئۇنۇم يارىتىش جەريانىغا زىچ باغلىنىپ تۇرىدىغان خاس بىر مەدەنىيەت تەتقىقاتى تېمىسى بولۇشتىن باشقا، يەنە چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ۋەزنى ئېغىر، ئىلمىلىكى كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت تەتقىقاتى تېمىسى بولغاچقا، نۆۋەتتە ئۇقۇم ۋە مۇقەددىمە تەتقىقاتى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىلىق تەتقىقاتى بىلەن ئامىل تەتقىقاتىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا دەسلەپكى لايىھە ۋە تىزىس باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى بۇ تېمىنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ مەخسۇسلاشقان تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنىڭ كۆرۈلمەسلىكى، تارىخىي ئاساس ۋە ئارقا كۆرۈنۈشكە ئالاقىدار يازما ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. خۇسۇسەن بىز مەخسۇس تېما قىلىپ قولغا ئالغان، ئۇيغۇر كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىقات قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق تارىخى بىلەن ئۇيغۇر كۇتۇپخانىچىلىق تارىخى تەتقىقاتىمۇ يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاساسلىقى تارىخىي ھۆججەت ـ ۋەسىقە ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتلارنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن ۋاقتىدا تاماملىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى قاتلاملىق تېمىمىزنىڭ روھى سۈپىتىدە پەلسەپە نۇقتىسىدىن

يۇرگۈزۈلىدىغان تەتقىقات، يەنى «كىتاب مەدەنىيىتى ئىدىيەلىرى تارىخى» تەتقىقاتىمۇ پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ بىرىدىكى تۇرغۇنلۇقى ۋە تارىخىي بوشلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىلىش چەكلىمىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ناھايىتى ئېنىق. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيرىلىدىغان ئىجتىمائىي بىلىم ـ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى تەتقىقاتى بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىتابنىڭ تىل ـ يېزىق ئايرىمىسى، تۈر ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكى، مىقدار ۋە جۇغلانما تاناسىپلىرى، ئېھتىياج ۋە تەسىر كۈچى دائىرىسىگە ئالاقىدار ئايرىم تەرەپلەردىكى چەكلىمىلەرگە، ئىجتىمائىي بىلىش ھەرىكىتىدىكى مىللىي كىرىزىسلەرگە دۇچ كېلىشى تامامەن مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، بىزنىڭ يۇقىرىقى بىر يۈرۈش دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمىز «كىتاب مەدەنىيىتى»دىن ئىبارەت بۇ خاس ۋە ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تېمىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەتقىقات ئەمەلىيىتىگە بەلگىلىك ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ، يېڭىچە نەتىجىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئىلمىي ئىلھام بىلەن تەمىنلەيدۇ، دەپ قارايمىز.

## ئىزاھلار


[1] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»[M] 5 ـ توم، 748 ـ بەت.

[2] ئەنۋەر تاشتۆمۈر: «كىتابخانىلار تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا»[J] ــ «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى (ھازىرقى ‹كىتاب مۇنبىرى›)» ژۇرنىلى 1990 ـ يىلى 3 ـ سان، 29 ـ ، 30 ـ بەتلەر.

[3] رەيھان سەيپۇللا: «‹كاتالوگ› ئۇقۇمى ۋە بىرقىسىم كۇتۇپخانىچىلىق ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»[M] ــ ئەركىن مۇھەممەت، ئەنۋەر تاشتۆمۈر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2013 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ كۇتۇپخانىچىلىق تەرەققىياتىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى» ناملىق كىتاب، 55 ـ بەت.

[4] «图书馆学情报学词典» : 周文俊主编，书目文献出版社1991年12月北京出版，汉文，. 第439页。

[5] ئەنۋەر تاشتۆمۈر: «كىتابخانىلار تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا»[M] ــ «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى . (ھازىرقى ‹كىتاب مۇنبىرى›)» ژۇرنىلى 1990 ـ يىلى 3 ـ سان، 37 ـ بەت.

[6] «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى[J] 1999 ـ يىلى 4 – 3 ـ سان، 4 ـ بەت.

[7] ئادىل مۇھەممەت، ئەبلەت ئابدۇرېھىملار تۈزگەن، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ ئېلېكترون نەشرىياتى 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلغان «كىتاب ئوقۇش ئېسىل ئادەت»[M]ناملىق كىتاب، 33 ـ ، 34 ـ ، 35 ـ بەتلەر.

[8] يۇقىرىقى كىتاب 59 ـ ، 60 ـ ، 61 ـ . 62 ـ بەتلەر.

[9] «时代文学» 杂志，汉文版，2009年第4期。

[10] «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى[M] 2008 ـ يىل 5 ـ سان، 22 ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06 - 081 - 02(2016) 5878 - 1005

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەزەرىدە تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق*

ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار[1]، ئايىمگۈل قاۋۇل[2]

(1. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046؛
2. قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، قەشقەر. 844000)

قىسقىچە مەزمۇنى: ماقالىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ تارىخقا بولغان كۆزقاراشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش، تاكامۇللىشىش جەريانى، شۇنداقلا تارىخ قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدىكى تۆھپىسى ۋە ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن؛ تارىخ؛ تارىخ قارىشى

摘要：新疆大学教授阿不都许库尔・买买提依明的史学观是以马克思主义史学观为主的史学观。本文主要探讨他的一些著作中的先进世界观。讲述了他的史学观念的产生、发展、完善过程以及他的史学观的特征，并简述了他在维吾尔史学研究领域中的贡献与地位。

关键词：阿不都许库尔・买买提依明；历史；史学观

**Abstract:** This paper mainly explores professor of Xinjiang University ---- Abdushukur Muhammademen's advanced ideas by studying his historical view from his works, and also points out his significant role in the field of Uyghur historical research.

**Keywords:** Abdushukur Muhammademen; history; historical view

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I210 ماتېرىيال بەلگىسى: A

پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ھاياتىدا كۆپ قىرلىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى، يىرىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى روياپقا چىقارغان. ئالىم ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 20 يىل مابەينىدە، ئالىم ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق بەلگىلىك ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما، 1956 - يىلى يازغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق تارىخىي ئوچېرىكىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن باشلاپ، 2016 - يىلىغىچە بولغان 60 يىل جەريانىدا ئالىمنىڭ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىگە قارىتا باشقىلارنىڭ ئىزدىنىشى، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ۋە باھا بېرىشى يېتەرلىك بولمىدى. ئالىمنىڭ تارىخ قارىشى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسى ئىلمىي رەۋىشتە مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى. ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر ۋە تەتقىقاتلار يوق دېيەرلىك بولدى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ بوشلۇقنى قىسمەن بولسىمۇ تولدۇرۇش مەقسىتىدە مەزكۇر ماقالە يېزىلدى.

## 1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسەرلىرى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ، تارىخ ئىلمى، تارىخشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە دائىر قاراشلىرى ۋە تەتقىقاتلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەپلا قالماي، تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىزچىللىققا ئىگە. ئۇ 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1995 - يىلى ۋاپات بولغانغا

*بۇ ماقالە 2016 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار(1987 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان ) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ۋەسىقەشۇناسلىق كەسپىنىڭ 2014 - يىللىق ماگىستىرانتى، تارىخ ۋە ۋەسىقەشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئايىمگۈل قاۋۇل(1964 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، شىنجاڭ يەرلىك تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قەدەر، تارىخ تەتقىقات ساھەسىدىن ئايرىلغان ئەمەس. ئۇ تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاز بولمىغان زېھنى ۋە نۇرغۇن قان ـ تەرىنى سەرپ قىلىپ، ئۆمرىنى تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ تارىخ قارىشى ھەرقايسى ئەسەرلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئالىمنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت 3 پارچە كىتابى، 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى بار. ئۇلار 1955 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئاساستا يازغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ـ تۇران تارىخى» (كېيىن تولۇقلاپ يازغان)، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتارلىق كىتابلىرى، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» (1956 ـ يىلى، «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 3 ـ ساندا، خەنزۇچە 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.)، شۇنداقلا ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە يازغان ماقالىلىرىدىن «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود —— ئۈچۈرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى»، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان)، «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى»، «مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى ئويلىنىشقا موھتاج»، «ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇمچى ۋە ئۇرە قاڭقىللار» قاتارلىقلار بار[1].

دېمەك، ئالىمنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى 1956 ـ يىلىدىكى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى بىلەن باشلانغان بولسا، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابى، ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ تۈگەنچىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشى

### 1) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى

بارلىققا كېلىش مەزگىلى (1950 ـ يىللار)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدىيەلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1950 ـ يىللاردا ماركسىزمنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماركسىزملىق ئاڭ ـ ئىدىيەلىرىنى شۇ ۋاقىتتا يازغان ئەسەرلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1956 ـ يىلى يېزىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق بايانلار بار. «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان جۇڭگو خەلقى سوتسىيالىزم مۇھىتىدا يېڭىچە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، كىشىلىك تەرەققىياتىغا كۆنسېرى كۆپرەك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

خەلقلەرنىڭ شۇ كۈنگىچە ياخشى يورۇتۇلمىغان تارىخىنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ خەلقلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مۇنەۋۋەر ۋە ئىلغار تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش — سوتسىيالىستىك مەزمۇندىكى مىللىي مەدەنىيەتنى ئاڭلىق يارىتىشىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرمەكتىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ماركسىزم ـ لېنىنىزم پىرىنسىپى ئاساسىدا ئىشلىنىشى ۋە يورۇتۇلۇشى كېرەك »[2].

دېمەك، ئالىمنىڭ 1950 ـ يىللىرى يېزىلغان ئەسەرلىرىدىكى قاراشلىرى، مۇھاكىمىلىرى، تەھلىللىرىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ماركسىزملىق ئاڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 2) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تارىخ قارىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى.

تەرەققىيات باسقۇچى: (1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلىغىچە).

بۇ باسقۇچتا ئالىمنىڭ ئىدىيەسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان «سەۋدالىق تەئەججۈبنامىسى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق

رومانى، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ــ تۇران تارىخى» تارىخقا بېغىشلانغان يىرىك ئەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «سەۋدالىق تەئەججۇبنامىسى»دا، «ئەنە چىڭگىزخان، ئۇنىڭ ئات تۇيىقى چاچراتقان چاڭ ـ تۈتەكلەر ئىچىدە مەدەنىيەت سەمەرىلىرى غەرق قىلىندى. ئەنە تۆمۈرلەڭ، ئۇنىڭ مىلتىق دورىسى، ئەل قىلىنغان دىيارلار سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى ئورۇقلىرى، ئۇنىڭ سەمەرقەند، بۇخارا، ھىرات، مەرۋى باغلىرىنى باراقسان قىلدى. ئەنە بابۇر، ئۇ ئۆز ئېلىدىن ۋىدالىشىپ، ئۆزگە دىيارلارغا مەدەنىيەت بوستانلىرى بەرپا قىلىشنىڭ ئۈرنىكىنى ياراتتى. ئۇلار ھەققىدە خىيال سۈرىمەن ۋە تەنتەنىسى ھەممىدىن كەمەرەك بولغان بابۇرنى ئۇلۇغلايمەن»[3].«تارىخ روھلىنىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت ئادالىتىنىڭ ئورتاق تەنتەنىسى» [4] .

«قارلىق تاغ شەجەرىسى»دە:

«.... ئۇنىڭدا مىڭ ـ مىڭ يىل ھېكايىتى بار،

ھەر ئۆركەش مىسالى بىر قىسسە، داستان.

ئوغۇزخان، ئورۇمخان، ئايچۈرەك، ماناس،

سۇغارغان خاكىڭنى ئىللىق قان.

قانچىلىك تەڭرىقۇت، تېگىنلەر قىقاس كۆتۈرگەن،

جەڭلەرگە سەن شاھىت ماكان.

نوزۇگۇم، گۈلەمخان قىسسەسى سەندە،

سەرگەردان مەشرەپكە سەن بولغان پاناھ.

ساڭا ماڭا ئىشتىياق سالغان مىكەنبە،

قارلىق تاغ ئۆزۈڭسەن ئۆلۈمگە دەرگاھ»[5].

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دا، «ئىنسانىيەت تارىخى ھەممىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمرانلار ياكى سەلتەنەتلەر تارىخ بولماستىن، خەلق تارىخى ۋە مەدەنىيەتلەر تارىخىدىن ئىبارەت. تارىخ ھەمىشە ئۆزىنىڭ ‹ئەۋزەللىكىنى تاللاش›، ‹ھەقىقەتنى دەلىللەش›، ‹يورۇقلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش›، ‹ئىنسانىيەتنى تاۋلاش› پىرىنسىپلىرىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ كەلدى. تەكرار ئېيتىش كېرەككى، گەرچە تارىخ سەھنىسىدە ھەرقانداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، كىشىلىك تارىخ ئەقىلگە سىغدۇرۇپ بولماس ۋەقەلىكلەر بىلەن ئۆز يۈزىنى ئىرىنلىۋالغان ئەسەبىي مەجنۇنغا ئوخشاپ قالغان ھالەتتە يەنە داۋام قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپى يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆمۈر قانۇنىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس»[6].

دېمەك، بۇ مەزگىلدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ خىلمۇخىل ئېقىملارنىڭ، ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە قاراشلىرى مۇكەممەللىشىپ بارغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ماركسىزملىق ئىدىيەدىن سىرت، باشقا يېڭى ئىدىيە ئېقىملار بىلەن ئۇچراشقان. بولۇپمۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، تارىخلىرىمىزغا تېۋىنىغان، يىلتىز ئىزدىگەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش لازىمكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنى سۆيىدىغان، مىللەتپەرۋەر تارىخشۇناس. ئۆز ۋەتىنىگە سادىق، ئىنسانىيەتنى ئۇلۇغلايدىغان ئىنسانپەرۋەر كىشى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دېگەن كىتابىدىكى مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلەردىن ھېس قىلىش تەس ئەمەسكى، ئۇ تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنى يۇقىرى ئورۇندا كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلار ياراتقان تارىخ ـ مەدەنىيەتكە يۈكسەك باھا بەرگەن.

### 3) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىنىڭ يېتىلىشى

تاكامۇللىشىش باسقۇچى (1989 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە). بۇ باسقۇچ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ خىلمۇخىل ئىدىيەلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، قاراشلىرى پىشقان. ماركسىزمدىن قايتمىغان، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە قىزىققان ۋە ئۆگەنگەن. بۇنى ئالىمنىڭ بۇ دەۋردە يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ھەتتا بەزى ماقالىلىرىدىن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ روشەن تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇددىزم پەلسەپىسى ۋە كونا ـ يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىملارنىڭ تەسىرىنىمۇ ھەم كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىسالەن، 1993 ـ يىلى يېزىلغان «ئارىفنامە» دېگەن ماقالىسىدىن، ئالىمنىڭ پەلسەپەۋى دۇنيا قارىشىدا روشەن بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى، تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيەلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com



تويۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ نادىر ئەسىرىدە تۆۋەندىكىدەك بايانلار بار.

«دەر ھەقىقەت، ‹ئۆزلۈك› بىر سۆزلۈك ئەينەكتىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئەينىكى ــ ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ماھىيەتلىرى بويىچە كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى ‹كۆرۈنمەي كۆرسەتكۈچى› ئەينەك ئۇنىڭ قىرلىرىدىن مۇقەددەس نۇر جىلۋە قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددەس نۇرىدا ‹ئۆزۈڭنى تونۇ!› دېگەن مۇقەددەس سادا جاراڭلايدۇ. ئۇ، ئىنسانلىق ھەقىقىدىكى ھەقىقىي ئۇچۇر بۇلىقى! »[7].

«ئۆزلۈك ئەينىكى ــ مېھراجى ئەلاكى، ئۇنىڭدا تەڭرىنى كۆرىسەن. ئۇ سەن، سېنىڭ ئاشىقىڭ، مەھبۇبەڭ ۋە مەقسىتىڭ، جالالىدىن رۇمى مۇنداق يازغانىدى:

> ھېچنېمە يوقكى سېنىڭدىن ئۆزگە ئالەمدە پەقەت،
> ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئېرۇر بىلسەڭ ئەبەد.
> ئۆزلۈك ئەينىكى ـ كامىل ئىنسان قەلبىدىكى بېشىلگەن ۋەھدەتتۇر»[8].

دېمەك، ئالىمنىڭ بۇ تەسەۋۋۇپقا تويۇنغان ئىدىيەلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى تارىخ قاراشلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

**4) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ئالىم تارىخقا باھا بەرگەندە پۈتۈنلۈك قارىشىنى ئۇتتۇرىغا قويغان بولۇپ، پەقەت ئۆتمۈشنىڭ ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىنىمۇ تارىخنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان. شۇنداقلا، ئالىمنىڭ تارىخ قارىشىدىن ئۈمىدۋارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ تارىخنى گۈزەللىك رەزىللىك ئۈستىدىن، ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، مەرىپەت جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ جەريانلارغا تارىخ شاھىد بولىدۇ دەپ قاراپ، تارىخقا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. تارىخقا يۇقىرى باھا بېرىپلا قالماي، تارىخقا خىيانەت قىلىشنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. تارىخقا ئۆز تەتقىقات مېتودى بويىچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. زامان ـ ماكان چەكلىمىلىرىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، تارىخقا ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

تارىخنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ.

ئالىمنىڭ تارىخ قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئالىمنىڭ تارىخ قاراشلىرى ھەممە ئەسەرلىرىگە ھەر خىل شەكىلدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن. تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە يېڭى ئۇچۇرلار مول، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر قويۇق؛

ئىككىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سېلىشتۇرما تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسەرلىرىدە قوللانغان. مەسىلەن: «بىز تۇران تارىخىغا ئائىت رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىدە ــ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا، كاسپىي دېڭىز ساھىلىدا، يىراق شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار پائالىيىتى بىلەن قىسمەن تونۇشتۇق. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قىسمەنكى، بىزگە مىلادىيەدىن ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى زاماندىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI ــ VII ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئاجايىپ تارىخنىڭ پەقەت قىسمەن، تولىمۇ ئاددى ئۇچۇرى يېتىپ كەلگەن. بۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر قىسمى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ رىقابەتلىك يىراق تارىختىكى جەڭگىۋار تارىخى ۋە سەلتەنەت تەنتەنىلىرىدىن بىزگە خەۋەر بېرىدۇ. بۇ تارىخ تېرەن ۋە تەكرار گەۋدىلەنگەن ئۆلمەس ھېكمەتلەر بىلەن تولغان»[9].

ئۈچىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دەسلەپتە ماركسىزملىق قاراشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان، تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە تارىخقا ماركسىزملىق قارىشى بويىچە باھا بەرگەن. ئەمما، كېيىنكى مەزگىللەردە يەنى 1989 ـ يىلدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە باشقا ئىدىيە، ئېقىملارنىڭ خاھىشى بىلەن قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالدۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئارىفنامە» ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپقا مايىللىقى چىقىپ تۇرىدۇ؛

تۆتىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەزەلدىن «ئوردا - ساراي تارىخچىسى» ئەمەس. ماركسىزملىق تارىخچى، ماتېرىيالىستىك تارىخشۇناس. باشقا ئىدىيە، قاراشلارنىڭ تەسىرىگە قىسمەن ئۇچرىغان ئۇ، تۈزۈلمە - كاتېگورىيەسىگە، بولۇپمۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردە مەۋجۇت بولغان سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى يۇقىرى تارىخشۇناس؛

بەشىنچى، تارىخ ياكى تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئەسەرلىرىدە مەلۇم تارىخىي مەسىلىگە نىسبەتەن دەلىل، پاكىت مول، دەلىل - پاكىتلارنى كۆپ خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. (بۇ جايدا شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا زۆرۈركى، ئالىم تارىخ مەپتۇنكارلىقى تۈپەيلىدىن تارىخقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن باشقا، ھەر خىل سۈرەت، ھۆججەت ۋە يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلىغان ۋە بۇلاردىن ئۈنۈمىيۈزلۈك پايدىلانغان. بۇلار ئالىمنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دەلىللەش، ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان.) مەسىلەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدىن يۇقىرىدىكى ھۆكۈمىمىزنىڭ پاكىتلىرىنى كۆرۈۋالايمىز؛

ئالتىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن باشقا ئىجادىيەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە تارىخىي قىسسە، تارىخىي ئوچېرك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تالانتىنى نامايەن قىلغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق تارىخىي ئوچېركى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق تارىخىي قىسسەسى مانا شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر (يەنە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئالىم ئۆز ھاياتىدا باشتىن - ئاخىر تارىخنىڭ پايانسىز ھېكمەتلىرىگە ئاشىق بولۇپ، بىر ئۆمۈر تارىخ تېپىشماقلىرىنى تېپىش، كۆمۈلگەن تارىخىي سىراسلارنى قېزىش، تارىختىكى تۈرلۈك تەبىرلەردىن جاۋاھىرات سۈزۈش بىلەن بىرگە جەريانى مۈشكۈل، تەتقىق قىلىش تەس بولغان تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەشكە زېھنى، ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. تارىخ تەتقىقاتىغا ئاشىق ئالىم ئۆزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدىن سىرت، شېئىرلىرى، رۇبائىيلىرىدىمۇ، تارىخىي پۇراقنى ئاساس قىلىپ دىيارىمىزنىڭ تارىخى ۋە تارىختا ئۆتكەن شەخسلەرنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان.) «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق تارىخىي قىسسەسىمۇ ئاپتورنىڭ تارىخقا بولغان مەپتۇنكارلىقىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى.

**5)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىققا قوشقان تۆھپىسى**

ئالىمنىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىسىنى قىسقىچە يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىدەك: ئالىم تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىرىنچى، «ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تارىخ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى»

بۇ، تارىخنى يېزىق بىلەن بايان قىلىش ھازىرغىچە تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي ئۇسۇل بولۇپ كەلگەنلىكى، ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە بۇ ئۇسۇلنىڭ بىرمۇنچە نۇقسانلىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىكى، شۇڭا بۇ كونا ئۇسۇلدىن ئۇچۇرلۇق تەتقىق قىلىشتەك يېڭى ئۇسۇلغا ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «تارىخ — ۋاقىت (زامان) كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ كەڭ مەنىدە خاتىرىگە ئايلانغان ئۆتمۈش بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان پائالىيەتتىكى رېئاللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخ — ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان رېئال ۋە راۋان ئېقىمى بولۇپ، توختىمىغان تارىخ ۋە ئۆتمۈشكە ئايلانمايدىغان رېئال پائالىيەت مەۋجۇت ئەمەس. تارىخ — ئىنسانىيەتنىڭ جىسمانىي، ئىجتىمائىي، ئەقلىي كامالىتىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. تارىخنى ئارقىغا، جاھالەتكە بۇراش مۇمكىن ئەمەس. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۈكلۈك ئۈستىدىن، نۇرانىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى توساپ قالالايدىغان ھەرقانداق كۈچنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس».

بۇ تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە

www.uyghurkitap.com



ئىچكى خاھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشىدىن ئىبارەت يېزىقنى ئۇچۇر قىلىش ئەنئەنىسىگە قارشى قويۇلغان يېگىچە ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل بويىچە تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇر سىستېمىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت. بۇ مۇھىمى ماددىي بۇيۇم، يېزىق ـ ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، تارىخ ھەر خىل يېزىلىپ، ئەسلىي ئۆز ئۇچۇرى چەتتە قالغان بولىدۇ. بۇ سىما چيەن، ھېرودوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ چىنلىق، ئىلغارلىققا ئىگە. بۇ، ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئاساس، يېزىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

ئىككىنچى، «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش» قارىشى

ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە، ۋەقە سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى ئىنسانىيەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. يېگى قاتلامنىڭ ئۆلىنى تۈزىدۇ. ماھىيەت ۋە ئۇسلۇبتا يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىپ ساقلىنىدۇ. بىر تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمىسى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قارىشى»

بۇ، ھەرقايسى خەلقلەر تارىخىنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە يوسۇندا ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھاسىدا چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە يېڭىچە قاراش. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشىلىكنىڭ بىردەكلىككە زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

دېمەك، ئالىم تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي نەتىجىلىرى، يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە.

## ئىزاھلار


[1] ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل، 57 ـ بەت.

[2] مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، ئابدۇروسۇل ئۆمەر: «مەھمۇد قەشقەرى»[M]، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 195 ـ ، 196 ـ بەتلەر.

[3] [4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇبنامىسى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ باسما، 170 ـ بەت، 198 ـ بەت.

[5] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قارلىق تاغ شەجەرىسى»[M]، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 2 ـ بەت.

[6] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 61 ـ بەت.

[7] [8] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 344 ـ بەت، 346 ـ بەت.

[9] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 209 ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئادىل ئايۇپ

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 087 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈرى ۋە باغلىنىش يوللىرى توغرىسىدا*

قەييۇم مىجىت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرى ۋە باغلىنىش يوللىرى بىر قانچە نۇقتىدىن، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق، كونكرېت تەھلىل قىلىنىدۇ. تىلىمىزدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنى ئەتراپلىق بىلىش، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېنىق ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: بېقىندىلىق قوشما جۈملە؛ شەرتلىك مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە؛ قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

**摘要**：本文对现代维吾尔语主从复合句进行全面的分析研究，归纳总结其类型与连接方式以期在现代维吾尔语中正确使用和理解主从复合句。

**关键词**：主从复句；条件关系的主从复句；对立关系的主从复句

**Abstract:** This paper studies and categorizes sentence structures and types of connections of complex sentences in modern Uyghur language, to aim at better understanding and correctly using of the subject.

**Keywords:** complex sentence; conditional relation; opposite relation

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2 ماتېرىيال بەلگىسى: A

بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تارماق جۈملىنىڭ بېقىنىش- بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالسا، بەزىلىرى ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇلار ئۆز شەكلىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن ھالدا بىرىكىپ، ھەر خىل مەنىۋى مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ①بىر ئادەم خاتالىقتىن قول ئۈزۈپ ئويغىنىدىكەن، ئۇ يېڭى بىر كۈچ بىلەن ھەقىقەتكە قاراپ قەدەم تاشلايدۇ؛ ②گەرچە قۇش ئۇچۇۋاتقاندا ئۇنى كۆرگىلى بولسىمۇ، لېكىن قانىتىنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولمايدۇ؛ ③ئۇ ئۆزى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارغىمۇ ياردەم بېرىدۇ؛ ④ تۇرمۇش شۇنداق نەرسىكى، سەن ئۇنى يەڭمىسەڭ، ئۇ سېنى يېڭىدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەر بېقىندىلىق قوشما جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر بېقىنىش- بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە مەلۇم مەنىۋى مۇناسىۋەتتىكى مۇرەككەپرەك بىر قوشما ئوي- پىكىرنى ئىپادىلەۋاتىدۇ.

بېقىندۇرغۇچى جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتە كۆپىنچە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. بېقىندى جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتە كۆپىنچە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. مەسىلەن: ①كىشى ھايات ۋاقتىدا تۆھپە ياراتسا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئىزى ئۆچمەيدۇ؛ ②چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەيدۇ؛ ③يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتكەنلىكتىن، بىز ئېكىسكۇرسىيەگە بارالمىدۇق؛ ④ئۇنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

---

*بۇ ماقالە 2015- يىلى 11- ئاينىڭ 13- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: قەييۇم مىجىت (1957- يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئومۇمىي لوگىكا ئوقۇتۇشى ھەم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇقىرىقى ①②③ مىسالدىكى ئالدىنقى تارماق جۈملە بېقىندى جۈملە، كېيىنكى تارماق جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملە بولىدۇ. ④ مىسالدىكى ئالدىنقى تارماق جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملە، كېيىنكى تارماق جۈملە بېقىندى جۈملە بولىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىش يوللىرىغا ئاساسەن، ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. شەرتلىك مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بۇ جۈملىدىكى ئوي- پىكىر بېقىندۇرغۇچى جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرنىڭ شەرتى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان قوشما جۈملە شەكلىدۇر. بۇ خىل قوشما جۈملىدە بېقىندى جۈملە ئالدىدا، بېقىندۇرغۇچى جۈملە كەيىندە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بېقىندى جۈملىسى بىر خىل شەرت ۋە پەرەزنى بىلدۈرىدۇ. بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى شۇ خىل شەرت ۋە پەرەز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ.

شەرتلىك مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

1) بېقىندى جۈملىسى ئالدىغا «ئەگەر»، «ناۋادا»، «مۇبادا» باغلىغۇچىلىرى قوشۇلغان، ئاخىرىغا شەرت رايى قوشۇمچىلىرى «سا، سە» قوشۇلغان شەكلىدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ①ئەگەر سىلەر قوشۇلساڭلار، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يولغا چىقىمىز؛ ②ئەگەر بىز خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا ماھىر بولمىساق، خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىيەلمەي قالىمىز؛③ناۋادا شەھەردە ياشاپ، شەھەر قىزلىرىچە كىيىنگەن بولسا، گۈللەرنىڭ گۈلى بولىدىكەن بۇ بەرنا.

شەرت رايى قوشۇمچىسى يۇقىرىقى باغلىغۇچىلارنىڭ مەنىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولغاچقا، بۇ باغلىغۇچىلار بەزى ھاللاردا قىسقارتىۋېتىلىدۇ.

2) بېقىندى جۈملە خەۋىرىگە شەرت رايى قوشۇمچىلىرى «سا، سە» قوشۇلۇش ئارقىلىقلا، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روھىڭ سامان بولماس؛ ②سەن ئاممىنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئامما سېنى ئىززەتلەيدۇ؛ ③ئاپەتكە يولۇقماي دېسەڭ، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇر؛ ④ئادىمى دېگەندە ۋىجدان بولمىسا، ئۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى.

بۇ خىل باغلىنىشتا بەزىدە بېقىندى جۈملىدە «كىم»، «نېمە»، «قايسى»، «قانداق»،«قانچە»، «قاچان»، «قەيەر» قاتارلىق سوئال ئالماشلىرى، بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە «شۇ»، «شۇنداق»، «شۇنچە»، «شۇ چاغ»، «شۇ يەر» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ھالدا شەرت-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى ۋە كۈچەيتىش مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

①كىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، شۇ قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ؛ ②قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ؛ ③قانداق قىلماقچى بولساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار؛ ④ بىر ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ؛ ⑤ئۇلار قەيەر ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەيتتى.

3) بېقىندى جۈملىسى ئالدىغا «پەقەت» باغلىغۇچىسى قوشۇلغان، ئاخىرىغا شەرت رايى قوشۇمچىسى بىلەن «لا» يۈكلىمىسى قوشۇلغان شەكلىدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ①پەقەت تىرىشىپ ئۆگەنسەڭلا، ئۆگىنىشتە ئارقىدا قالمايسەن؛ ②پەقەت قانۇن بويىچە ئىش قىلساقلا، خاتالاشقان بولمايمىز.

4) بېقىندى جۈملىسى خەۋىرى «غاندا»، «غاندىلا» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكلىدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ①بۇ خىزمەتنى ئورۇنلىمىغاندا، باشقا خىزمەتلەرگە تەسىر يېتىدۇ؛ ②تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

5) بېقىندى جۈملىسى خەۋىرى «ئىكەن»، «ئىدى» ياردەمچى پېئىللىرى قوشۇلغان شەكلىدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

①قەيەردە ئېزىلىش بولىدىكەن، شۇ يەردە

قارشىلىق بولىدۇ؛ ②ياماننى ئادەتلەرگە رەددىيە بەرمەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز؛ ③ئۇ ئەھۋالنى بىلگەن بولسىدى، ھەرگىز ئۇنداق دېمەيتتى.

6) بېقىندى جۈملىسى ئالدىغا «مەيلى» سۆزى، كەينىگە «سۇن» قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ①مەيلى قىيىنچىلىق قانچە چوڭ بولسۇن، بىز ئۇنى چوقۇم يېڭىمىز؛ ②مەيلى قانداق ئىش بولسۇن، دوستلۇقىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەيلى.

7) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە «مىغۇچە»، «مىگۈچە»، «ماي»، «مەي» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①جاپا تارتمىغۇچە، ھالاۋەت يوق؛②جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس؛ ③ جاپالىق كۈرەش قىلماي، غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ؛ ④ كۆپچىلىكنىڭ ئېگىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆزىمىز بىلگەنچە ئىش قىلىشاق بولمايدۇ.

شەرتلىك مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە ھەر خىل شەكىللەردە باغلىنىپ كېلىپ، مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل جۈملە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار شەرت- نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتىكى مول ۋە رەڭدار بولغان قوشما ئوي- پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بۇ بېقىندى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي- پىكىرگە بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي- پىكىر قارشى قويۇلغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە شەكلىدۇر. بۇ خىل قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە ئاۋۋال، بېقىندۇرغۇچى جۈملە كېيىن كېلىدۇ ھەمدە ئۇلار قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى ھەر خىل قوشما ئوي- پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

1) بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىغا «گەرچە» باغلىغۇچىسى، كەينىگە «سا، سە» قوشۇمچىسى بىلەن «مۇ» ئۇلانمىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىغا «لېكىن»، «بىراق»، «ئەمما» باغلىغۇچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. شۇ ئاساستا بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئۆز ئارا باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ① زىيالىلار گەرچە ئالغا باسقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىقى لازىم. ②گەرچە ئۇ مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولسىمۇ، لېكىن دەرس ۋاقتىدا ئۇنى سىنىپتىن تاپقىلى بولمايدۇ.

2) بېقىندى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا «سا، سە» قوشۇمچىسى بىلەن «مۇ» ئۇلانمىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

①شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى؛ ②ئۇلارغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلسىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلىيالمىدى. بېقىندى جۈملىسىگە «غۇ» ئۇلانمىسى، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسىگە «لېكىن» باغلىغۇچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①ئۇ ئەدەبىياتتىنغۇ ياخشى، لېكىن ماتېماتىكىدا بەك ناچار؛ ②ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىغۇ ئېگىز، ئەمما ھەرىكىتى بەك ئاستا.

3) بېقىندى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا «سا، سە» قوشۇمچىسى، بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىغا «ئەكسىچە» باغلىغۇچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①بىز ئۇلارغا بىر مۇنچە ياردەم بەرسەك، ئەكسىچە ئۇلار بىزگە نارازىلىق بىلدۈردى؛ ②مەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە توغرا مەسلىھەتلەرنى بەرسەم، ئەكسىچە ئۇ مېنى ھاقارەتلەپ، ماڭا قارا چاپلىدى.

4) بېقىندى جۈملە خەۋىرى «ي» قوشۇمچىسى قوشۇلغان بولۇشسىز شەكىلدىكى بۇيرۇق راي پېئىلىدىن تۈزۈلگەن ھالدا، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

①يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەي، تۆگىنىڭ بويىنىنى ئەگرى دەيدۇ؛ ②ئۇلار ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئاددى بولغانلىقىغا قارىماي، نۇرغۇن كېسەللەرنى

www.uyghurkitap.com



مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوپېراتسىيە قىلدى.

5) بېقىندى جۈملە خەۋىرى «غان»لىق سۈپەتداشلارغا «بىلەن»، «بىلەنمۇ»، «تەقدىردىمۇ» سۆزلىرى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

①ئۇ بارىمەن دېگەن بىلەن، تەشكىل ئۇنىڭ بېرىشىغا قوشۇلمايدۇ؛ ②ئۇلار كەلگەن بىلەنمۇ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ③سەن ئۇنى ئىزدەپ بارغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىز قوشۇلمايدۇ.

6) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە «يۇ»، «ئۇ» يۈكلىمىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①ئەمەلدارلارنىڭ ئوت قويۇشىغا رۇخسەت-يۇ، پۇقرالارنىڭ چىراغ يېقىشىغا رۇخسەت يوقمۇ؟②توۋا، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرىمىز دېيدىكەنۇ، ئۆزى خىيانەتنىڭ چوڭىنى قىلىدىكەن.

7) بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە «بولمىسا» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇ خىل باغلىغۇچى بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ①تېزرەك ماڭايلى، بولمىسا ئاپتوبۇس كېتىپ قالىدۇ؛ ②گەپنى ئوچۇق قىل، بولمىسا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ.

## 3. سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بېقىندى جۈملىسى سەۋەبنى، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە شەكلىدۇر. بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە ئالدىدا، بېقىندۇرغۇچى جۈملە كەينىدە كېلىدۇ ھەمدە ئۇلار سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتىكى ھەر خىل قوشما ئوي-پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ.

1) بېقىندى جۈملە خەۋىرى «غاچقا»، «گەچكە»، «غانلىقتىن»، «گەنلىكتىن» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ①جەڭ توختىماي داۋام قىلغاچقا، پۈتۈن شەھەر ئىس-تۈتەك بىلەن قاپلانغانىدى. ②سەن ئاممىغا ئىشەنمىگەچكە، ئاممىمۇ ساڭا ئىشەنمەيدۇ. ③ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغاچقا، سىلەرگە ۋاقتىدا خەۋەر قىلالمىدۇق.

2) بېقىندى جۈملە خەۋىرى «تۇرسا»، «تۇرقلۇق»، «يەردە» سۆزلىرى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. بېقىندۇرغۇچى جۈملە كۆپىنچە سوراق جۈملە شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ① بەش يىلدىن بېرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسام، نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟②ئالدىمىزدا ھەممە ئىمكانىيەت بار تۇرۇقلۇق، بىز نېمىشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا تىرىشمايمىز؟③مەن ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلىۋاتقان يەردە، سىلەر جۈرئەت قىلالمامسىلەر؟

3) بېقىندى جۈملە خەۋىرى «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلغان شەكىلدە ياكى «غان» لىق سۈپەتداش بىلەن «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

①بىز خەلقنىڭ ۋەكىلى ئىكەنمىز، ئوبدان ۋەكىللىك قىلىشىمىز كېرەك؛②ئوغلىمىز ئۇ قىز بىلەن تېپىشقانىكەن، ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قويايلى.

4) بېقىندى جۈملە خەۋىرىگە «غانلىقى ئۈچۈن»، «غانلىقى سەۋەبىدىن»، «غانلىقى تۈپەيلىدىن» قاتارلىق شەكىللەر قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ①شەھەرنىڭ ھاۋاسى تازا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەركىن تەتىلنى يېزىدا ئۆتكۈزدى؛ ②ئۇلار ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، بۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىدى؛③كۆپچىلىك ئورتاق كۈچ چىقارمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ ۋەزىپە ۋاقتىدا ئورۇنلانمىدى.

5) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى «پ، ئىپ، ئۇپ، ئۈپ» قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①ئۇ قىززىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، يولداشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى؛ ②بىز ۋەزىپىنى

ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاپ، تەشكىلنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتۇق؛ ③بىر ئوبدان ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇ بىردىنلا توختاپ قېلىپ، بۇغداي سۇغۇرۇلماي قالدى.

## 4. كۆچەيتمە مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بۇ بېقىندى جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە نىسبەتەن بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئوي-پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە شەكلىدۇر. بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە ئالدىدا، بېقىندۇرغۇچى جۈملە كەينىدە كېلىدۇ ھەمدە ئۇلار كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى ھەر خىل قوشما ئوي-پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

كۆچەيتمە مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

1) بېقىندى جۈملە «لا قالماستىن»، «قالماي» قوشۇلغان شەكىلدە، بېقىندۇرغۇچى جۈملە «بەلكى...مۇ»، «يەنە...مۇ» قوشۇلغان شەكىلدە كېلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①بىز بىلىم ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىشلىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم؛ ②ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماي، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قامدايدىغان بولدى؛ ③يېزىق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىدىمۇ موھىم رول ئوينايدۇ.

2) بېقىندى جۈملىگە «لا قالماستىن»، «لا قالماي» شەكىللىرى قوشۇلۇش، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسىگە «مۇ» ئۇلانمىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئۆز ئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①ئۇ خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، رۇس تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگەندى؛ ②ئۆگىنىشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، بەدەن چېنىقتۇرۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

3) بېقىندى جۈملىسى «ئەمەس»، «لا ئەمەس» سۆزلىرى قوشۇلغان شەكىلدە، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى «بەلكى...مۇ...» سۆزلىرى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىپ، بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئۆز ئارا باغلىنىدۇ. «بەلكى» باغلىغۇچىسى بەزىدە قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن: ①تىل بىرەر شەخس ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ ②تۆۋەن ئېقىمدىكىلەر كەلكۈندىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا ھۆلچىلىك ئاپىتىمۇ زور دەرىجىدە يېنىكلەشتى.

4) بېقىندى جۈملىسى «ئۇياقتا تۇرسۇن»، «تۇرماق»، «نۆگەل» سۆزلىرى قوشۇلغان شەكىلدە، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى «بەلكى...مۇ...» سۆزلىرى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىپ، بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ①ئۇ يېرىگە ئۇرۇق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھازىرغىچە تېخى يېرىنى ھەيدىمەپتۇ؛ ②بۇ كىتابنى ساڭا بېرىۋېتىش تۇرماق، كۆرۈپ تۇرۇشقىمۇ بەرمەيمەن.

5) بېقىندى جۈملىسىگە «غاندىن تاشقىرى»، «سىرت»، «باشقا» سۆزلىرى قوشۇلۇش، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسىگە «يەنە...مۇ...» سۆزلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ، مەسىلەن: ①بىر ياخشى تەنھەرىكەتچىدە ساغلام بەدەن بولغاندىن تاشقىرى، يەنە بىلىممۇ بولۇشى كېرەك؛ ②بىز ئۇلارنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە كۆمۈر بىلەنمۇ تەمىنلىمەكچى.

## 5. تاللانما مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەت ئىنكار قىلىنىپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەت مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە تاللانما مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بولىدۇ. بۇ خىل قوشما جۈملىدە بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە تاللانما مۇناسىۋەتتىكى

www.uyghurkitap.com



ئىـوي-پىكىرلەرنــى سىلىشــتۇرۇپ كۆرســىتىش رولىنــى ئوينايدۇ.

تاللانمــا مۇناســىۋەتتىكى بېقىنــدىلىق قوشــما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە تۆۋەندىكى شەكىللەردە باغلىنىپ كېلىدۇ.

1) بېقىنــدى جـۈملىگە «غانــدىن كـۆرە» شـەكلى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندۇرغۇچى جـۈملىگە باغلىنىـپ كېلىدۇ. بېقىندى جۈملە ئالدىدا، بېقىنـدۇرغۇچى جـۈملە كەينىــدە كېلىــدۇ. مەســىلەن: ①ئاســماندا داغـدۇغۇلۇق ئەمما پايدىسىز چاقماق بولغاندىن كـۆرە، يەردە بىـر تۇتـام يالقۇن بولۇپ بىر غېرىپنىـڭ قـازىنىنى قايناتقـان ئەۋزەل؛ ②بازاردا بىكار ئايلىنىـپ يۈرگەنـدىن كـۆرە، كىنوخانىغا بېرىــپ كىنــو كــۆرگەن ياخشــى. بېقىنــدى جۈملىســى «غــۇچە» قوشۇمچىســى قوشــۇلغان شــەكىلدە كېلىــپ، بېقىنــدۇرغۇچى جـۈملىگە باغلىنىــدۇ. بېقىنــدى جـۈملە ئالدىـــدا، بېقىنـــدۇرغۇچى جـــۈملە كەينىـــدە كېلىـــدۇ. مەسىلەن: ①توشقاندەك يۈز يىـل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا؛ ②بىز تاش سانىغۇچە، ئۇلار قوم سانايدۇ.

2) بېقىنــدۇرغۇچى جۈملىنىــڭ ئاخىرىغــا «كــى» باغلىغۇچىسى، بېقىنــدى جۈملىنىــڭ ئالــدىغا «هەرگــىز» سۆزى قوشۇلۇش ئارقىلىق، بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىــلەن بېقىنــدى جــۈملە باغلىنىـــپ كېلىــدۇ، بــۇ شــەكىلدە بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئالدىدا، بېقىنــدى جـۈملە كەينىــدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ①بىـز ئۆلۈشـكە رازىمىزكــى، هەرگــىز دۈشمەنگە باش ئەگمەيمىز؛ ②مەن ئـۆزۈم يـالغۇز بارسام بارايكى، هەرگىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارمايمەن.

## 6. ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئىزاھلاپ، ئېنىقلاپ، تولـۇقلاپ كېلىـدىغان بېقىنـدىلىق قوشـما جـۈملە ئىـزاھلاش مۇناسـىۋىتىدىكى بېقىنـدىلىق قوشــما جـۈملە دېيىلىــدۇ. بۇخىــل قوشــما جۈملىدە بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئالدىدا، بېقىنـدى جـۈملە كەينىدە كېلىدۇ. بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىـلەن بېقىنـدى جۈملە «كى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق، ئۆز ئـارا باغلىنىـپ كېلىــدۇ. بــۇ بــاغلىغۇچى بېقىنــدۇرغۇچى جۈملىنىــڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىدۇ.

ئىــزاھلاش مۇناســىۋىتىدىكى بېقىنــدىلىق قوشــما جۈملىدە بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ مەزمۇنى بىرئاز تۇتۇق بولــۇپ، ئۇنىــڭ مەزمــۇنى بېقىنــدى جـۈملە ئــارقىلىق روشەنلىشـــىدۇ، تولۇقلىنىـــدۇ. بېقىنـــدى جــــۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە باغلىنىـپ، ئـۇنى ئېـنىقلاش، ئىــزاھلاش رولىنــى ئوينايــدۇ. شــۇڭا بېقىنــدى جـۈملە بېقىنــدۇرغۇچى جۈملىنىــڭ قايســى بـۆلىكىنى ئېـنىقلاپ يـاكى ئىـزاھلاپ كەلسـە، جـۈملە شـۇ بۆلەكنىـڭ نـامى بىـلەن ئاتىلىـدۇ. كونكرېـت ئىپادىسـى تۆۋەندىكىچە:

**1) ئىگە ئىزاھلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

بۇ خىل جۈملىدە بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىـدىكى ئىگىنــى ئىــزاھلاپ، تولــۇقلاپ كېلىــدۇ. مەســىلەن: ①بىــزگە شـۇ نەرسـە مەلـۇمكى، مۇقىملىـق ھەممىنى بېسىـپ چۈشىـدۇ؛ ②شـۇ نەرسـە ھەممىـزگە ئايانكى، تارىخنى خەلق ئاممىسى ياراتقان.

**2) خەۋەر ئىزاھلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

بۇ خىل جۈملىـدە بېقىنـدى جـۈملە بېقىنـدۇرغۇچى جۈملىــدىكى خەۋىرنــى ئىــزاھلاپ، تولــۇقلاپ كېلىــدۇ. مەسىلەن:

①ئۇنىــڭ ئاساسـلىق كەمچىلىكــى شــۇكى، ئــۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە سەل قارىغان؛ ②ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداقكى، ئۇ ھېچكىم بىلەن كېلىشەلمەيدۇ.

**3) تولدۇرغۇچى ئىزاھلانغان بېقىندىلىق قوشـما جۈملە**

بۇنداق جۈملىـدە بېقىنـدى جـۈملە بېقىنـدۇرغۇچى جۈملىنىــڭ تولدۇرغۇچىســىنى ئېــنىقلاپ، ئىــزاھلاپ كېلىدۇ. مەسـىلەن: ①شـۇنى بىلىشـىمىز كېرەككـى، بىـز يېڭـى تـارىخىي دەۋردە تـۇرۇۋاتىمىز؛ ②ھەر بىـر پۇقراغـا شـۇنى چۈشـەندۈرۈش كېرەككـى، مـوھىتنى ئاسـراش ئىنسانلارنىڭ بۇرچى.

**4) ئېنىقلىغۇچى ئىزاھلانغان بېقىنـدىلىق قوشـما جۈملە**

بۇ خىل جۈملىـدە بېقىنـدى جـۈملە بېقىنـدۇرغۇچى جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچىنى ئىزاھلاپ، تولۇقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①مۇھاببەت شۇنداق كۈچلۈككى، ئۇ ئۆلۈمنى يېڭىـدۇ؛ ②تۇرمـۇش شـۇنداق نەرسىكى، ئـۇ ئـوڭ قـولى

بىلەن بېشىڭنى سىلىسا، سول قولى بىلەن يۈزۈڭگە شاپىلاق ئۇرىدۇ.

**5) ھالەت ئىزاھلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

بۇ خىل جۈملىدە بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىدىكى ھالەتنى ئىزاھلاپ، تولۇقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ①شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭ لازىمكى، سەن تۇرمۇش ئۈستىدىن غالىب بولۇپ چىقالايسەن؛ ②بۇ ئارمىيە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈككى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ئىنتىزامغا ئىگە. ③كۆلكىنىڭ كۈچى شۇ قەدەر زوركى، ئۇنىڭغا جاھاندىكى مەن-مەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بويسۇنىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدە ئادەتتە بىرلا بېقىندۇرغۇچى جۈملە بولىدۇ. بېقىندى جۈملە بىر ياكى بىر قانچە بولۇشى مۇمكىن. بېقىندى جۈملە بىرلا بولسا، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە بىۋاسىتە باغلىنىپ كېلىدۇ ۋە بىر خىل مەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ (يۇقىرىقى بىر بېقىندى جۈملىلىك مىساللاردىكىدەك). بېقىندى جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا، ئۇلار بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە ئورتاق باغلىنىشتا باغلىنىپ كېلىشىمۇ، قاتارىي باغلىنىشتا باغلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا ئۇلار بىر خىل مەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىشىمۇ ، ھەر خىل مەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ①ماتېرىيال يېتەرلىك بولسا، تىرىشىپ ئۆگەنسەڭ، ئۆگىنىشتە ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ؛ ②ئۆيلەرنى پاكىزە تازىلاپ، تاماقنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، مېھمانىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق؛ ③مەكتەپكە بارماقچى بولۇپ، چوڭ يولدا كېتىۋاتسام، بىر ساۋاقدىشىم ئۇچراپ قالدى؛ ④تىرىشىپ ئۆگەنسەك، دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، كەسپىي سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز.

يۇقىرىقى①②مىسالدا ئالدىنقى ئىككى بېقىندى جۈملە تەڭ دەرىجىدە، كېيىنكى بىر بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە ئورتاق باغلىنىپ كەلگەن ھەمدە ئۇلار بىر خىل مەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەن. ③④مىسالدا ئالدىنقى ئىككى بېقىندى جۈملە بىرى يەنە بىرىگە بېقىنىش ئاساسىدا، كېيىنكى بىر بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە قاتارىي باغلىنىپ كەلگەن ھەمدە ئۇلار ھەر خىل مەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەن.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ پەرقى شۇكى، بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر بېقىنىش-بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بېقىندۇرغۇچى جۈملە كۆپىنچە ئاياغلاشقان شەكىلدە كېلىدۇ ۋە ئايرىم تۇرغاندا ئاددى جۈملە بولالايدۇ. بېقىندى جۈملە كۆپىنچە ئاياغلاشمىغان شەكىلدە كېلىدۇ ۋە ئايرىم تۇرغاندا ئاددىي جۈملە بولالمايدۇ. تەڭداش قوشما جۈملىلەردە بولسا، تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا تارماق جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياغلاشقان شەكىلدە كېلىدۇ ۋە ئايرىم تۇرغاندا ئاددىي جۈملە بولالايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈرى ۋە شەكىللىرى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ، بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتكەن. بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەر بىلىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ھەم شۇ جەرياندا كىشىلەرنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىنى قامداپ، بىلىش ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى موھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا تىلىمىزدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنى ئەتراپلىق بىلىش، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلانمىلار


1. ئارسلان ئابدۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 - يىلى 12 - ئاي نەشرى.
2. كۇرەش مەھمۇتجان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى 4 - ئاي نەشرى.
3. مەمتىمىن سالى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى.
4. تۇردى ئەخمەد: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1992 - يىلى 4 - ئاي نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 094 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ ئالىي مەكتەپ تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ خەنزۇ تىل ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلىشى*

فىردەۋس باتۇر، نىجات سوپى

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل فاكۇلتېتى، غۇلجا، 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكى ھازىرقى ئالىي مەكتەپ دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ تىلى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلىشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. مەزكۇر ماقالىدە كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەت تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلىشى ئۈستىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ مۇھىم قائىدىلىرى تەييارلىق سىنىپلاردىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەييارلىق سىنىپلىرىدا يولغا قويغىلى بولىدىغان بىر قىسىم ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش؛ ئازسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى

**摘要：** 多媒体教学以其鲜明的优点，现已成为诸多师范院校课堂教学的主要教学方式。多媒体技术教学应用到少数民族汉语课堂教学中，大大提高了教学实效。本文主要探讨多媒体技术在高校少数民族预科汉语教学中的应用，以多媒体技术基本原理为基础，结合少数民族预科汉语的特点及实施状况，提出高校少数民族预科课堂中切实可行的教学方法。

**关键词：** 多媒体教学；少数民族大学生；汉语教学

**Abstract:** The multi-media teaching technology, by its significant advantages, has become the main teaching approach in many universities. The application of this technology has improved teaching effectiveness in Chinese language teaching courses for minority ethnic students. Combining with teaching condition of the course and the application, fundamental principles of multi-media technology, this paper discusses an applicable teaching method for junior minority ethnic students.

**Keywords:** multi-media teaching; minority ethnic students; Chinese courses

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** G43 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئەمەلىيەتتە بۇرۇندىنلا بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىلگىرى تېكىست، ئاۋاز، رەسىم قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. ئەمما 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، پىروېكسىيە ئاپپاراتى، پىروېكسىيەلىك رەسىم، ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ قاتارلىق كۆپ خىل ئېلېكتىرلىك ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئۈنىۋېرسال قوللىنىلىشقا باشلىدى، بۇ خىل ئوقۇتۇش تېخنىكىسى كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ياكى ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش دەپمۇ ئاتالدى. 90 ـ يىللاردىن باشلاپ، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ ۋاستىلىك ھېسابلاش ماشىنىسى، ئىلگىرىكىدەك كۆپ خىل ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنى ئۈنىۋېرسال قوللىنىدىغان ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇڭا بىز ھازىر

---

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: فىردەۋس باتۇر (1991 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى تەرجىمانلىق كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى.

ئاپتور: نىجات سوپى (1968 ـ يىلى تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

دائىم تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئەمەلىيەتتە كۆپ ۋاستىلىك ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمىدە ئالدىن تەييارلىنىپ، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش يۇمشاق دېتاللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوقۇتۇش جەريانىغا قارىتىلغان. دېمەك، ئالىي مەكتەپ تەييارلىق سىنىپلىرىدا خەنزۇ تىلى دەرسى ئوقۇتۇشىنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت، خەنزۇ تىلى ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن تېزراق ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ھەم يېزىشتىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كەسپكە ئالماشقاندىن كېيىنكى كەسپىي دەرسلەرنى ئۆگىنىشىگە بىر قەدەر ياخشى ئاساس يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. نۆۋەتتە، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا ئالىي مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەت تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا، ئۇ «بىر پارچە قارا دوسكا بىلەن بىر دانە بور»غا تايىنىپ ئوقۇتىدىغان ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ئوبرازلىق، جانلىق ھەم قىزىقارلىق كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، خەنزۇ تىل ئوقۇتۇشىنىڭ ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

## 1. كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ ئالىي مەكتەپ تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا قوللىنىشى

**1) كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسىنى تەييارلىق سىنىپلارنىڭ خەنزۇ تىل ئوقۇتۇشىدا قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى**

كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا مائارىپ ساھەسىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشقا باشلىدى، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئاددىي ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ئەمدىلىكتە زامانىۋىلاشقان دەرسخانا ئوقۇتۇشىغا ماسلىشالمايدىغان بولدى، ۋەھالەنكى، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەزگۈلىرىنى ئويغىتىپ، ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. دېمەك كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا قوللانغاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش، ئانالىز قىلىش، يەكۈنلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىمۇ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىش مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىل زۆرۈرلۈك يەنە تۆۋەندىكى جەھەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ:

(1)مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكىنى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر. نۆۋەتتىكى باسقۇچتا، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا بىر خىل زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوقۇتۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە قوللىنىلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە، ئەمما ئاز سانلىق مىللەت تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا ئوقۇتۇش پىروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن ئىسلاھات نىشانى ۋە ئۇنىڭ رولى تەييارلىق سىنىپلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە يەنىلا چەكلىمىلىككە ئۇچرىماقتا. شۇڭا ئوقۇتۇشتىكى بۇنداق تەڭپۇڭسىزلىق مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە نۇرغۇن پايدىسىز ئامىللارنى بارلىققا كەلتۈردى.

(2) زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تېز

www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇر قارىشى ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش قۇرۇلمىسى ھەم ئۆگىنىش نىشانلىرىدىمۇ بۇرۇلۇش بولدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرىمىز دېيدىكەنمىز، چوقۇم باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «بىر كىتاب، بىر دانە بور ھەم نوقۇل ئېغىزغىلا تايىنىپ» ئوقۇتىدىغان ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدىغان، تېخىمۇ ئەپچىل ھەم ئۈنۈملۈك بولغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز كېرەك. كۆپ ۋاستىلىك زامانىۋى ئوقۇتۇش دەل شۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ سۈرەتنىڭ موللۇقى، ھەرىكەتلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئاۋاز ھەم رەڭ، تۈس جەھەتتىكى ئەۋزەللىك، شۇنىڭدەك مول ئۇچۇر ۋە قىزىقارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاكتىۋال رولىنى جارىي قىلدۇرماقتا. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسىنى ئاز سانلىق مىللەت تەييارلىق سىنىپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا قوللىنىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

**2) كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىلاردا قىزىقىش پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنىمۇ قوزغايدۇ.**

قىزغىنلىق ئۆگىنىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، قىزىقىش ئەڭ ياخشى قوزغاتقۇچتۇر. چۈنكى قىزىقىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلەپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پىسخىك پائالىيىتىنى بېيىتىدىغان ئەڭ مۇھىم تۈرتكىلىك كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن قىزىقىش بولمىسا، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئويلىنىدىغان، جاۋاب ئىزدەيدىغان قىزغىنلىقمۇ بولمايدۇ. كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسى دەرسخانىلارغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سەزگۈلىرىنىڭ رولىنىڭ تولۇق جارىي قىلدۇرۇلۇشىغا شارائىت ھازىرلاندى. دېمەك كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش مۇھىتىدا يەتكۈزۈلىدىغان ئۇچۇر بايلىقى ناھايىتى مول بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ۋە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ، مانا مۇشۇنداق تەلەپ ۋە ھەۋەس بولغاندىلا ئۆگىنىشمۇ ئۇلار ئۈچۈن يۈك ياكى بېسىم تۇيۇلمايدۇ.

**3) كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان جانلىق دەرسخانا كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ**

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خەنزۇ تىلى دەرسى ئوقۇتۇشتا، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ قاتتىق ھەم يۇمشاق دېتاللىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يېپيېڭى بىر خىل ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىلدى. ھازىرغىچە ئاز سانلىق مىللەت سىنىپلىرىدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بولسا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى «ئوقۇغۇچى مۇھىم گەۋدە قىلىنغان، ئوقۇتقۇچى مۇھىم يېتەكچىلىك قىلغان، مەشىق مۇھىم يىپ ئۇچى قىلىنغان»، «ئۈچ مۇھىم» دەرسخانا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدۇر. دېمەك كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى دەرسخانىلارغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، كۆرسەتمىلىك رەسىملەرنىڭ كۆپىيىشى، ئاۋاز بىلەن ھېسسىياتنىڭ تەڭ قوللىنىشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشىنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە ئىگە قىلىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ئۆزئارا تەڭ مۇناسىۋەتتە پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، ئىناق ھەم دوستانە مۇھىتقا ئايلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەركەزلىك ئورنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلدى.

**4) كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئېچىپ، خاتىرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ**

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم جۇغلانمىسى چەكلىك، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، ئادەتتە

شەيئىلەرنىڭ شەكلەن خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەچكە، ئابستراكت تەپەككۇرى، يەنىلا كونكرېت ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ. كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇشنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى بىۋاستە كۆرگىلى بولىدىغان ئوبراز ھەم ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەقىقىي جانلىق كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ھەم تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا يەنە كۆرۈنۈشلەردىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. دېمەك كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئارقىلىق ھەرىكەت ھالىتىدىكى سۈرەتنى بىۋاستە كۆرسەتكەندە، ئابستراكت بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق ھېس قىلدۇرۇپ، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سەزگۈ ئوبرازىنى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. كۆپ ۋاستىلىك ئېلېكترونلۇق دەرسلىك

كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا تېز تەرەققىي قىلىپ جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، جۈملىدىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىدىمۇ كۆپ ۋاستىلىك ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلدى. كۆپ ۋاستىلىك ئېلېكترونلۇق دەرسلىك قوشۇمچە ئوقۇتۇش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېزىق، سۈرەت، كۆرۈنۈش، ئاۋاز قاتارلىق ھەرخىل ۋاستىلەرنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى ئوبرازلىق، جانلىق ھەم چىنلىق بىلەن نامايان قىلىدۇ، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىۋاستە كۆرۈنۈشچانلىقى، يەتكۈزىدىغان ئۇچۇر بايلىقىنىڭ موللۇقى قاتارلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇچۇر دەۋرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ كۆندىلىك ئوقۇتۇش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. گەرچە ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش جەريانىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلەپ كېتەلمىسىمۇ، ئەمما ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمنىڭ ئۈزلۈكسىز موللىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

دېمەك، كۆپ ۋاستىلىك ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇشنىڭ تەلىپى بويىچە تۈزۈلگەن پۇختا پىلان بولۇپ، ئۇ ھەرخىل ۋاستىلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەمدە ئەسلىدىكى دەرسلىك كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىدىن باشقا، تولۇقلاپ ئىشلەنگەن بارلىق يۇمشاق دېتال دەرسلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. كۆپ ۋاستىلىك ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالىنى لايىھەلەش

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن كۆپ ۋاستىلىك ئېلېكترونلۇق خەنزۇ تىلى دەرسلىك ماتېرىيالى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە لايىھەلەنسە بولىدۇ:

**1) كۆرۈش**

ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىر دەرسنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېت كۆرسەتمىلىك شەكىللەر بويىچە بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈپ كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ، يەنى ھەر قېتىمدا پەقەت بىرلا بۆلەكنى كۆرسىتىش، كۆرسىتىلىدىغان بۆلەكنىڭ مەزمۇنى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىك. ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىر دەرس ھالقىلىرىنى، مەقسەتلىك كۆرۈشكە يېتەكلەش بىلەن بىرگە، ئوخشاش بولمىغان كۆرۈش نۇقتىلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۈپەتكە ئالاھىدە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**2) ئاڭلاش**

بۇ دەرس مەزمۇنىنى ئاڭلاپ چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرس مەزمۇنىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلمىسە، بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنى توغرا ئىگىلىيەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە «سۆزلەش»نىڭ دەللىكىگىمۇ ئېغىر تەسىر يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا

www.uyghurkitap.com



ئوقۇتۇش جەريانىدا كۆرۈنۈشلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاڭلاپ چۈشىنىش مەشىقى ئېلىپ بېرىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

3) سۆزلەش

بۇنىڭدا باسقۇچقا ئايرىپ ئىككى خىل تۈر بويىچە مەشىق قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى يەككە تۈر بويىچە مەشىق قىلىش، يەنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەربىر باسقۇچتا سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش؛ ئىككىنچى خىلى، ئۇنىۋېرسال مەشىق، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتا ئۆتۈلگەن دەرس مەزمۇنىغا ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغان خۇلاسە خاراكتېرلىك مەشىققە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆرۈنۈشلەرگە بىۋاستە تەقلىد قىلىپ سۆزلىگەن سۆزىنى؛ يەنە بىرى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر ھەققىدىكى بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) يېزىش

بۇ سۆزلەشنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە دەرستىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر قېتىملىق تاپشۇرۇققا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ دەرسخانىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆزلىنىش مەشىقىنى يېزىق ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ دەرسخانىدىكى سۆزلىنىشنىڭ ئاددىي ھالدا تەكرارلىنىشى بولماستىن، بەلكى مەزمۇننى تېخىمۇ پىششىقلاش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشىق بولۇپ، بۇ شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ «سۆزلەش» جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ.

## 4. كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىلىق ئوقۇتۇش، تەييارلىق سىنىپلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرىدۇ

تەييارلىق سىنىپلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى، خۇددى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا ھەم خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق ئوقۇتۇشىغا ئوخشاشلا، تىل ئاملىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق جەھەتتىكى مەشىقلەر بولسا، تىل ماھارىتىگە تەۋەدۇر. تىل ئاملىنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئىگىلەشكە بولسىمۇ، ئەمما تىل ماھارىتىنى پەقەت تىرىشىپ مەشىق قىلىش ئارقىلىقلا يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. تەييارلىق سىنىپلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشىدا، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئۆزئارا ماسلىشىشچانلىق مۇناسىۋىتى ئالاھىدە تەكىتلەنسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلى پەقەت بىر خىللا بولۇپ كەلدى. ۋەھالەنكى، زامانىۋىلاشقان كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. دېمەك ئۇ ئوقۇتۇش ۋاستىسىنىڭ سىستېمىلىشىش ھەم كۆپ مەنبەلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىلنىڭ مۇھىم ئامىللىرى بىلەن تىل ماھارىتى جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ھەم مەشىقنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. كونكرېت ئېيتساق، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئوبيېكتى ۋە ئوقۇتۇش مەقسىتى قاتارلىق ئەمەلىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ، كۆپ ۋاستىلىك ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالىنى كۆپ نۇقتا، كۆپ قاتلام، كۆپ تەرەپلىمە جەھەتتىن ياخشى لايىھەلەپ، تېخىمۇ جانلىق بولغان ئۆزگىرىشچان ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، دەرسخانىدىكى چەكلىك ماكان بىلەن چەكلىك زاماننى كېڭەيتىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئۇچۇر مەنبەسىنى زور دەرىجىدە بېيىتىش بىلەن بىرگە، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

## 5. كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇشتا ساقلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەر

كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا مەكتەپ مائارىپ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ئوقۇتۇش

مۇھىتى ئۇبرازلىق ھەم جانلىق بولۇش، مەزمۇنى مول ھەم رەڭدار بولۇش، ئۆزئارا پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش دوستانە بولۇشتەك ئۆزىگە خاس روشەن ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۈنۈمى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. ئەمما كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ ئوقۇتۇشتا كەڭ كۆلەملىك قوللىنىشى يەنە بىرقىسىم يېڭى مەسىلىلەرنىمۇ پەيدا قىلىپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇنى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ :

**1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتىگە سەل قاراش**

يېڭى دەرسلىك ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىنى يېتەكچى، ئوقۇغۇچىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، زامانىۋىي ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى بولۇپ كەلگەنىدى. ۋەھالەنكى كۆپ ۋاستىلىك ئەمەلىي ئوقۇتۇشتا بولسا، كۆپ سانلىق ئوقۇتقۇچىلار يەنىلا شەكلى ئۆزگەرگەن ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى قوللاندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنى ئومۇمىي ئوقۇتۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە رول ئوينايدىغان ئالاھىدىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى، يەنى ئوقۇتقۇچى بىر سائەتلىك دەرستە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىپ ياسىۋېلىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئەنە شۇ ئالدىن تەييارلانغان دەرسلىك ماتېرىيالىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىش ياكى يۈزەكىلا تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا سەل قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالىمۇ ئوخشاشلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى چاچىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە، بىر سائەتلىك دەرستە ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ جەلپ قىلغان نەرسە دەرس مەزمۇنى بولماستىن، بەلكى ئېكراندا ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان خەت بىلەن سۈرەت بولۇپ قالدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەسلىي ئارزۇسى ئوقۇغۇچىنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچى شۇ سائەتلىك دەرستە ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى دەرسخانىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى باش كۆتۈرمەي لېكسىيە خاتىرىلەشلا بولۇپ، پىكىر قىلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆتۈلگەن دەرس مەزمۇنىنىڭ ناھايىتى موللۇقىنى ھېس قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ھەقتە سورالغان سوئالغا بىرەر نەرسە دەپ بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، دېمەك بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىنىڭ ئوقۇتۇشتىكى قوشۇمچە رولىغا پۈتۈنلەي زىت. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، دەرسلىك ماتېرىيالىدىكى ئۇچۇرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشىمۇ، ئوقۇتۇش سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى تەييارلىغان ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالى بىلەن تونۇشلۇق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەرس ئۆتۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولىدۇ، ئۇلار سۆزلەۋاتقان مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلار چۈشىنىپ بولغىچە ياكى ئېكراندىكى كۆرسەتمىلىك مەزمۇنى ئوقۇپ بولغىچە تېز ئۆتۈپ كېتىپ، لېكسىيە خاتىرىلەشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي قالىدۇ، شۇڭا بۇ ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈۋاتقاندەك يۈزەكى تۇيغۇ بېرىدۇ ـ دە، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇشتىن زېرىكىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

**2) دەرسلىك ماتېرىياللىرى سۈپەتسىز بولۇش**

سۈپەتلىك بولغان دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەييارلاپ پۈتكۈزمەك ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇبادا ئوقۇتقۇچى كۆپ ۋاستىلىك دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ قوشۇمچە رولىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرىمەن دېيدىكەن، ئۇ چوقۇم ئادەتتىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ دەرس تەييارلىشى كېرەك، چۈنكى ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالىدىكى كۆرسەتمىلىك سۈرەت، كۆرۈنۈش قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، ئۇنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالىنى گەرچە

www.uyghurkitap.com



ئۆزى بىۋاسىتە تەييارلىغان تەقدىردىمۇ، شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەييارلاش سەۋىيەسىنىڭ چەكلىملىكى، دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ سۈپىتىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، بۇنداق دەرسلىك ماتېرىيالى ئەلۋەتتە ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقتۇرالمايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالى ئاساسەن تور ياكى كىتاب سېتىۋالغاندا سوۋغات قىلىنغان يوللاردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداقلىقىنى دېمەي تۇرايلى، نوقۇل ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇتۇش سۈرئىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن. چۈنكى ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالى ئالدىن تەييارلانغان مەھسۇلات بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممىلا ئوقۇتقۇچىغا ماس كېلىشى ھەمدە ھەرقانداق بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى ئالدىن تۈزگەن ئوقۇتۇش لايىھەسى بىلەن ئوقۇتۇش سۈرئىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالىغىلا تايىنىۋالىدۇ - دە، نەتىجىدە ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇنداق ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقى ھەممىزگە ئايان ئەلۋەتتە.

**3) ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ نوقۇل بىر خىللىقى**

كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇشتا، ئوقۇتقۇچى دەرس مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەرخىل سۈرەت، كۆرۈنۈش، ئاۋاز قاتارلىقلار چۈشۈرۈلگەن ئېلېكترونلۇق دەرسلىك ماتېرىيالى ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ، بۇ ھال ئوقۇغۇچىلاردا كۆپىنچە شۇ بىر سائەتلىك دەرسنىڭ ئېسىل مەزمۇنلىرى، چوڭ ئېكراندا كۆرسىتىلگەن ئاشۇ سۈرەت ۋە ياڭراتقۇدىن چىققان ھەرخىل ئاۋازدىن كېلىدىكەن دەيدىغان بىر خىل خاتا ئۇقۇمنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. دېمەك، مانا مۇشۇنداق بىرلا خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدىكى رولىنى بارغانسېرى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئىلگىرىكىدەك ئوقۇتقۇچى ئۆزى بىۋاسىتە تەجرىبە ئىشلەپ، بىۋاسىتە دېكلاماتسىيە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىمۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. مۇبادا ئوقۇتقۇچى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆزى بىۋاسىتە تەجرىبە ئىشلەپ، بىۋاسىتە دېكلاماتسىيە قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارالىغان بولسا ئىدى، ئوقۇغۇچىلار شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئادىمىيلىك سېھرىي كۈچىنى ھەقىقىي ھېس قىلالىشى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دوسكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، كۆپ خىل ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدىغانلا بولساق، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە سەرخىللاشتۇرالايمىز، ئەلۋەتتە.

**4) كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش بىلەن ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە سەل قاراش**

كۆپ ۋاستىلىك قوشۇمچە ئوقۇتۇش يېڭى بىرخىل ئوقۇتۇش ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ئىلغارلىققا، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ يارقىن بىر نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمما ئوقۇتۇشنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىنى، چوقۇم قوشۇمچە رول ئوينايدىغان كۆپ ۋاستىلىك قوشۇمچە ئوقۇتۇشقا تايىنىش ئارقىلىقلا ئاياغلاشتۇرغىلى بولىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئەمەلىي ئېھتىياجىمىزغا قاراپ مۇۋاپىق قوللانساقلا، ئاندىن ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز. ئېھتىمال ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسى يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قوللىنىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا، باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان نۇرغۇن ئېسىل ئوقۇتۇش ئەندىزىلىرىنى ياراتتى، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت قوشۇمچە رول ئوينايدىغان كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش بىلەن ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئوقۇتۇشتا ھەرگىز

بىر تەرەپلىمە هالدا نوقۇل «يۇقىرى پەن تېخنىكا»نى قوغلاشماسلىق كېرەك، بولۇپمۇ كۆپ ۋاسىتىلىك قوشۇمچە ئوقۇتۇش ۋاسىتىسى ئىشلىتىلمىگەن دەرس ياخشى دەرس ئەمەس دېيدىغان خاتا ئۇقۇمدىن ساقلىنىش لازىم. مەيلى قانداق دەرس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆپ ۋاسىتىلىك ئوقۇتۇش تېخنىكىسى مۇۋاپىق ئىشلىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك رولى تولۇق جارىي قىلدۇرۇلغانلا بولسا، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادچانلىق يوشۇرۇن كۈچىنى ئېچىپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەنلا بولسا، شۇ سائەتلىك دەرس ئەڭ سەرخىل دەرس بولالايدۇ.

ئاخىرىدا شۇ نەرسىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، كۆپ ۋاسىتىلىك ئوقۇتۇشنىڭ ئەۋزەللىكلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك، پەقەت بىر خىل ئوقۇتۇش ۋاسىتىسى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، ئۇ بىزنىڭ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بەرپا قىلىشىمىزنى ئۈنۈملۈك قورالغا ئىگە قىلدى. ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈگىتىپ، سەرخىل ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىلغار ھەم ئىلمىي بولغان ئوقۇتۇش ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى زور دەرىجىدە جارىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

دېمەك، تىل ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى بىلەن هازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىل ئوقۇتۇشى، چوقۇم دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپ ۋاسىتىلىك تېخنىكىدىن ئىبارەت زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ يېڭىچە بىر خىل ئەندىزىسىنى يارىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

## پايدىلانمىلار

[1]胡英．用多媒体技术整合预科汉语教学[J]．中国民族教育，2003 年(8).
[2]卜祥坤．多媒体技术在少数民族汉语教学中的作用及运用[J]．科教导刊(中旬刊)，2011(2).
[3]王琦．浅谈运用多媒体课件辅助教学的不足[J]．大陆桥视野，2008 (10) .
[4]茹仙古丽·艾再孜,韩生辉．多媒体环境下少数民族汉语教学研究[J]．语言与翻译，2009(2).

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئادىل ئايۇپ

www.uyghurkitap.com

37 ـ يىللىق 2 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 37 卷第 2 期
2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2016 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 102 ـ 1005 ـ 5878 (2016)02

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە سېلىشتۇرمىلىق مۇلاھىزە*

## ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى

(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، لەنجوۋ، 730030)

قىسقىچە مەزمۇنى: لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئەھمەد زىيائىي ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللىك ئەدىبلەر بولۇپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ژانىر، تىل ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيە قاتارلىق جەھەتلەردە كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بىر دەۋردە ياشىغان ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن ئىجادىيەتتە شۇ قەدەر پەقلىق بولىدۇ؟ ماقالىدە بۇ ئىككى ئەدىبنىڭ ئىجادىيىتىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇھىت، تەربىيەلىنىشى ۋە قىزىقىشى قاتارلىق تەرەپلەردىن سوئالىمىزغا جاۋاب ئىزدىدۇق. بۇ تېما ھەققىدىكى تەتقىقات ئەدىبلەر ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، شەكىللىنىش سەۋەبىنى كۆزىتىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: لۇتپۇللا مۇتەللىپ؛ ئەھمەد زىيائىي؛ ئەدەبىي ئىجادىيىتى؛ سېلىشتۇرمىلىق مۇلاھىزە

**摘要**: 在维吾尔现代年代文学史上，文人黎 · 穆塔力甫与艾合买提 · 孜亚依都有较为重要的位置。他们作品在创作方法、文学体裁、语言风格和思想内容等诸方面都有截然不同的形态和特点。为什么同代文人在文学创作中产生如此突出的差距？本文从作者成长经历、生活环境和个人兴趣等几个视角入手，对其文学创作风格差异进行了客观而科学地考查，论述了具体原因，提出了一些值得思考的观点。

**关键词**: 黎 · 木塔力甫; 艾合买提 · 孜亚依; 文学创作; 对比分析

**Abstract:** The scholars Lutpulla Mutallip and Ahmed Ziyayi are given an important position as representative scholars in Modern Uyghur Literature. However, there are several differences in their methodology, writing styles, dictions and main ideas. This paper mainly studies the differences between these subjects by comparing several objective factors from the perspective of their living environment, living experience and personal interests.

**Keywords:** Lutpulla Mutallip; Ahmed Ziyayi; literature creation; comparative analysis

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىدا ئىنسان قەلبىنىڭ قايناملىرىدىن توختىماس بۇلاق كەبى ئېتىلىپ چىققان ئىلھام ئۇنچىلىرىنى ئىجاد قەلىمى ئاستىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلىگەن بىر تۈركۈم قەلەمكەشلەر ئارىسىدا ئىككى بۈيۈك چوققا بولۇپ، ئۇلار ئەلگە تونۇلغان خەلقچىل شائىرلىرىمىزدۇر. بىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىن جەڭگىۋار روھنىڭ چۇقانلىرى پارتلاپ تۇرىدىغان، كۈرەش شاۋقۇنلىرى ياڭراپ تۇرىدىغان، مەرىپەت دولقۇنلىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ئەسەرلەر روياپقا چىقسا، يەنە بىرىنىڭ تەپەككۇر دېڭىزىدىن، ئىجادىيىتىدىن مول، چىن ئىنسانىي سۆيگۈ ـ ھېسسىيات قىيامىغا تويۇنغان، مۇھەببەتنىڭ ئابى كەۋسەر سۈيىدىن پاكلانغان، گوياكى بېتخوۋېننىڭ سىمفونىيەسىدەك ياكى

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھەققىدە تەتقىقات» [15BZW196] دۆلەت مىللەتلەر كومىتېتى تەتقىقات تۈرى «نەسىردىن ئەپەندى مەدەنىيەت ئىگىلىكى ھەققىدە تەتقىقات» [2015 ـ Gm ـ 031]ۋە دۆلەت سەنئەت تەتقىقات تۈرى [13ED141]نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى (1974 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پۇشكىننىڭ لىرىك پوئېمىسىدەك ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان، كىشى ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدىغان گۈزەل كۈيلەر جارائلايدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىيلىقنىڭ جاراڭلىق ساداسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن «جۇڭگو» ناملىق ئىجادىيەت جەۋھىرى بىلەن ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ياڭراپ كېلىۋاتقان يېقىملىق مۇھەببەت ناخشىسىنى باشقىچە، يېڭىچە ئاھاڭدا تولغان ۋە «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق تىراگېدىيە گۈزەللىكىنىڭ نەمۇنىسى تەبىئىي ھالدا زېرەك ئوقۇرمەنلەرگە ئىككى نەپەر تالانتلىق قەلەمكەشنىڭ نام - شەرىپىنى پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالماي بولمايدۇ. باي كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ شانلىق مۇساپىسىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى رەڭدار جۇلا، كونىلىققا ئوت ئاچقۇچى قاپ يۈرەك ئەدىبلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆز چاقنىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە جىلۋىدارلىقىنى ئاشۇرغان ھەم نۇرلاندۇرغان، قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىي تۆھپە پۈتۈكىنى ھامان جاھان ئەھلىگە جاكارلاش، تارقىتىش زۆرۈر.

ئالدى بىلەن، پىداكار جەڭچى، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھۆرمەتلىك نامى دېموكراتىك ئىدىيەنى جەۋلان قىلغۇچى مىللەتپەرۋەر شائىر ئابدوخالىق ئۇيغۇرنىڭ، مەرىپەتپەرۋەر شائىرلاردىن تەۋپىق، ئەنۋەر ناسىرى، نۇر بۇساقوۋلاردەك ئىسلاھاتچىلىق روھىنىڭ تەشەببۇسچىلىرىنىڭ، مىللەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۈچەپ كۆتۈرگەن ئوغلانلارنىڭ نام - شەرىپى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنسا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە تولۇقلاش بىباھا ئەدەبىي مىراسلارنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان شائىرلاردىن ئابدۇقادىر داموللا، ناسۇھا ئىمىن، قوتلۇق ھاجى شەۋقى، ئەھمەت زىيائىي، نىمشېھىتلارنىڭ موبارەك ئىسىم - شەرىپمۇ ئالاھىدە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئىززەتلىك زاتلارنىڭ ئەدەبىيات زېمىنىدا قالدۇرغان تەسىرلىك ئىزلىرىنى كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، باھالاشتەك جىددى، تەخىرسىز ۋەزىپە ئىزدىنىشچان خاراكتېر، تىرىشچان روھقا باي ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ پەخىرلىك بەتلىرىگە ئەڭ گەۋدىلىك تۆھپە پۈتۈلگەن، نامىنى خەلق دائىم يادلايدىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەھمەد زىيائىيدەك شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت داۋانلىرىنى، ئۇسلۇب - ئۆزگىچىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كەڭ جامائەتكە تونۇشتۇرۇش ۋە بىلدۈرۈش ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ بىرى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىددەتلىك ئېقىملىرى بىلەن تەڭ كىرگەن رۇس زامانىۋى مەدەنىيىتى، سانائەت بوھرانلىرىنىڭ كۈچلۈك ماي پۇرىقى قېرى تۆلكە ياڭ زېڭشىن ئىشىك - تۆڭلۈكىنى چىڭ تاقىۋېلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق شارائىتىدىمۇ يەنە رۇجەك - رۇجەكلەردىن تۇسقۇنسىز كىرىپ ئەل قەلبىنى لەرزىگە سالدى. سانائەتنىڭ يالتىراقلىرى ئارقىلىق جاھانغا تونۇلىۋاتقان رۇس دۆلىتى بىلەن تام قوشنا بولمىش ئىلى دىيارى ئالدى بىلەن يېڭى مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك كىرىزىسىگە، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىۋىلىكنىڭ كەسكىن تاللىشىغا دۇچ كەلدى. دىنىي ۋە سىياسىي مەھكۇملۇقتىن جاق تويغان ئىلى خەلقى مەرىپەت ھاۋاسىدىن قانغۇچە سۈمۈرۈش، كەڭ دۇنيانىڭ ئاجايىپ ئۇچۇرلىرىدىن بەھرىمان بولۇش ئۈچۈن يېڭى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى تۈنجى بولۇپ ئاچتى. قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونى چۈنچى يېزىسىنىڭ سايبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان[1]. لۇتپۇللا مۇتەللىپ 9 يېشىدىن باشلاپ دەل مۇشۇنداق زامانىۋىلىقنىڭ مەشئىلىنى ياندۇرغان، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا مايىل بولغان ئىلى دىيارىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. روشەنكى، بۇ جاينىڭ ئۆزگىرىشچان، يېڭىلىنىشچان ئاتموسفېراسى ئۇنىڭ ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدىغان، ئەڭ قىممەتلىك ئەل ئازادلىقىنى، ئەركىنلىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، قورال ئارقىلىق ئۆز بەختىنى ئىزلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان جەڭگەرلىك، قەيسەر، قاتتىق سۆڭەكلىك روھىي خاراكتېرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لۇتپۇللا مۇتەللىپ سىياسىي نەيرەڭۋاز، جاللات شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن قۇرۇلغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى ۋاقىتلىق يارىتىپ بەرگەن ئەۋزەل سىياسىي ئىسلاھاتىنىڭ تەسىرىدە قۇرۇلغان، رۇس، تاتار زىيالىيلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېڭىچە مەكتەپ تەربىيەسىنى ئېلىپ، كەڭ دۇنيا تارىخى، رۇس ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى بولغان پۇشكىن، لېرمونتوۋ، تولستوي، چېخوپ، ماياكوۋسكىي، نىكراسوۋ، ئىساكوۋىسكىي قاتارلىق ئەدەبىيات ئۇستازلىرىنىڭ ئاكتىپ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، قىسقا ئەمما پارلاق ئىجادىيەت مۇساپىسى ئۈچۈن مول بىلىم جۇغلانمىسى توپلىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇنتىزم زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت تەربىيەسىنىڭ ئاكتىپ قوزغىتىشى بىلەن شېئىر ئىجادىيىتىنى قورال قىلىپ، جاھالەت بىلەن تىركىشىدىغان جەسۇر ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشتى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش قايناملىرىدا، كۈرەش تەنتەنىلىرىدە ئۆركەشلەيدىغان ھەيۋەتلىك دولقۇن ياسىشىغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەن.

بېكىنمە، بۇرۇختۇم ۋەزىيەتنى يارىتىشقا ماھىر، ھىيلە - مىكىرگە باي ياڭ زېڭشىن مەكتەپ، تەتقىقات يۇرتلىرىنى پەرپا قىلىش ئورنىغا مەسچىت - مازار مەدەنىيىتىنى كۈچەپ راۋاجلاندۇرۇپ، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ ھوشسىزلاندۇرغۇچى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭ خەلقىنى جاھالەت، قاششاقلىقتا قالدۇرۇپ، ئۇلارنى قەيەرگە يېتىلسە ماڭىدىغان يۇۋاش قويدەك ئاسان باشقۇرۇش نەيرىڭىنى بازارغا سالدى. جاھان تەققىياتى ماشىنىلىشىشنىڭ چوققانلىرىنى، سانائەتنىڭ غەۋغالىرىنى كۆتۈرۈپ، پاراۋوز، تىراللىبۇس ۋە پويىزدا مېڭىۋاتقان، ئايروپىلاندا ئۇچۇۋاتقان، پاراخوتتا ئۈزۈۋاتقان چاغدا، شىنجاڭ خەلقى قات - قات يۈك ئاستىدا ھالسىرىغان قوتۇر ئېشىكى، بەدىنىنى يېغىر قاپلىغان ساپانلىق كالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر تېرىقچىلىق مەنزىرىسىنى ئەستىلىتىپ كەلدى. دىنىي تۈس ئەزەلدىن قويۇق بولۇپ كەلگەن، دىنىي ئەمىر - مەرۇپلار، پەرھىز - ۋاجىبلار نادان، قورساق باقار موللا - ئىشانلارنىڭ تەلىمىدە بۇرمىلانغان، كۆرۈنمەس ئادەت كۈچىنىڭ، ئەخلاقنىڭ قات - قات زەنجىرلىرى بىلەن باغلانغان، روھىي سىقىلىش، بېسىم ئاستىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھامان ئىسيانكار خەلق ئوغلانلىرىنىڭ غەزەپ نىدالىرى ياڭرايدىغان مۇقەددەس زېمىن ئىدى. ئەھمەد زىيائىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق شاھىدى ھېسابلانغان قەشقەر دىيارىدا دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مەدەنىيەت، پەن - بىلىم ئۇرۇقىنى ئۆز يۇرتىغا، ئەۋلادلىرىغا چېچىش ئۈچۈن، خۇسۇسىي خانىقا ئېچىپ شاگىرت تەربىيەلەپ، ئەنئەنىۋى ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشنىڭ داۋامىنى بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.ئەھمەد زىيائىي دادىسىنىڭ كىتابخانىسىدا ساقلانغان ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللاردا يېزىلغان ھەر خىل ژانىردىكى ئون مىڭ جىلد كىتابنىڭ ئۈستىدە ئويناپ، دومىلاپ، ياستۇق قىلىپ ئۇخلاپ دېگۈدەك چوڭ بولدى. بۇ خىل بىلىم مۇھىتى ئۇنى ئەدەبىياتنىڭ سەيناسىدا كۆركەم گۈل بولۇپ يېتىلىشكە، شېئىر ئىجادىيەت گۈلزارىدا ھارماس كېپىنەك بولۇپ يېتىلىشكە تەسىر كۆرسەتتى.ئەھمەد زىيائىي ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا ئىزچىللىق كۆلەڭگىسى چۈشۈرۈپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مەدرىسە تەربىيەسى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى، تىرىشچانلىقى ۋە غەيرەت - شىجائىتى بىلەن ئانا تىلىنى، شۇنداقلا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىجاد بۇلىقىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللىق بولۇشىنى قولغا كەلتۈردى.

ئەھمەد زىيائىي ئىسلام ئۆلىماسى، شائىر قۇتلۇق ھاجى (شەۋقى) بىلەن بىللە 1935 - يىلى «يېڭى ھايات گېزىتى»دە موھەررىرلىك قىلىش جەريانىدا، بۇ غەيرەتلىك شائىرنىڭ ئاكتىپ تەسىرى ۋە تەربىيەسىدە دىنىي، ئەدەبىي مىراسلارغا كۈچلۈك قىزىقىش ۋە مۇھەببەت يېتىلدۈردى ھەم كىلاسسىك شېئىرىيەتنى مەنبە قىلغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى.

لۇتپۇللا بولسا ئىنقىلابىي شائىر ئەنۋەر ناسىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا قۇيۇق رۇس مەدەنىيەت، ئەدەبىيات تۈسىنى جۇلالاندۇرۇپ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا پارلىدى.

بۇ ئىككى ئىستېداتلىق ئەدىب گەرچە بىر خىل گۈزەل، يېقىملىق ئانا تىل كۈيىنى ئاڭلىغان، ئورتاق ئېتىقاد ئىدېئولوگىيەسىنى سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما رەڭگارەڭ، تۇراقسىز دەۋر رىتىمىغا، دولقۇنسىمان كىشىلىك تۇرمۇش مېلودىيەسىگە ماس قەدەم تاشلاشتا ئۆزىگە خاس مېتود، ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق ماھارىتى شەكىللەندۈردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ياۋايىلىق بىلەن مەدەنىيەتلىك، جاھالەتلىك بىلەن رەھىمدىللىك، ھىيلىگەرلىك بىلەن ئاق كۆڭۈللۈك، نەپرەڭۋازلىق بىلەن ساددىلىق، سەمىمىيلىك بىلەن ساختىلىق، ساداقەتمەنلىك بىلەن ساتقىنلىق ئارىلاشقان مەنىۋى ھاۋادىن ئۆزگىچە تىنىق ئالغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئوخشاش بىر شېئىرىيەت بابىدا ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى يارىتىپ، خەلق ئارىسىدا ئوخشاشلا يۇقىرى قەدىر - قىممەت، ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشتى. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى 500 يىللىق خورلۇق، ھاقارەتلىك مۇساپىدە شەكىللەنگەن قاششاقلىق، ھورۇنلۇق، نادانلىق، خوراپاتلىق، خائىنلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، چېقىمچىلىق، بوشاڭلىق، قورقۇنچاقلىق، ئىشرەتخورلۇق...قاتارلىق مىسلىسىز مەنىۋى ئىللەتلەر ۋە مۇسىبەتلىك تارىخ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتىنى، رىسقى - نېسىۋىلىرىنى باشقىلارنىڭ خەير - ساخاۋىتىگە باغلايدىغان تەييارتاپلىق، ئامەت - تەلەيگە ئۈمىد باغلايدىغان خىيالپەرەسلىك، تەركىيدۇنياچىلىق، مازار - ماشايىخلارغا مەپتۇن بولىدىغان غېرىپ، زاھىدلىقتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش پىسخىك قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈردى.

سەلتەنەتلىك خانىدانلارنىڭ ئۇلۇغ نامىنى كۆز - كۆز قىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى جاراھەتلىرىنى، تار، قاتمال پىسخىك تىندۇرمىسىنى تازىلاش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ئاۋانگارتلار ئىچىدە يۇرت سۆيگۈسىگە باي، مىللەت ۋۇجۇدىدىن كۈچ ئالغان ۋاپادار، ئىسيانكار ئىجادكارلار سېپىدە ئەھمەد زىيائىي ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئىككى غەيۇر ئوغلان ئوخشىمىغان چىغىر يولنى تاللاپ، ئەل ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار مۇددىئا ئۈچۈن مونچاق - مونچاق مېھنەت تەرىنى ئاققۇزۇپ، ئەل ئەلبىدە مۇناسىپ ئابىدە تىكلىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىلىم قەدىرلەنگەن يېڭىچە رۇس مەكتىپىدە رۇس تىلى بويىچە مۇنتىزىم تەربىيەلىنىپ، ھەر قايسى پەن كەسىپلىرى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم ئالدى. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن دىنىي ئىسلاھات چۇقانلىرىنى كۆتۈرگەن تاتار زىيالىلىرىدىن، شائىرلىرىدىن غابدۇللا توقاي، ھادى تاقتاش، رۇس ئەدەبىياتىنى دۇنياۋى ئەدەبىيات مۇنبىرىگە ئېلىپ چىققان مەشھۇر رۇس نامايەندىلىرىدىن پۇشكىن، لېرمونتوۋ، نېكراسوۋ، ماياكوۋسكىي، گوركىي، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قەلەمكەشلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان غاپپۇر غۇلام، خەمىد ئالىمجان، ئۆمەر مۇھەممىدى قاتارلىقلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى قوبۇل قىلدى.ئەركىن شېئىر شەكلىنى شېئىر ئىجادىيىتىدە ئاساسىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلىپ، قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك، جەڭگىۋار كۈرەشچانلىق ساداسىنى خەلق ئارىسىغا جاراڭلاتتى. ئويناق شېئىرىي ھېسسىيات، چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى ئەركىن، ئازادە ئىپادىلەش چاچما (ئەركىن) شېئىردىن ئىبارەت شېئىرىيەت شەكلىگە تولىمۇ ماس كەلگەچكە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنى ئۆزىگە ئىجادىيەت شەكلى قىلىپ تاللاپ، ئەنئەنىچى شائىرلارغا ئوخشىمايدىغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى. ئەنۋەر ناسىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەركىن شېئىر شەكلىدىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئۇيغۇر شېئىرىيەت باغچىسىدا بىر رەڭدار غۇنچىنى كۆپەيتكەن ماھارەتلىك شائىرلارنىڭ بىرى. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئەڭ بىۋاسىتە ئوزۇق ئالغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شائىر چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغىنىدەك: «مېنىڭ شېئىرلىرىم ئەنۋەر ناسىرنىڭ شېئىرلىرىغا باغلانغان قۇيۇق مۇھەببەت ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن» دېگەن خۇلاسە پىكىر بىلەن بىردەك ئىدى. شۇڭا لۇتپۇللا شېئىر ئىجادىيىتىدە كەڭ دالىلاردىكى توسۇن ئاتتەك چېپىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مول ھوسۇللۇق شائىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولالىشى شېئىرىي شەكىل ۋە شېئىرىي تىل بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك.

شائىر ئەھمەد زىيائىي مەدرىسە تەربىيەسى ئاستىدا كىلاسسىك مەشھۇر شەخسلەردىن لۇتفى، ئەلىشىر نەۋايى، ئەھمەد يۈكنەكى، مەشرەپ، قەلەندەر، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا سىدىق يەركەندى، موللا مۇسا سايرامى، موللا بىلال نازىمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن شەربەت ئىچىپ، كىلاسسىك شېئىرىيەت شەكىللىرىنى يەنى رۇبائىي، غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس قاتارلىق رەڭدار شېئىر شەكىللىرىنى ئۆزىگە ئىجادىيەت فورمىسى قىلىپ تاللىغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۇرمۇش چىنلىقىنى مەزمۇن ئوبيېكتى قىلغانلىقىغا قارىماي، كىلاسسىك پۇراق، ئەنئەنىۋى تەمگە گەۋدىلىك جاي بەرگەن. شۇڭا، تەسىر مەنبەسى ئۇخشىمىغانلىق ۋەجىدىن بۇ ئىككى شائىر گەرچە دىنىي ئەندىزە ۋە كونا تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئاسارىتىدە تەڭ ياشىغان، ئورتاق مەدەنىيەت تۇپرىقىدىن تېما ئالغان بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت رەڭدارلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەگەر قىممەتلىك زېھنىمىزنى ۋە دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قاراتساق، ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ يەكۈن چىقىرىدىغان بولساق، تەبىئىي ھالدا مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب پەرقىنى ھەم قىسمەن تەسۋىر ئوبيېكتى، ئىدىيە ئورتاقلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

... ... ...

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى، ئۆزى بىلمەيدىغان غەم،
ۋۇجۇدى گۈلشەننى چەيلىدى، قىلدى تامام بەرھەم.
ئېلىپ بىر زەپپىرانى تۈس، سولاشتى ئەرغىۋاز يۈز،
مۇھەببەت يۈكىنىڭ ئاستىدا، بولدى سەرۋى قەددى خەم.
ئېقىپ نەرگەس كۆزىدىن، گۈل يۈزىگە قەترە ـ قەترە ياش،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداغى چۈشتى دانەئى شەبنەم، ...

...

ئەھمەد زىيائىي بۇ غەزەلدە مەڭگۈلۈك تېما بولغان مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكىنى يېقىملىق، ئوبرازلىق، ئاھاڭدار شېئىرىي مىسرالار بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىر ئەھمەت زىيائىينىڭ قەلىمى ئاستىدا بۇ خىل مۇقەددەس روھ پاساھەتلىك، رىتىمدار شېئىرىي جۈملىلەر ئارىسىدا رەڭگارەڭ گۈل ـ گىياھقا پۈركەنگەن باغچىدىكى فونتاندەك توختاۋسىز ئېتىلىپ چىقىپ، كىشى ۋۇجۇدىنى شېرىن سېزىم، كۈچلۈك لەززەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ.

... ...

سەبىي كۆڭلۈم تالىشىم سۆيگۈڭ ئارا بۇ كويغا سالغانمۇ،
سېلىپ سۆيگۈڭنى كۆڭلۈمگە، ئۇنىڭغا يار بولغانمۇ.
سەبىي كۆڭلۈم ئاجايىپ ئىزتىراپ ئىچرە كۆيەر دائىم،
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە ئەكسىڭ جۇلاسى راستمۇ ـ يالغانمۇ.
بۇ قاشمۇ، يا يېڭى ئايمۇ، ياپراق بەرگى ۋە ياكى يا،
مېنىڭ بۇ ياش دىلىمنى ئاتقىلى بەتلەپ قويۇلغانمۇ.
ئېرۇر كىرپىكلىرىڭ ھەر بىرى ئوق ھىيلەك قىلغۇچى،
ئېتىلغاندا بۇ ئوقلار، ئاشىقىڭ ئۇندىن قۇتۇلغايمۇ.
قىلۇرسەن بىر قاراش بىرلە كۆڭۈللەرنى ئۆزۈڭگە سەير،
بۇ كۆزمۇ ياكى نەرگەسمۇ، يا تاڭ ۋاقتىدا چولپانمۇ.
يۈزۈڭ بىر ئايمۇ ياكى ئوت، ئېچىلغان سەھەردە گۈل،
گۈزەللىك گۈلشەنى ئىچرە، سېنىڭدەك گۈل ئېچىلغايمۇ.

...

شائىر ئەھمەد زىيائىي كۆڭۈل پىنھانە چوڭقۇرلۇقىدا بېسىلىپ قالغان ۋۇلقان كەبى سۆيگۈ دولقۇنىنى لاتاپەتلىك، گۈزەل قىزنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى ئاجايىپ ھۆسن ـ جامالىغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىش ئىستىكىنى، مەستانە تۇيغۇلىرىنى، مۇڭلۇق مۇزىكىلىق شېئىرىي مىسرالار بىلەن تەسىرلىك ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، پاك، مۇقەددەس ئىشىق ئوتىنى جاھان ئەھلىگە ئاشۇرالايدۇ.

...كۆز ئالدىدا\باشقىچە گەۋدە\چېھرىدە يېڭىش\قىلار تەنتەنە.

يۈزى قىپقىزىل\گويا جىنەستە\زىلۋا بويلىرى\سىرلىق گۈلدەستە.

يىگىتنىڭ كۆزى\يوغان ئېچىلدى\پەرۋانىدەك ئۇ\قىزغا ئېتىلدى.

ـ سەنمۇ ئومىقىم\سۆگۈنۈم يولى\بەختىم بېغىنىڭ\ئېچىلغان گۈلى.

بىراق ياش قىزچاق\چېكىندى دەرھال\ئۆزگىرىپ رەڭگى \ تىترىدى غال ـ غال.

ـ توختىغىن، تۇتما\ماڭا قول سوزما\مۇھەببەت شەرتىن\ۋاقىتسىز بۇزما.

ئىسكەر ئىدىگىسەن\ئېيمىگە كەلدىڭ\ئۆشتۈمتۈت
كەپسەن\كىمنى سېغىندىڭ.
ئاتا ھەم ئاناڭ\تاغلاردا يۈرسە\تاغلاردا يۈرۈپ\جاپالار كۆرسە.
سەن بۇ يەرلەردىمۇ قىسىپ يۈرسەن\دۈشمەنگە
قانداق\مۇشتۇم تۈگىسەن.
قېنى سەندىكى\ياشلىق ئىرادە\قېنى سەندىكى\ئاداققى ۋەدە.
قېنى كۈرەشتە\باتۇر بولغىنىڭ\دۈشمەننى سۈرۈپ\تارمار
قىلغىنىڭ.
...

شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت»ناملىق بۇ داستانىدا ئېلىنغان بۇ پارچىدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىنسانلار ئادەمئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا زامانىسىدىن ئۇلۇغلاپ كەلگەن چىن مۇھەببەت قانلىق كۈرەش بۇژغۇنلىرى بىلەن گىرەلىشىپ خەلقنىڭ ئازادلىق، سائادەت شولىسى، غالىبىيەت نۇرى ئاستىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدىغانلىقىنى، ئەل بەختى بىلەن شەخس بەختى چەمبەرچەس باغلانغانلىقىدەك بۈيۈك ئوي - پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كۈرەشنىڭ ئۆزلۈكسىز سىگناللىرى، ئىنقىلابنىڭ پارلاق ماياكى، كۈرەشنىڭ توغرا كومپاسى بولغان پارتىيەنىڭ دانا تەلىملىرى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ۋەتەنپەرۋەرلىك جاكارنامىلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىنى تەشكىل قىلغان.

ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ بىر پۈتۈن ئاڭ قاتلىمىدا ئەڭ قەدىرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن ھەم تۇرمۇشىمىزدىكى ئەقەللىي ئىبارىگە ئايلىنىپ قالغان «مۇھەببەت» ئېمىسى يالغۇز لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئەھمەت زىيائىي ئىجادىيىتىنىڭ سالماقلىق قىسمىنى تەشكىل قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل ئەڭ گەۋدىلىك قىسمىنى ئىگىلەيدۇ؛ شەرق ئەدەبىياتىدا پەخىرلىك، مۇنەۋۋەر، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەن ئەسەرلەر كۆپىنچە سۆيگۈ قىيامىغا تويۇنغان بولىدۇ. بىز بۇ يەردە تىلغا ئالغان مۇھەببەت قانداقتۇر قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تار ئىشىق ئەمەس؛ ئۇ ئادەتتە نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ئادەتتە چىن مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى دېيىلىدۇ، ئىنساننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى شەكسىزكى كۆيۈمچانلىقتا، سۆيگۈگە تولغان جەرياندۇر، مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ مېنىڭچە ئۇ چۈشىنىش ۋە چۈشىنىلىش، قەدىرلەش ۋە قەدىرلىنىش، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشتۇر؛ ئىنسان ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق، مۇھەببەتلىك قويىندا غەمسىز يېتىلىدۇ، كېيىن ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، ئۇرۇق - تۇغقان. خولۇم - قوشنىلارنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىدە چوڭ بولىدۇ؛ ئۇنىڭ قەلبىدە ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن بىر خىل يېقىنلىق ھېسسىيات بولۇپلا قالماي، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىغا ۋە يەرلىك كىشىلەرگە مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، يەنە يات جىنسلارغا ئىنتىلىش، يەنى ئاممىباپ مەنىدىكى مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. چۈنكى مەيلى قېرىنداشلىق مۇھەببەت، مەيلى يۇرت مۇھەببىتى بولسۇن، بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، دېمەكچىمىزكى ئۇلار ئۆز ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ؛ كېيىن پەرزەنت مۇھەببىتى، دوستلۇق مۇھەببىتى ۋە باشقىلار ئۈزلۈكسىز ئىنسان ھاياتىنى شېرىن تەمگە ئىگە قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھاياتى مۇھەببەتلىك ھايات، سۆيگۈگە تويۇنغان ھايات.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئەھمەت زىيائىي بۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەنئەنىۋى تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، قەلبىدىكى ساپ تۇيغۇ ۋە غايىلىرىنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق كەڭ ئاۋامنى زوقلاندۇرۇش ۋە تەربىيەلەش مۇددىئاسىغا يەتكەن. بۇ ئىككەيلەننىڭ شېئىرلىرىدا يەنە بىر ئورتاقلىق بار دېيىلسە، ئۇ زوراۋان ھۆكۈمرانلارغا شىددەتلىك ئوت ئېچىش، جاھالەت كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك ھاكىمىيىتىگە تىغ كۆتۈرۈش، ھەق - ئادالەتنى ياقلاش، خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەزمۇن قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە ئوخشاش بولمىغان ژانىر ۋە شەكىللەرنى قوللانغان بولسىمۇ، تەشەببۇس قىلغان كۆز قاراش ۋە پىكىرلەر يېقىنلىشىدۇ. مەسىلەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو»، «مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «كۈرىشىۋاتىمىز»، «چوڭ قەھرىمان ئويغاندى»، «باتۇر يىللار»، «چوڭ كۈرەش قويىندا» قاتارلىق شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ئىپادىلەنسە، ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ۋە «تۇزىماس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چېچەكلەر»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەقىدە - مۇددىئاسى قەيت قىلىنغان.

مەرىپەتنى مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادەت يولى دەپ قارىغان بۇ ئىككى شائىر ئورتاق خەلقچىللىق ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە مەرىپەتپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان. لۇتپۇللا موتەللىپنىڭ «دوستۇمغا»، «ياشلىق ئۆگەن»، «ئەپەندى بولماق» دېگەن بىر قاتار شېئىرلىرىدا مەرىپەت بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرغان؛ ئەھمەد زىيائىينىڭ «تونۇماس چېچەكلەر» دېگەن توپلامىدىكى شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە تىلى رەڭدار بولغان ئېسىل شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى روشەن ئىپادىلەنگەن.

... ... ...

بەخت ساماسىنىڭ قۇياشى، يۇلتۇزدۇر مەرىپەت \قاپقارا تۇرمۇش تۈنىنىڭ كۈندۇزىدۇر مەرىپەت.

خارۇ-زار ئېلىنىڭ، ئەي زىيائىي ياخشى بىل، \مۆتىبەر بىر ئەل قىلىپ، ياشناتقۇسى تەربىيەت.

...

ئەھمەد زىيائىي تەلىم - تەربىيەنى مەقسەت قىلغان بۇ شېئىرىدا ئۇنىڭ بۇ خىل مائارىپ ئىدىيەسى مۇپەسسەل يېغىنچاقلانغان. شائىر تەربىيەنى ئىنسان ئۈچۈن قايتا دۇنياغا كېلىشتەك غايەت زور ئىشقا ئوخشىتىپ، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك شەرەپ گۈلىنى كۆكسىگە تاقىغان بىر ئەۋلاد يېڭى ئىز باسارلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەرىپەت ئىزلە، ئېرىنمە، \سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى

بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، \بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ پارچىسىدا مەرىپەت كۈيى ئاھاڭ بىلەن ياڭراپ، يېڭى پەن ساداسىنى جاراڭلىتىپ، كىشى قەلبىدە بىر خىل سىلكىنىش پەيدا قىلىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تۇپرىقىدىن تەڭ نەپەس ئالغان بۇ ئىككى جىگەرلىك شائىر ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چولپان يۇلتۇزدەك كۆز چاقنىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوي - پىكرىنى، ئارزۇ - ئۈمىدىنى مول تەسەۋۋۇرنىڭ قاناتلىرىنى ئەركىن قانات قاققۇزۇپ، ئۆزىگە خاس يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇلار مەيلى ئۇسلۇب جەھەتتە پەرق قىلسۇن ياكى تەسىر مەنبەسى ئوخشىمىغان بولسۇن، ھەر ئىككەيلەننىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق كۈرەش قوينىدىكى ھەيدەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ كونا زامان ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈش، يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش غايىسىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلشىنىگە يېڭىچە، ئۆزگىچە گۈل بولۇپ قوشۇلۇپ، ئەدەبىيات باغچىمىزنى خىلمۇخىل پۇراققا، رەڭدارلىققا، كۆپ خىللىققا يۈزلەندۈرۈشكە زور تۆھپە قوشقان.

## ئىزاھلار

[1] نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 229 - بەت.

## پايدىلانمىلار


1. 陈敦、刘象愚.《比较文学概论》[M].北京：北京师范大学出版社，2000年版
2. 曹顺庆.比较文学教程[M].北京：中国人民大学出版社，2010年版
3. كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ئازات سۇلتان: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.
4. كېرىمجان ئابدۇرېھىم «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى»[M]، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى.
5. ئازات سۇلتان: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 14 ـ 109 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# «ئەردەۋىل» ئىبارىسى «ئاقسۇ» سۆزى بىلەن باراۋەر ئەمەس*

ئىمىر غىياس

(«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830043)

قىسقىچە مەزمۇنى: تارىخ كىتابلىرى ۋە قول يازمىلاردىكى «ئاقسۇ» سۆزى بىلەن ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بار. تارىخ كىتابلىرى ۋە قوليازمىلاردىكى «ئاقسۇ» سۆزى ھازىر ئونسۇ سۆزى بىلەن ئاتىلىۋاتقان ئونسۇ شەھىرى (ئاقسۇ كوناشەھەر) نىڭ نامىدۇر. بۇ شەھەر تارىختا ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت «بىرمان» (بارمان)، «ئاقسۇ»، «ئاقسۇ كوناشەھەر» سۆزلىرى بىلەنلا ئاتالغان، يەنە باشقا سۆز بىلەن ئاتالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق پاكىت يوق. ھالبۇكى، بەزىلەر بۇ شەھەرنى «ئەردەۋىل» سۆزى بىلەنمۇ ئاتالغان دېۋاتىدۇ. ئەمما «ئەردەۋىل» سۆزىمۇ بۇ شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى نامى ئەمەس. بۇ ماقالىدە «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى، ئونسۇ شەھىرىنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي ناملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئاقسۇ؛ بارمان؛ ئاقسۇ كوناشەھەر (ئونسۇ)؛ ئاقسۇ يېڭىشەھەر؛ «ئەردەۋىل»

**摘要**：在古代文献中的"Aksu" （阿克苏）一词与现在的阿克苏地区、阿克苏市的名称"Aksu" （阿克苏）一词有实质性的区别。历史书和手写稿中的"Aksu"一词表示现在用来称呼温宿（Onsu）县城的名称。温宿县城在历史上常用维吾尔语只有 "Barman"（巴尔曼）、"Aksu" 、"Aksu Konaxeher"（阿克苏老城）来称呼，而没有过其他别的名称。然而有些人用"Erdewil"（爱尔代维利）来称呼阿克苏老城是错误的，"Erdewil"一词不是这个城市的名称。

**关键词**："Aksu"（阿克苏）；"Barman"（巴尔曼）；阿克苏老城；阿克苏新城；"Erdewil"（爱尔代维利）

**Abstract:** This paper argues that the modern use of the notion "Aksu" differs from "Aksu" from the hand written ancient materials. The notion "Aksu" from ancient materials had been used to refer Onsu County while it is also called "Barman" in Uyghur as common. Therefore, it is incorrect to use "Erdewil" to refer "Aksu" or "Aksu Khonashahar".

**Keywords:** Aksu; Barman; Aksu Khonashahar; Erdewil.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H315    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان، «ئاقسۇ» نامى ۋە ئاقسۇ ھەققىدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر بايان قىلىنغان ماقالىلەر بەك كۆپىيىپ كەتتى. بەزەن ئاپتورلار ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ پىرىنسىپلىرى ۋە «ئاقسۇ» سۆزى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنمەي تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكىلى تۇردى. مەسىلەن، «ئەردەۋىل» سۆزىمۇ شۇلارنىڭ بىرى. يېقىندا نەشر قىلىنغان «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە»، «تۇغلۇق تېمۇرخان» (تارىخىي رومان) ناملىق كىتابلاردا «ئەردەۋىل» سۆزى «ئاقسۇ» سۆزى بىلەن باراۋەر قوللىنىلدى ھەمدە بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى خاتا ئىزاھلاندى.

مېنىڭ بىلىشىمچە «ئەردەۋىل» سۆزى بىلەن «ئاقسۇ» سۆزى ھەرگىزمۇ باراۋەر ئەمەس. ئاۋۋالقىسى ئادەتتىكى تەسۋىرىي سۆز، يەنى سۈپەتكە تەۋە سۆز بولۇپ، رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدا ئۈزۈلكىسىز ـ ئىزچىل قوللىنىلمىغان ۋە ئېتىراپ قىلىنمىغان، ئۇ ھەرگىزمۇ يەر نامى ئەمەس؛ كېيىنكىسى بولسا توپتوغرا يەر نامى، يەنى ھازىر «ئونسۇ» سۆزى بىلەن ئاتىلىۋاتقان ئونسۇ شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ 1998 ـ يىل

*بۇ ماقالە 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئىمىر غىياس ( 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، ئۇيغۇر تىلى ئىملاسى ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىلگىرىكى ئومۇمىي نامىدۇر. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان «ئاقسۇ» سۆزى پەقەتلا مۇشۇ شەھەرنىڭ نامىدۇر، ئۇنىڭ ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نامى بولغان «ئاقسۇ» سۆزىدىن ماھىيەتلىك ئۇقۇم پەرقى بار. بىزگە مەلۇم، ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئورنى ئەسلىي ئونسۇ (ئاقسۇ كوناشەھەر)غا قاراشلىق «ئاسۇق» ناملىق كەنتنىڭ ئورنى ئىدى. 1883 ـ يىلى نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ قەدىمىي كەنتنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ھەربىي گازارمىسى سېلىنغان. ئارىدىن 30 يىل ئۆتۈپ بۇ گازارما كىچىكرەك بىر شەھەرچىگە ئايلانغان، 1913 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيەلىك ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىمۇ ئونسۇ شەھىرىدىن ئۇشبۇ يېڭى شەھەرچىگە يۆتكەپ چىقىلغان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن «ئاقسۇ» سۆزى بۇ يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان شەھەرنىڭ رەسمىي نامى بولۇپ قالغان ھەمدە ئىككى شەھەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، كونىسى «ئاقسۇ كوناشەھەر» دەپ، يېڭىسى بولسا «ئاقسۇ يېڭىشەھەر» دەپ ئاتالغان. شۇ سەۋەبتىن 1913 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يېزىلغان ھۆججەتلەردە «ئاقسۇ كوناشەھەر»، «ئاقسۇ يېڭى شەھەر» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە مۇشۇ مەزگىللەردىكى «ئاقسۇ كوناشەھەر» سۆزى خەنزۇچە ئەسەرلەردىمۇ گاھىدا ئۇيغۇرچىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ 阿克苏老城 دەپ، «ئاقسۇ يېڭىشەھەر» سۆزى بولسا 阿克苏新城 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى ئاسۇق ناملىق كەنتنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان بولغانلىقتىن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «ئاسۇق» دېيىمۇ ئاتالغان، ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىش مەۋجۇت. بۇ نام ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنى كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان ئاسۇقلۇق ئەدىب ھەمدۇللا ئاخۇن ئوغلى ھاجى مۇھەممەتنىياز «مەھبۇبۇلقۇلۇب»نىڭ ئاخىرىغا مۇنداق جۈملىنى يازغان: «ئاسۇقلۇق ھەمدۇللا ئاخۇننىڭ ئوغلى ھاجى مۇھەممەتنىيازنىڭ كۆچۈرگەن كىتابىدۇر. ھىجرىيە 1010 ـ يىلى (مىلادىيە 1601 ـ 1602 ـ يىل) رامىزان ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچى»[1]. مانا بۇ جۈملىدىن ئاسۇقنىڭ مۇندىن 400 يىل ئىلگىرىمۇ خېلى نامى بار يۇرت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «تۈنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا سوغداق خەلقىنىڭ بىر ھەربىي ئاتامانىنىڭ ئىسمى «ئاسۇق» ئىكەنلىكى يېزىلغان. مەزكۇر «ئاسۇق» دېگەن كىشىنىڭ يەر نامى بولغان «ئاسۇق» سۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاسۇق قاتارلىق ئون ئۈچ كەنتنىڭ 1870 ـ يىللىرى ئونسۇغا قارىغان[2]. ھالبۇكى، بۇ خاسىيەتلىك يۇرت شەھەر بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن قوللىنىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوللىنىلمىغانلىقتىن ھازىر قوللىنىلىش چاستوتىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. دېمەك، 1883 ـ يىلى ئاسۇق ھەربىي گازارمىسى سېلىنىپ قەلئە بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان بۇ شەھەر خەنزۇچە 阿苏克 دەپ ئاتالماستىن (ئەلۋەتتە بىر نەچچە يىل شۇنداقمۇ ئاتالغان)، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاقسۇ»نىڭ، يەنى ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ ئەسلىدىكى نامى بولغان «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە 阿克苏 دەپ ئاتالغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ شەھەر «ئاقسۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئەگەر، خەنزۇچىدىمۇ 阿苏克 دەپ ئاتىلىۋەرگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا، بۇ شەھەر «ئاسۇق» نامى بىلەنلا ئاتالغان ۋە ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئۇقۇشماسلىقلارمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئونسۇ شەھىرىنىڭ خەنزۇچە نامى بولغان 温宿 دېگەن سۆزمۇ 1885 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى رەسمىي يولغا قويۇلۇپ، 1902 ـ يىلىغا كەلگەندە ئونسۇ (ئاقسۇ كوناشەھەر)دا بىۋاستە قاراشلىق ئايماق تەسىس قىلىنغان ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ يامۇل ـ ئىشخانىلىرىمۇ شەھەرگە جايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 温宿 سۆزى مۇشۇ ئايماققا ۋە ئۇنىڭ مەركىزى بولمىش شەھەرگە نام قىلىپ قويۇلغان (شۇ چاغدا يېڭى تەسىس قىلىنغان ئونسۇ ئايمىقىغا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئونسۇ ۋە

باي ناھىيەلىرى قارىغان)، يەنى شۇ چاغدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە مۇئەررىخلىرى «خەننامە»دىكى 温宿 سۆزىنى ئۆزلۈۋېلىپ، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاقسۇ (ئونسۇ) ئايمىقى ۋە دوتەيلىكىگە نام قىلىپ قويغان. شۇنىڭدىن بېرى بۇ سۆز مۇشۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ شەھەرنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا يەنە قانداق سۆزلەر بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. گومىنداڭ دەۋرىدە ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سىزىلغان خەنزۇچە خەرىتىلەردە خەن دەۋرىدىكى 温宿 (ۋېنسۇ) نىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ كۆرسىتىلگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم خەنزۇچە ئەسەرلەردىمۇ 温宿 نىڭ ئەسلىي ئورنىنىڭ ئۇچتۇرپانغا توغرا كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

دېمەك، 1902 - يىلدىن بۇرۇن يېزىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى 阿克苏 سۆزى ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنى ئەمەس، بەلكى ئونسۇ (ئاقسۇ كوناشەھەر) نى كۆرسىتىدۇ. ئەپسۇسكى:

«乾隆四十四年（1779），将原设于乌什的领队大臣移驻到阿克苏»

دېگەن جۈملە [3] بەزىلەرنىڭ قەلىمىدە «چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى (1779 - يىلى)، ئەسلىي ئۇچتۇرپاندا تەسىس قىلىنغان قوشۇن باشلاش ۋەزىرلىكى ئاقسۇغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى» دەپ تەرجىمە قىلىندى. ھېچقانداق مەسىلە يوقتەك كۆرۈنگەن بۇ تەرجىمە جۈملىدە تارىخىي ئۇقۇم خاتالىقى يۈز بەرگەن. چۈنكى، ئەسلىي جۈملە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارخىپ ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى 阿克苏 گەرچە ئۇيغۇرچىدىكى «ئاقسۇ»نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا مۇنداق ئۇدۇل ئىپادە قىلىنمايدۇ، بەلكى «ئاقسۇ كوناشەھەر» ياكى «ئونسۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ جۈملىدىكى 阿克苏 نىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى پەقەت «ئاقسۇ كوناشەھەر»نى، يەنى بۈگۈنكى «ئونسۇ»نىلا بىلدۈرىدۇ. بىزگە مەلۇم، «ئاقسۇ» سۆزى تەخمىنەن 1105 ـ 1150 - يىللىرىدىن تاكى 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، بۇ سۆز ئەلۋەتتە ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭمۇ نامىدۇر. ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىدى: 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ (ئونسۇ) شەھىرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ۋەزىرلىكى تەسىس قىلىنىپ، شەھەر خەنزۇ تىلىدىمۇ ئۇيغۇرچىدىكى «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «ئاكېسۇ» (阿克苏) دەپ ئاتالغان. 1885 - يىلى شىنجاڭدا شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشىدە يېڭىدىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىچكىرىدىكىگە ئوخشاش ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مەھكىمە - نازارەت، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپاراتلار ئىلگىرى - كېيىن تەسىس قىلىنغان. 1902 - يىلى ئاقسۇ كوناشەھەردىمۇ ۋىلايەت - ئايماق دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنىپ، بۇ يېڭى ۋىلايەت - ئايماقنىڭ نامى خەنزۇچە 温宿 سۆزى بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا بۇرۇنقىدەكلا «ئاقسۇ» دەپ ئاتىلىۋەرگەن. 1913 - يىلى ئونسۇ (ئاقسۇ كوناشەھەر) ئايمىقى ئونسۇ ناھىيەسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئونسۇ شەھىرىدە تۇرۇۋەرگەن ۋە ئاقسۇ دوتەيلىكىگە قارىغان، ئاقسۇ ناھىيەسى بولسا ئونسۇ شەھىرىدىن ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىگە يۆتكەپ چىقىلغان ۋە بۇ شەھەر ئاقسۇ دوتەيلىكىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. شۇندىن بېرى «ئاقسۇ» سۆزى ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاقسۇ شەھىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامىغا ئايلانغان. ئاقسۇ كونا شەھەر ئەمدىلىكتە گەرچە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن شەھەر بولغاچقا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن 1998 - يىلغىچە «ئاقسۇ كوناشەھەر» دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەرنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان 温宿县 سۆزىمۇ «ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدىغان بولغان. لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ 90 - يىللىرىدىن بۇيان

www.uyghurkitap.com



ھېچقانداق ئېتىمولوگىيەلىك ھۆججەت ئاساسى بولمىغان بىر مۇنچە سۆزلەر ئۇنسۇنىڭ «تارىختىكى نامى» قىلىپ قويۇلدى، ھەتتا تارىختىكى ئاقسۇ بىلەن ھازىرقى ئاقسۇنىڭ پەرقىمۇ ئېلىشتۇرۇۋېتىلدى. مەن تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئاساسىدا ئۇنسۇنىڭ تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت «بارمان»، «ئاقسۇ»، «ئاقسۇ كوناشەھەر» دېگەن ئۈچلا سۆز بىلەن ئاتالغانلىقىنى، باشقا سۆز بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نەق پاكىتنىڭ ھازىرغىچە تېپىلمىغانلىقىنى شەرھلىدىم[4]. ئۇنسۇنىڭ تارىختىكى ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ۋە ئۇنىڭ زادى قانداق سۆزلەر بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا تۆۋەندىكىدەك ئاساسلار بار.

بىزگە مەلۇم، بەزى كىشىلەر 1990 ـ يىللىرى ئاقسۇ (ئۇنسۇ) نىڭ «تارىختىكى ناملىرى» ھەققىدە ماقالە يېزىپ، ئۇنسۇ، ئۇرۇن سۇ، قۇم، باخۋان، باقۋان، بارۋان، ئورسۇق، ۋوسۇق، ۋالوكا قاتارلىق سۆزلەرنى ئاقسۇنىڭ «تارىختىكى ناملىرى» ئىدى دېگەننى كۆتۈرۈپ چىققان بولسا؛ بەزى كىشىلەر 2000 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يەنە ئۆرۈن (ئۇرن)، ئۆرۈك، يۆرۈن، يۆرۈك، ئۇرۈك، يۇرۇك (ئۇرۇن ـ ئۇرن)، ئۇرۇن (ئۇرن، ئۇن)، يۇرۇڭسۇ، يۇرۇنسۇ، ئۇرۇڭسۇ، ئۇرنسۇ قاتارلىق ھېچقانداق تارىخىي ئاساسى يوق ئىبارىلەرنى ياساپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلارنى «ئاقسۇ» سۆزى بىلەن تومۇرداش، زامانداش ۋە مەنىداش قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئۇرۇنسۇ» ئىبارىسىنى ئاقسۇنىڭ قەدىمكى ھەقىقىي نامى ئىدى ۋە شۇنداق ئاتالسا توغرا بولاتتى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى[5] ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنسۇ شەھىرىمۇ، ئەدناسى ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىمۇ ھېچقاچان مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئاتىلىپ باقمىغان. ئىلھامغا ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ سۈنئىي رەۋىشتە ياساپ چىقىلغان كىلون سۆزلەر قانداقسىگە «ئاقسۇ» سۆزىگە زامانداش ۋە مەنىداش بولالىسۇن؟ تارىختا، يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەردە ۋە قول يازما ھۆججەتلەردە ئۇنسۇ، ئۇرۇن سۇ، قۇم، باخۋان، باقۋان، بارۋان، ئورسۇق، ۋوسۇق، ئۆرۈن (ئۇرن)، ئۆرۈك، يۆرۈن، يۆرۈك، ئۇرۈك، يۇرۇك (ئۇرۇن ـ ئۇرن)، ئۇرۇن (ئۇرن، ئۇن)، يۇرۇڭسۇ، يۇرۇنسۇ، ئۇرۇڭسۇ، ئۇرۇنسۇ (ئۇرنسۇ) قاتارلىق ئىبارىلەرنىڭ ئاقسۇنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. مەن «ئاقسۇ» سۆزى ۋە ئاقسۇ كوناشەھەرگە دائىر 20 خىلغا يېقىن ھەر خىل كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇنداق سۆزلەرنى ئۇچراتمىدىم. ھەقىقىي ئەھۋال شۇنداق تۇرسا سۈنئىي رەۋىشتە ياساپ چىقىلغان شۇنچە جىق ئىبارىلەرنى «ئاقسۇنىڭ تارىختىكى ناملىرى» دېسە بۇنداق پاكىتسىز پىكىرنى قوبۇل قىلغىلى بولامدۇ؟ شۇنچە جىق سۈنئىي ئىبارىلەرنى «ئاقسۇنىڭ تارىختىكى ناملىرى» دېيىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى باردۇر! كىلاسسىك ئەسەرلەردە ھېچقانداق قوللىنىلغانلىق ئارخىپى يوق سۈنئىي سۆزلەر ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولالمايدۇ. چۈنكى، ھازىرقى زاماننىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ياسالغان ياسالما سۆز ھەرگىزمۇ تارىختىكى سۆز بولالمايدۇ. ھەقىقەتەن ھەر قانداق بىر يەر نامى قەدىمكى ۋەسىقىلەردە قوللىنىلغان ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولۇشى شەرت. ھالبۇكى، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ بىرەرسىمۇ بۇ شەرتنى ھازىرلىيالمىغان.

«توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ناملىق ماقالىدە: «ئورسۇق ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئەسلىي نامى. لېكىن بۇ خاتا ھالدا ‹ئاقسۇ كوناشەھەر›گە نام قىلىپ قويۇلغان»، «خەنزۇچىدىكى ‹ۋېنسۇ›نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى ‹ۋوسۇق›، يەنى ‹ئاسۇق›نىڭ ترانسكرىپسىيەسىدۇر»[6] دەپ يېزىلغان. بىلىش كېرەككى، بۇ جۈملىدىكى ئاتالمىش «ئورسۇق» سۆزى ئاقسۇ كونا شەھەرگە نام قىلىپ قويۇلمىغان، بۇ تامامەن ساختا جۈملىدۇر. ئەمىسە قاچان، كىملەر ئۇنسۇنى «ئورسۇق» دەپ ئاتاپ باققان؟ بۇ سۈنئىي ئىبارە قانداق بولۇپ «ئاقسۇ كوناشەھەرگە نام قىلىپ قويۇلغان؟». بۇ ئەمەلىيەتتە «ئاسۇق» نامىنىڭ ئىملاسىنى ياخشى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان خاتالىقتۇر. خەنزۇچىدىكى «ۋېنسۇ»نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى «ۋوسۇق» بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، خەنزۇ تىلىدا ئەزەلدىن «ق» فونېمىسى بولمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جۈملىدە ئېنىق

لوگىكىلىق خاتالىقمۇ بار.

«تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»ناملىق ماقالىدە [7] تاك سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەر نامى بولغان «بالۇكا» سۆزى ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنى بىلدۈرىدۇ دېيىلگەن. پائۇل پېللىئوتمۇ «بالۇكا دۆلىتى دەل ھازىرقى ئاقسۇ» دەپ يازغان [8]. ھالبۇكى، ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى 1883 - يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان ۋە 1913 - يىلى ئاقسۇ ناھىيەسى تەسىس قىلىنغاندا ناھىيەنىڭ مەركىزى قىلىنغان ياش شەھەر تۇرسا، بۇ ھالدا، «بالۇكا» ئاقسۇنى بىلدۈرىدۇ دېيىشكە كۆلكىلىك گەپ بولمامدۇ!

«يەنە ‹ئونسۇ›نىڭ ئورنى ۋە ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە»[9] ناملىق ماقالىدە: «‹ئاقسۇ›نامىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھازىرقى بىر ۋىلايەت ۋە بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق»، «شۇ قاتاردا ‹ئاقسۇ› دېگەن بۇ نامنىڭمۇ تۇنجى قېتىم ‹تارىخى رەشىدى›دە تىلغا ئېلىنغانلىقىغا ئوخشاش بىر قاتار ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى خاتا چۈشەندۈرۈلگەن. قاراپ باقايلى، «ئاقسۇ» نامىنىڭ قاچاندىن باشلاپ بىر ۋىلايەت ۋە بىر ناھىيەنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە ئۇيغۇرچە قول يازما ھۆججەتلەر ۋە ھازىرقى زامان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردە بەك نۇرغۇن پاكىتلار بار. مەسىلەن، بۇ ھەقتە «تارىخى رەشىدى»، «چىڭگىزنامە»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق كىتابلارغا ۋە ئىمىن توختى ئەپەندىنىڭ «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى مەمۇرىي رايونلار ئۆزگىرىشى»[10] ناملىق ماقالىسىگە قارىساقلا كۇپايە. «ئاقسۇ» نامى يۇقىرىقى جۈملىدە ئېيتىلغاندەك تۇنجى قېتىم «تارىخى رەشىدى»دە تىلغا ئېلىنغان ئەمەس، بەلكى «بابۇرنامە»دە تىلغا ئېلىنغان، «بابۇرنامە» «تارىخى رەشىدى»دىن بۇرۇن يېزىلغان. گەرچە، «بابۇرنامە»دىكى «ئاقسۇ» ئۆرەتېپە تەۋەسىدىكى يەر نامى بولسىمۇ، ئامما ئۇ دىيارىمىزدىكى «ئاقسۇ» نامى بىلەن تىپ جەھەتتىن، يەنى ئەسلىي مەنبە جەھەتتىن يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگىدۇر. چۈنكى، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان 1499 - يىلى تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆرەتۆپەدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بوۋىسى (مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كۆرەگان) ۋە بوۋىسىنىڭ بوۋىسى ئەمىر خۇدايداد ۋە ئەمىر خۇدايدادنىڭ دادىسى ئەمىر بۇلاجى شىنجاڭدىكى ئاقسۇغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى ۋە ئاقسۇدا تۇراتتى. تۇغلۇق تېمۇرخان نەسەبىدىكىلەر بىلەن ئەمىر بۇلاجى نەسەبىدىكىلەر تاكى سۇلتان ئەھمەدخانغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاقسۇنى مەنزىل قىلىپ تاللىغان، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئاقسۇ موغۇل خاقانلىرىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ماكانى بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئۆرەتېپەدىكى ئاقسۇغا «ئاقسۇ» سۆزىنى بەلكىم مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئانا يۇرتىنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، 1913 - يىلىدىن ئىلگىرىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاقسۇ» سۆزى تار مەنىدىن ئېيتقاندا پەقەت ھازىرقى ئونسۇ شەھىرىنىلا بىلدۈرىدۇ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا مۇشۇ شەھەرگە قاراشلىق جايلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدۇ، ھەتتا ھازىرقى ئاقسۇنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ. ئونسۇ شەھىرى تارىختا 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرى پەقەت «بارمان» (برمان)، «ئاقسۇ» ۋە «ئاقسۇ كوناشەھەر» سۆزى بىلەنلا ئاتالغانكى، باشقا سۆز بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەلۋەتتە، بىز «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات، ئونسۇ، باي، توقسۇ، كۇچا، شايار قاتارلىق سەككىز ناھىيە ۋە ئاقسۇ شەھىرىنى ئىچىگە ئالغان چوڭ بىر ۋىلايەتنىڭ ھەم بۇ ۋىلايەتنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئالەمچە پەخىرلىنىش ھېس قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خاسىيەتلىك نامنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن «ئاقسۇ» سۆزى ۋە ئاقسۇ (ئونسۇ) شەھىرىنىڭ تارىختا ئوينىغان رولىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىنىمۇ خالىمايمىز. ئاقسۇنىڭ «تارىختىكى ناملىرى»غا دائىر يۇقىرىقىدەك كۆپ خىل ئىبارىلەر ئەمدى يەنە سۇنئىي ياسالماسلىقى كېرەك. بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ئاقسۇنىڭ تارىخى ھەققىدە بىر نېمە بىلمەي

www.uyghurkitap.com



تۇرۇپ شۇنچە نۇرغۇن سۆزلەرنى ئاقسۇنىڭ «تارىختىكى نامى» ئىدى دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇھەررىرلەر ئۇلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ پرىنسىپلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكەنلىك، ئەتراپلىق ئىزدەنمىگەنلىك، مەسىلەن، «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ۋە ئاقسۇنىڭ تارىختىكى رولىنى ئازراقمۇ بىلمىگەنلىك، يۇرت (ۋەتەن) نىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي تونۇمىغانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىز ئۇنسۇ شەھىرى ھەققىدە شۇنى ئېنىق بىلىمىزكى، مىلادىيە 1105 ــ 1150 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئۇنسۇ شەھىرى دەھشەتلىك كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ، شەھەرنى پۈتۈنلەي سۇ ئېقىتىپ كەتكەن؛ كەلكۈن تىنىپ ئاپەتتىن ئامان قالغان كىشىلەر شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققان ھەمدە شەھەر قايتىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى «ئاقسۇ» سۆزى بىلەن ئاتىغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ شەھەر «بارمان» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، بۇ شەھەرنى ئەسلىي ئافراسىياپ (ئەفراسىياپ)نىڭ ئوغلى بارمان دېگەن كىشى قۇرغان بولغاچقا، شەھەرگە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى قويۇلغان[11]. بۇنداق ئاتاش ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ۋە شۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتىدىن كېيىن «ئاقسۇ» سۆزىگە ئورۇن بوشاتقان. ئۇنسۇ شەھىرىنىڭ ھازىرقى تۈزۈلۈشىدىنمۇ ــ شەھەرنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدا سېپىلدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تىك ياردائلىقتىنمۇ شۇ چاغدىكى كەلكۈننىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ خىل ئىز 1970 ـ يىللاردىن ئىلگىرى تېخىمۇ ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى خەرىتىگە قارايدىغان بولساق، تارىختا نامى ئالماشقان شەھەرلەر ئىچىدە جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىنتايىن ئوچۇق ۋە ناھايىتى توغرا سىزىلغان شەھەرلەردىن بارمان (ئۇنسۇ) دەكتىن يەنە بىرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ جەھەتتىن ئۇنسۇ شەھىرى دۇنيادىكى بىردىنبىر شەھەر بولۇپ قالغان.

1290 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە چاغاتايخان ئىبنى چىڭگىزخاننىڭ نەسلىدىن بولغان ئورتۇ بۆرەگە (ئورتۇ بۆرە)نىڭ ئۇنسۇ شەھىرىدە تۇرۇپ ماڭلايسۇيەنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى، ئاندىن يەنە چاغاتايخان ئىبنى چىڭگىزخاننىڭ پەي ئەۋرىسى، تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ دادىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ ھەمدە ئورتۇ بۆرەگە (ئورتۇ بۆرە)نىڭ نەۋرىسى ئەمىر بۇلاجى دۇغلاتنىڭ 1340 ـ يىللىرى ئۇنسۇ شەھىرىنى پات ئارىدا قۇرۇلماقچى بولغان بۈيۈك بىر خاندانلىقنىڭ ئاساسى قىلىپ تاللىغانلىقى، ئاندىن 1348 ـ يىلى مەشھۇر تارىخىي شەخس 18 ياشلىق تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئۇنسۇ شەھىرىدە موغۇلىستان خاندانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغانلىقى تارىخشۇناسلارغا بەش قولدەك ئاياندۇر. جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىش كېرەككى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ بەشىنچى ئەجداد بوۋىسى ئەمىر بۇلاجى دۇغلاتنىڭ 1340 ـ يىللىرى «مەملىكەتنىڭ قانۇن ـ تەرتىپلىرىنى تۇرغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈككۈپ»[12] موغۇلىستاننىڭ يۈرىكى بولغان ئۇنسۇ شەھىرىنى مەنزىل قىلىپ تاللىشى ۋە بۇ شەھەردە تۇرۇشى، ئاندىن تۇغلۇق تېمۇرخان ئىبنى ئىسان بۇغاخاننىڭ موغۇلىستاندا دۇنياغا كېلىشى (موڭغۇلكۆرە بىلەن ئۇنسۇنىڭ ئارىلىقىدىكى سەھرا ياكى تاغلىق كەنتلەردە دۇنياغا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن)، ئاندىن ئۇنىڭ 1346 ـ يىلى مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە مۇزئارت (مۇزات) داۋىنىدىن ئۆتىدىغان يول بىلەن ئەمىر بۇلاجى دۇغلاتنىڭ ئۇنسۇدىكى ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنىشى ۋە ئەمىر بۇلاجى دۇغلاتنىڭ ئۇنى 1348 ـ يىلى ئۇنسۇ شەھىرىدە خان قىلىپ تىكلىشى، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ «شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل موغۇلىستان، بەلكى چاغاتاي يۇرتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈشى»[13]، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى گۇمران بولغاندىن كېيىنكى يەنە بىر دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە ئىدى. ئەگەر، مۇشۇ ۋەقە ئۇنسۇدا قارار تاپمىغان بولسا كېيىنكى دەۋرلەردە يەكەن (ياركەند) خانلىقىنىڭ مومىسى يەكەن شەھىرىگە تىكلەنمىگەن بولاتتى. مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇنسۇ شەھىرىنىڭ سەلتەنىتى تۈرك ـ موغۇل خاقانلىرىنىڭ ئۇنى مەنزىل قىلىپ تاللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ يەردە دەل مۇشۇ

مەزگىلىدىكى، يەنى 1290 ـ يىللاردىن سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغان 1533 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «موغۇلىستان» ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھ بېرىپ قويۇش ئاقسۇ (ئونسۇ)نىڭ تارىختىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ۋە رولىنى چۈشىنىشتە بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

«تارىخى رەشىدىي»دە «موغۇلىستان» سۆزىنىڭ مەنىسى ئىنتايىن ئېنىق ۋە تەپسىلىي شەرھلەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «ھازىر موغۇلىستان دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ، توغرىسى (كەڭلىكى)مۇ يەتتە ـ سەككىز ئايلىق يولدۇر. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى قالماق زېمىنى بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئۇ تەرەپنى بارسكۆل، ئەمىل ۋە ئەرتىش دەپ ئاتايدۇ؛ شىمال تەرىپى كۆكچە دېڭىز، بومىلىش ۋە قاراتالغا تۇتىشىدۇ؛ غەرب تەرىپى تاشكەنت ۋە تۈركىستاندۇر. جەنۇب تەرىپى فەرغانە ۋىلايىتى، كاشغەر، ئاقسۇ، چالىش ۋە تۇرپانغا تۇتىشىدۇ. بۇ تۆت تەرەپ چېگرادىن پەقىر جەنۇبىي چېگرادىكى يەرلەرنىلا كۆردۈم. تاشكەنتتىن ئەندىجانغىچە ئون كۈنلۈك يول، ئەندىجاندىن ئاقسۇغىچە ئون بەش كۈنلۈك يول، ئاقسۇدىن چالىشقىچە يىگىرمە كۈنلۈك يول، چالىشتىن تۇرپانغىچە ئون كۈنلۈك يول، تۇرپاندىن بارسكۆلگىچە ئون بەش كۈنلۈك يولدۇر. بارسكۆل موغۇلىستاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدۇر... موغۇلىستاندا جەيھۇندەك ئۇلۇغ دەريالار كۆپ. مەسىلەن، ئىلى، ئەمىل، ئەرتىش، چۆپلەك ۋە نارىن قاتارلىقلار، بۇ دەريالارنىڭ جەيھۇن دەريالىرىدىن كەم يېرى يوقتۇر. بۇ دەريالارنىڭ كۆپىنچىسى كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. كۆكچە دېڭىز موغۇلىستان بىلەن ئۆزبېكىستان ئارىسىدا پاسىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر كۆل... موغۇلىستاننىڭ ئاجايىباتلىرىدىن يەنە بىرى ئىسسىقكۆل بولۇپ، كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان سۇلارنىڭ مىقدارىچە سۇ ئىسسىقكۆلگىمۇ قۇيۇلىدۇ»[14]. دېمەك، «موغۇلىستان» ئەسلىي بىر جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى جۇغراپىيەلىك مەركىزى ئونسۇ ئىدى، يەنى ئونسۇ موغۇلىستاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئىدى. شۇڭغا، چاغاتايخان، ئورتۇ بۆرەگە (ئورتۇ بۆرە)، ئەمىر بۇلاجى دۇغلات، تۇغلۇق تېمۇرخان، يۇنۇسخان ئىبنى ئۇۋەيسخان، ئىسان بۇغاخان ئىبنى ئۇۋەيسخان، ئەھمەدخان ئىبنى يۇنۇسخان (بۇ ئىككى خاننىڭ قەبرىسى ئونسۇ يارىبېشىدىكى مەشھۇر «ئالتۇنلۇق» قەبرىستانلىقىغا قاتۇرۇلغان) ۋە مەنسۇرخان ئىبنى ئەھمەدخان، ئەمىن خاجە سۇلتان ئىبنى ئەھمەدخان، ئەبدۇرەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق مەشھۇر خاقان ـ سۇلتانلار ۋە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان قاتارلىق ئونلىغان ئەمىر ـ ئۇمرالار موغۇلىستاننىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئونسۇنى مەنزىل قىلغان ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسى ئونسۇدا تۇرغۇزۇلغانىدى.

«تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق تارىخ كىتابلىرىدىكى كۆپىنچە جۈملىلەردە «موغۇلىستان» ئۇقۇمى «ئاقسۇ» (ئونسۇ) نامى بىلەن گاھى بېقىندا، گاھى تەڭداش ـ مەنىداش تەركىب سۈپىتىدە قوللىنىلغان، موغۇلىستاندا قانداقلا بىر ۋەقە يۈز بەرسە خاقانلارنىڭ مومىسى ئونسۇغا قادىلىپ قالغان، يەنى «موغۇلىستان» ئۇقۇمى «ئاقسۇ» (ئونسۇ) دىن ئىبارەت «ئۆز ئوقى ئەتراپى»دا ئايلىنىۋەرگەن؛ «ئاقسۇ» نامىسىز «موغۇلىستان» نامى قانات قاقالمىغان، «ئاقسۇ» نامىسىز «موغۇلىستان» ئۇقۇمىنىڭ مېغىزى ۋە كىندىكى بولمىغان، «ئاقسۇ» گويا «موغۇلىستان»نىڭ كۆۋرۈكى، ھاسىسى ۋە ھەمىيىنى بولۇپ قالغان؛ مۇشۇ مەزگىلدە موغۇل خاقانلىرى تۇغىنى كۆتۈرۈپ نەگە ماڭسا «موغۇلىستان»مۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ «ماڭغان»، ئەمما ئونسۇ شەھىرى بولسا ئۆز ئورنىدا قىمىرلىماستىن ئۇلارنىڭ بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە بىخەتەر يېتىپ بېرىۋېلىشىدىكى «ئايرودۇرۇمى» بولۇپ قالغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدە «قالماق دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان دۆڭلەردىن بىر نەچچىسى بولىدىغان. مەن مەرھۇم مومام ھاشىخان تاتلىقتىن بۇ دۆڭلۈكنىڭ نېمىشقا شۇنداق ئاتىلىدىغانلىقى ۋە جىقلىنى سورىغىنىمدا، ئۇنىڭ شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە: بىر زامانلاردا چاغاتاي (يۇرتىمىزدا «چاغاتاي» دېگەن ئىسىم ھازىرمۇ شوخ ـ كەپسىز ۋە ئەقىللىق باللارنى سۈپەتلەپ ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن، «پۇستاننىڭ بالىسى بەك چاغاتاي بالا بوپتۇ»، «بۇ بالا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەك چاغاتايكەن» دېگەندەك؛ «خان» سۆزىمۇ ئەرلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا ھازىرمۇ قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن، ئەھمەتخان، مەنسۇرخان، مۇھەممەتخان، ئىلياسخان، ئىمىرەمزىخان دېگەندەك) دېگەنىنىڭ ئادەملىرى خانلىق قىلىپ يۇرت سورىغان دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن «قالماق» ئاتىلىپ ۋە كەمسىتىلىپ سۆر - توقاي قىلىنغان قالماق ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن، تەڭگە ۋە تىللالىرىنى ئىدىش - كوزىلارغا قاچىلاپ يۇرت - يۇرتلارنىڭ خىلۋەت جايلىرىغا كۆمدۇرۇۋەتكەن. كوزىلارنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ كۆمسە كېيىنچە ئۇنى تاپقىلى بولمايدىكەن، يەردىن ئېگىز قىلىپ كۆمسە خالىغان چاغدا تاپقىلى بولىدىكەن، بۇ دۆڭلەر ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن. ئەمما، بەزەن دۆڭلەر كوزا كۆمۈلگەن دۆڭلەرنى كىشىلەرنىڭ ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يالغاندىن ياسالغانىكەن. شۇڭا بۇ دۆڭلەردىن زادى قايسىسىنىڭ راستلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا ئەنە شۇ «قالماق دۆڭ»لىرىنى كولاپ - بۇزۇپ، بۇ دۆڭلەرنىڭ ئارىسىدىن ئېلىنغان كۈپ - كوزىلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئۈچۈم - ئۈچۈم تەڭگىلەر ۋە تىللالارنى يانچۇقلىرىمىزغا قاچىلاپ ئويناپ چوڭ بولغانمىز. دېمەكچىمىزكى، ئۇنىسۇ ۋە ئاقسۇ تەۋەسىدە مۇشۇنداق «قالماق دۆڭ»لىرىنىڭ ئالاھىدە كۆپ بولۇشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. تارىخ كىتابلىرىدا چاغاتايخاندىن تۇغلۇق تېمۇرخانىنىڭ دادىسى ئىسان بۇغاخانغىچە بولغان ئالتە ئەۋلاد خان - خاقان ۋە سۇلتانلارنىڭ موغۇلىستاندا تۇرغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت قەيەرنى پايتەخت ۋە مەنزىل قىلىپ تاللىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا، تارىخشۇناسلارنىڭ بۇ ئالتە ئەۋلاد خانىنىڭ مەنزىلىنى، بولۇپمۇ چاغاتايخانىنىڭ مەنزىلىنى نەدىكى بىر مەۋھۇم - گۇڭگا «قالماق يۇرتى»دىن ئىزدەپ يۈرۈۋەرمەي ئاقسۇ تەۋەسىدىنمۇ ئىزدەپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، «چاغاتايخان»، «تۇغلۇق تېمۇرخان» دېگەن ئىسىملار تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغاندا ئۇلار دەسسەپ تۇرغان تۇنجى جاي دەل ئاقسۇ ئىدى، يەنى ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئاقسۇ ئىدى. ئەينى چاغدىكى موغۇل خاقانلىرى ئۇنىسۇغا

بىكاردىن بىكار مۇنداقلا يىغىلىپ قالغان ئەمەس، بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بىر تارىخىي ۋەقە. ئۇنىڭ ئۈستىگە «چاغاتاي» سۆزى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئىدىيومغا ئايلىنىپ ھازىرغىچە قوللىنىلىپ تۇرماقتا. يەنە بىر مۇھىم يىپ ئۇچى شۇكى، 1968 - يىللىرىدىن ئىلگىرى مەھەللىمىزدىكى ئەرلەر ھازىرقى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كىيىدىغان قالپاقنى ئومۇمىيۈزلۈك كىيەتتى (داداممۇ مۇشۇنداق قالپاقنى كىيەتتى، مەنمۇ كىچىكىمدە مۇشۇنداق قالپاقنى كىيگەنلىكىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە). ئەمما، شەكىل جەھەتتىن مەھەللىمىزدىكى قالپاقنىڭ ئالدى - كەينىگە ئوخشاش يېرىق ئېچىلىپ ھەر ئىككى يېنى (قىرى) ئوخشاش نىسبەتتە قاتلىناتتى ۋە قالپاقنىڭ يان - چۆرىسى، قىر - جىيەكلىرى كەشتىلىنەتتى، قالپاقنىڭ ئېگىزلىكى 14 — 15 سانتىمېتىردىن ئاشمايتتى ۋە ئۈستى تۈزرەك چىقىرىلاتتى. نېمىشقىدۇر مەھەللىمىزدىكى ئەرلەر 1968 - يىللىرىدىن كېيىن بۇ قالپاقنى تۇيۇقسىزلا كىيمەيدىغان بولۇپ قالدى. بەزىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ قالپاقنى كىيىۋەرسە «ھەزرىتى ئەزىزلەر»دەك كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىقادقا جوراپ «موغۇل» ئاتىلىپ كەمسىتىلىشتىن ئەنسىرەپ بىراقلا كىيمەس بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. دېمىسىمۇ تارىختا مۇشۇ قالپاق تۈپەيلىدىن ئاقسۇدا مىللەتنى تونۇماي، پەقەت مەزھەپنىلا تونۇيدىغان «ھەزرىتى ئەزىزلەر» (ھەزرىتى خاجەلەر) بىلەن ئاقسۇلۇقلار ئوتتۇرىسىدا نەچچە قېتىم قانلىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنى موغۇل ئاتىشىپ يۈرگەن مەزگىللەردىلا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قالپاق كىيگەن بولغاچقا ئۇلارغا ئەنئەنە بولۇپ قالغان ئىكەن. تۇغلۇق تېمۇرخانمۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىغاندا مۇشۇنداق قالپاقنى كىيگەن ئىمىش. ھازىرمۇ ئاقسۇ تەۋەسىدە، بولۇپمۇ قاراتال، گۈلئاۋات يېزىلىرىنىڭ خىلۋەت جايلىرىدا مۇشۇنداق قالپاقنى كىيىۋالغان ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. شۇڭا، مەن بۇ خىل قالپاقنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى دەپ قارايمەن (مۇنداق قالپاقنى موغۇل - ئۇيغۇرنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمىدىن ئايرىپ قاراش توغرا ئەمەس). ھالبۇكى،

بەزىلەر لوپنۇرلۇقلار كىيگەن قالپاق بىلەن ئاقسۇلۇقلار كىيگەن قالپاقنى قاراپ ئۇلارنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى مىللىي تەركىبىنى باشقا بىر سۆز بىلەنمۇ ئاتاپ باقتى. ئەلۋەتتە ئۇلار ئاقسۇلۇقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلمىدى - دە! قىسقىسى، ئەمىر بۇلاجىنىڭ بوۋىسى ئورتۇ بۆرەگەدىن تارتىپ تاكى سۇلتان ئەبدۇرەشىدخانغىچە بولغان مەشھۇر سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاقسۇ (ئونسۇ)نى مەنزىل قىلىپ تاللىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئاقسۇ (ئونسۇ) نۇرغۇن ھىممەتلىك ۋە تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولۇپ قالغان. دېمەك، ئەسلىدىكى بارمان شەھىرىمۇ، نامى ئالماشقان ئاقسۇ شەھىرىمۇ، قايتا قۇرۇلغان ئاقسۇ شەھىرىمۇ ئوخشاشلا بىر جايدا، ئۆز ئورنىدا يارنىڭ تۈۋى ۋە ئاستىدا يەنىمۇ جىلۋە قىلىپ، خۇددى «قەشقەرنىڭ ئانارى»دەك قىزىرىپ «كۆزنىڭ يېغىنى يەپ» تۇرۇپتۇغۇ!

1502 - يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە مىرزا ئەبابەكر «ئاقسۇلۇقلار ئەھمەدخانغا يار بولدى» دېگەننى باھانە قىلىپ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ئونسۇ، باي، كۇسەنلەرنى تالان - تاراج قىلغان، بولۇپمۇ ئونسۇ شەھىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن. يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇپ كېيىنكى يىلى، يەنى 1515 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سۇلتان سەئىدخان خانلىققا ۋاكالىتەن قېرىندىشى ئەمىن خاجە سۇلتان بىلەن ئەمىرى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننى تاكى شۇ كەمگىچە موغۇلىستان خانلىرىنىڭ مەنزىلى ۋە پايتەختى بولۇپ كەلگەن ئونسۇ شەھىرىنى «بۇرۇنقى تەرزدە قۇرۇش»قا ئەۋەتكەن[15]. ئۆزىمۇ 1516 - يىلى 2 - ئايدا ئونسۇغا كېلىپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىپ قايتقان. چۈنكى، ئاقسۇ (ئونسۇ) شەھىرى چاغاتايخان ئىبنى چىڭگىزخاننىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى تۇغلۇق تېمۇرخان مەشھۇر تارىخچى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننىڭ بەشىنچى ئەجداد بوۋىسى ئەمىر بۇلاجى تەرىپىدىن موغۇلىستان خاندانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىرىلغان (46 ـــ 50 - بەت) 1345 - يىلىدىن، بەلكى ئاقسۇ (ئونسۇ) شەھىرى ئورتۇ بۆرەگە (ئورتۇ بۆرە)نىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن 1290 - يىللىرىدىن تارتىپ تاكى ئەمىن خاجە سۇلتان ئىبنى ئەھمەدخانغىچە موغۇل (ئۇيغۇر) خاقانلىرىنىڭ مەنزىلى ۋە پايتەختى بولۇپ كەلگەن بولغانلىقتىن، ئېنىقنى ئېيتقاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسى ئونسۇ شەھىرىدە تىكلەنگەن بولغاچقا، ئۇ بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلغان، ھەتتا ئوغلى ئەبدۇررەشىدخاننىمۇ ئاقسۇغا خان قىلىپ تىكلىگەن. لېكىن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاقسۇ خەلقى «ھەزرىتى ئەزىزلەر» دېگەن كىشىلەرنىڭ مەزھەپبازلىقى ۋە قۇتراتقۇلۇقى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن يىل تەپرىقىچىلىكنىڭ كاساپىتىگە ئۇچراپ تۇرغان. ئونسۇ شەھىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە غېرىبلىشىپ ۋە غورىگىللىشىپ كېتىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. 1871 - يىلى ئونسۇ (ئاقسۇ) شەھىرىدە نىياز باقى باشچىلىقىدىكى ئۇستىلار فەرغانە ۋىلايىتىدىكى خانلارنىڭ ئىچكى شەھەر ۋە ئوردىلىرىنىڭ شەكلى ۋە سىياقىدا بىر يېڭى ئوردا بىنا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇ ئوردىنى چېقىۋەتكەن.

ئەسلىي گەپكە كەلسەك، بەزەن سۆزلەرنىڭ كىلونلانغانلىقى (سۈنئىي ھالدا ياسالغانلىقى) ھەققىدە گەپ بولۇنسلا، بەزى قەلەمكەشلەر تارىخىي چىنلىققا ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرغا ئۇيغۇن بولۇش - بولماسلىقىغىمۇ پەرۋا قىلماي مۇنداق كىلون ئىبارىنى نەدىكى بىر سۆزگە باغلىۋېلىپ، ئۇنى «تارىختىكى سۆز»گە ئايلاندۇرۇپ پاكىت ئاساسى يوق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىۋەردى. بۇنداق ماقالىلەردىكى يۇقىرىقىدەك ئىبارىلەر باشقا تىلدىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشىتىپ كىلون قىلىپ ياساپ چىقىلغان سۈنئىي ئىبارىلەردۇر. سۈنئىي سۆز دېگىنىمىز ئومۇمەن قەدىمكى شەكىللىك (تەسۋىرىي) يېزىق تىلىدىكى خاس ئىسىملار (كىشى ئىسىملىرى، مىللەت ۋە يەر ناملىرى) نىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشىتىپ سۈنئىي ھالدا يېڭىدىن ياسالغان سۆزنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە تارىختىكى ئۇ بۇ سۆزلەرنىڭ مەلۇم بوغۇمىنى ئۈزۈۋېلىپ ياكى تەلەپپۇز جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللىۋېلىپ، ئاندىن شۇ ئاساستا يېڭىدىن سۆز ياساش،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاندىن يېگىدىن ياسالغان مۇنداق سۈنئىي سۆزنى «تارىختىكى نام»غا ئايلاندۇرۇشمۇ سۈنئىي سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنىڭ تارىختا ھېچقانداق فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە ئېتىمولوگىيەلىك پاكىت ئاساسى بولمايدۇ، ئۇرۇقى، مەنبەسى ۋە «ئاتا - ئانىسى»مۇ بولمايدۇ، ئارخىپىمۇ بولمايدۇ، مەسىلەن، «ۋۇسۇق»، «قۇم»، «قۇس»، «ئۇرۇن سۇ»، «باخۋان - باقۋان - بارۋان»، «ئۇرۇنسۇ - ئۇرۇڭسۇ»، «ئۆرۈن (ئۇرن)»، «ئۆرۈڭ»، «يۆرۈن»، «يۆرۈڭ»، «ئۇرۇڭ»، «يۇرۇڭ (ئۇرۇن - ئۇرن)»، «ئۇرۇن (ئۇرن، ئۇن)»، «يۇرۇڭسۇ»، «يۇرۇنسۇ»، «ئۇرۇڭسۇ»، «ئۇرنسۇ» دېگەنلەردەك. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى پۈتۈكلەر ۋە ۋەسىقىلەردە مۇنداق ئىبارىلەر ئاقسۇنىڭ نامىرى سۈپىتىدە خاتىرىلەنمىگەن تۇرسا، بۇ ئىبارىلەرنىڭ يېڭىدىن ياسالغانلىقى شۇنداق ئېنىق تۇرمامدۇ! بۇ ئىبارىلەرنىڭ «تارىختىكى سۆز» بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار قەدىمكى پۈتۈكلەر ۋە ۋەسىقىلەردە ئاقسۇنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ۋە ئاقسۇلۇقلار ئىشىراپ قىلغان بولۇشى شەرت. ھالبۇكى بۇ ئىبارىلەرنىڭ ئاقسۇنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىق ئىسپاتى يوق، ئۇلار ھازىرقى زاماندا ياسالغان سۈنئىي ئىبارە. مانا، تارىختىكى «ئەزىزانە ئاقسۇ»نىڭ ھازىرقى كىشىلەر تەرىپىدىن سۈنئىي رەۋىشتە ئەتەي ياسالغان نامىرى! مانا، «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ چىنلىقى بىلەن كىلون ئىبارىلەرنىڭ سۈنئىيلىكى ھەققىدىكى ھەقىقىي ئەھۋال.

ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئاقسۇنىڭ ئاتالمىش «ئەسلىدىكى توغرا ئاتىلىشى»غا دائىر يۇقىرىقىدەك ئىبارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ئانچە ئېرەن قىلمىساقمۇ، لېكىن بىر خەلق تەرىپىدىن زىيالىي سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ئىزدەنمەيلا ئاقسۇنىڭ «تارىختىكى نامىرى» ۋە «توغرا ئاتىلىشى»غا دائىر بولمىغۇر قاراشلارنى كۆتۈرۈپ چىقىشىغا سۈكۈت قىلغىلى بولايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاقسۇنىڭ نەدىكى بىر «تارىختىكى نامىرى»غا دائىر يۇقىرىقىدەك سۈنئىي - كىلون ئىبارىلەرنى قوللاپ ئوتتۇرىغا چىققان قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ يەكۈنلىرىنى ۋاقتىدا تۈزىتىش لازىم ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇنداق بولمىغۇر قاراشلار ھازىرغىچە تۈزىتىلمەيۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاقسۇ (ئونسۇ)نىڭ تارىختىكى رولى ۋە ئورنىنى خەلقىمىز توغرا بىلىشكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇزاقى يىلى بىر دوكتور بۇرادىرىمىز تۈزگەن دەرسلىك كىتابنى تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن كۆرۈپ بەردىم. قارىسام بۇ كىتابتا ئاقسۇ بىرقانچە شەھەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئادەتتىكىسىنىگىمۇ كەينىگە تىزىلىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ كىتابىنى تۈزىتىپ بېرىشكە شەرت قويدۇم. ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا مۇشۇ ماقالىدىكى قاراشلىرىمنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ، جۇملىلەردە شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ نامىنى ئۇلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى بويىچە رەتكە تىزغاندا تۇرپان، قەشقەر، ياركەندىنىڭ كەينىدىنلا ئاقسۇنى تىزىشنى شەرت قىلدىم. قېنى ئېيتىپ باقايلىچۇ، مۇشۇ تۆت شەھەردىن باشقىسىدا موغۇل خاقانلىرى قاچان تۇنەپ باققان! (دوكتور بۇرادىرىمىزمۇ بۇ ئەھۋالدىن قىلچە خەۋىرى يوقلا جۇملىنى شۇنداق تۈزۈپ قويغانلىقىدىن بەكمۇ خىجالەت بولغانلىقىنى بىلدۈردى).

ئەسلىدە ئاقسۇ (ئونسۇ)نىڭ يۇقىرىقىدەك ئاتالمىش «تارىختىكى نامىرى» ۋە ئاقسۇنىڭ «ئەسلىي نامىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى»گە دائىر ماقالىلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا كۆپىيىپ كېتىشى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئەسەرلىرىدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ۋە قارىسىغىلا قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئاقسۇغا دائىر ماقالىلىرىدىكى قاملاشمىغان پىكىرنى كۆرسىتىپ بېرىش ئاقسۇغا ۋە ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ۋە تارىخى ھەققىدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى شەرھلىمىسەك بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئويىبېكتىپ چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايمىز. شۇڭا ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى جەزمەن ئەسلەپ ئۆتۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندا بىز ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ پەقەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگىلا بېغىشلانغان «قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» ناملىق

ماقالىسىنى كۆرۈپ باقايلى[16]. ئۇنىڭدىكى خاتالىقنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر بۇ خاتالىقنى باشتىن - ئاياغ كۆرسەتكىلى تۇرساق ماقالىمىزنىڭ ھەجمى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭغا، «قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى»دىن پەقەت بىرلا مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق بىز بايىقى قارىشىمىزنى ئىسپاتلاپ چىقايلى. «كۇچانىڭ 233 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بولغان يېڭى ئاقسۇ شەھىرى بىتىنخيۇسىدا ‹ئاكساكان› يەنى ‹ئاقسۇغ›، يېڭى زامان جۇڭگو مەنبەلىرىدە ‹ئاقسۇ› دېيىلگەن. ئاقسۇنىڭ ئۆزى ياكى يېنىدىكى سېپىللىرىدىن بىرىنى ‹بارسىغان› دېگەن، جۇڭگو مەنبەلىرىدىمۇ ‹بارسىغان› دېيىلگەن. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياكى ئالدى - كەينىدە جۇڭگو مەنبەلىرىدە ‹بارسىغان› دەپ ئاتالغان بۇ يەر ئەسلىدە ‹بارمان› دەپ ئاتالغان. ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىز ‹ن› ھەرپىنى ‹ر›گە ئۆزگەرتىپ، ‹كۇسەن› سۆزىنى ‹كۇچار›غا، ‹بارمان› سۆزىنى ‹بار - بار›غا ئۆزگەرتىپ ئىشلەتمەكتە». ئەھمەد زەكىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدىن ئەينەن ئۈزۈپ ئېلىنغان بۇ بىر ئابزاس جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق خاتالىقنى دېمەيلا تۇرىمىز. پەقەت تارىخ، ئېتىمولوگىيە ۋە لوگىكا جەھەتتىنلا قارايدىغان بولساق، بىرىنچىدىن، بۇ جۈملىدىكى «يېڭى ئاقسۇ شەھىرى بىتىنخيۇسىدا ‹ئاكساكان› يەنى ‹ئاقسۇغ›» دېگەن ئىبارىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. تارىختا «ئاقسۇ» سۆزى ۋە ئاقسۇ جۇغراپىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئاكساكان»، «ئاقسۇغ» ئىبارىلىرى مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان، پەقەت «ئاسۇق» سۆزىلا مەۋجۇتتۇر، «ئاسۇق» سۆزىنىڭ پەيدا بولغىنىغا توپتوغرا 1300 يىلدەك بولدى. ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى 1883 - يىلى «ئاسۇق» ناملىق يۇرتنىڭ ئورنىغا دىسلەپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي گازارمىسى ۋە قەلئەسى سۈپىتىدە قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، بىز ئاقسۇلۇقلار شۇ سەۋەبلىك بۇ شەھەرنى «ئاسۇق» دەپمۇ ئاتىغانمىز، ھەتتا ھازىرمۇ شۇنداق ئاتاۋاتىمىز. ھېچقاچان «ئاكساكان» ياكى «ئاقسۇغ» دەپ ئاتاپ باقمىغانمىز؛ ئىككىنچىدىن، بۇ جۈملىدىكى «جۇڭگو مەنبەلىرى» دېگەن سۆزنى ئەگەر «خەنزۇچە مەنبەلەر» دەپ چۈشەنسەك، ئۇنداقتا، ئاقسۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە ھېچقاچان «ئاقسۇ» دېيىلمىگەن، «ئاقسۇ» دېيىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، خەنزۇ تىلىدا باشقا مىللەت تىلىدىكى خاس ئىسىملار ئەزەلدىن ئەينەن ترانسكرىپسىيە قىلىنمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاقسۇ خەنزۇ تىلىدا «ئاكېسۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ھەم شۇنداق ئاتىلىدۇ. ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ خەنزۇچە «ئاكېسۇ» دەپ ئاتىلىشى بۇ شەھەرنىڭ مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىل) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق شەھەرگە ئايلانغاندىن كېيىنكى ئىش. ئاقسۇنىڭ خەنزۇ تىلىدا «بارسىغان» دەپ ئاتىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاقسۇ ھېچقاچان تارىختا «بارسىغان» دەپ ئاتىلىپ باقمىغان. بۇ تامامەن ئويدۇرما سۆزدۇر؛ ئۈچىنچىدىن، «14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياكى ئالدى - كەينىدە جۇڭگو مەنبەلىرىدە ‹بارسىغان› دەپ ئاتالغان» دېگەن ئىبارىنىڭمۇ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوق. 14 - ئەسىردە ئەمەس، بەلكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىرلەردە ئەسلىدىكى ئاقسۇ كوناشەھەر «بارمان» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ شەھەر ئاپراسىياپ (ئەفراسىياپ)نىڭ ئوغلى بارمان تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن «بارمان» دەپ ئاتالغان؛ تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «كۇچا» سۆزىنىڭ «ر» بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋىتى يوق، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىدە «كۇچا» سۆزىگە «ر» ھەرپى قوشۇلۇپ «كۇچار» يېزىلىپ قېلىشى ئاپتورلارنىڭ بىپەرۋالىقىدىن بولغان. چۈنكى، «كۇچا» سۆزىنىڭ «ر» بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تىل پاكىتلىرى يوق. پەقەت «شايار» (شەھەرىيار)نىڭلا «ر» بىلەن مۇناسىۋىتى بار. يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلار «بارمان»نىمۇ «بار - بار»غا ئۆزگەرتىپ باقمىغان. بۇمۇ ئوخشاشلا تارىخ ئاساسى يوق ساختا ئىبارىدۇر. ئاپتور ئاقسۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە قىچا چاغلىق بىر نېمە بىلمەي تۇرۇپ خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى بولۇشىغا دەۋەرگەن. ئېيتىپ كەلسەك بۇ ھەقتە تېخىمۇ ھەيران قالغۇدەك «ھېكايە»مۇ بار. بۇ ھېكايىنىڭمۇ ئەھمەد زەكىنىڭ «ئاقسۇ»نىڭ ئېتىمولوگىيەسى

www.uyghurkitap.com



ھەققىدىكى نائىلمىي تەتقىقات مېتودىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك قىممىتى بار بولغاچقا، بىز بۇ «ھېكايە»نىمۇ ۋاراقلاپ بېقىشنى زۆرۈر تاپتۇق. «ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ تارىختىكى نامىلىرى» ناملىق[17] ۋە «تارىختىكى ‹ئۇنسۇ›»[18] ناملىق ماقالىدە: «ئاقسۇ كونا شەھەرنى تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) ‹ئون سۇ› دېگەن بولسا، جۇڭگو مەنبەلىرى بۇ سۆزنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ‹ۋېنسۇ› دەپ خاتىرىگە ئالغان» دېگەن جۈملە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋە بۇ نەقىل ئەھمەد زەكىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى يېزىلغان. بىرىنچى ماقالىدە بۇ ئۆزلۈندە ئەھمەد زەكىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى»نىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن؛ ئىككىنچى ماقالىدە بولسا بۇ ئۆزلۈندە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1948 - يىلقى ساندا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. ئەپسۇسكى، بىز تەكشۈرۈپ كۆرسەك ئەھمەد زەكىنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»دىكى نۇسخىسىدا مۇنداق ئۆزلۈندە يوق بولۇپ چىقتى. شۇڭا بۇنىڭدىكى سەۋەبنى ئېنىقلاش كېرەك. مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قەدىمكى كىتابلاردىمۇ مۇنداق سۆز قوللىنىلمىغان. ئۇ تارىخ كىتابلىرىدا قوللىنىلمىغان ئىكەن، سۇنئىي ئۇسۇلدا ياسالغانلىقى ئېنىق. گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا «ئون» ۋە «سۇ» (سۇب - سۇۋ) سۆزلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىپ ياكى ياسىلىپ، ئاندىن تارىختا مۇنداق ئىبارىنىڭ ئاقسۇنىڭ جۇغراپىيەسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ھالدا يەر نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. دېمەك، ئەھمەد زەكىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدىكى بىر مۇنچىلىغان ئىبارىلەرنىڭ قىلچىمۇ پاكىت ئاساسى يوق، ئەكسىچە پۈتۈنلەي سۇنئىي رەۋىشتە ياساپ چىقىلغان ئىبارىلەردۇر. ئۇنىڭ بۇ ئىبارىلىرىنىڭ يۇقىرىقى سۇنئىي - كىلون ئىبارىلەردىن قىلچىمۇ پەرقى يوق. دېمەك، ئاقسۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يۇقىرىقىدەك سۇنئىي ئىبارىلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە مۇنداق ياسالما ئىبارىلەرنىڭ ئاقسۇنىڭ «تارىختىكى نامىلىرى»غا ئايلىنىپ قېلىشى تامامەن ئەھمەد زەكىچە تەپەككۇر قىلىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئاقسۇ (ئۇنسۇ) شەھىرى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئامان قالغان كىشىلەر پېتىراپ كەتمەستىن، بەلكى كەلكۈن تىنىشىغىلا شەھەرنى ئەسلىي ئورنىغا قايتىدىن قۇرۇپ ئاۋاتلاشتۇرغان. ئەمما، سۇخەنچى پۇرسەتپەرەس مىرزا ئەبابەكىر تەرىپىدىن لەشكىرىي كۈچ ئارقىلىق ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئۇنسۇ شەھىرى ئون نەچچە يىل خارابىلىك ھالىتىدە تۇرغان. شۇڭا، ئىنس - جىن قالمىغان بۇ ئادەمسىز شەھەر كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەردەۋىل» سۆزى بىلەن تەسۋىرلەنگەن ۋە بۇ سۆز رىۋايەت سۈپىتىدە تارقالغان. بۇنىڭ مەنىسى «خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن شەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئەردەۋىل» دېگەن سۆز «ئېر» (ئىنسان)، «دىۋ» (دىۋە)، «- ئىل» (تۇرلەنمە) دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆز بولۇپ، شەھەرنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئادەمسىز قالغانلىقىنى تەسۋىرلەش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاقسۇ (ئۇنسۇ)نىڭ نامى ئەمەس، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ نامى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت ئاشۇ چاغدىكى بىر قېتىملىق خارابىلىكنى تەسۋىرلەش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان سۈپەتتۇر، مۇنداق ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولالمىغان بىر ئادەتتىكى سۈپەت سۆزىنى «ئاقسۇ» سۆزى بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇش ياكى ئۇنى يەر نامى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش زادى ئىلمىيلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، شاھ مەھمۇد جوراس، موللا مىرسالىھ قەشقەرى، ئەبۇ مەنسۇر، موللا مۇسا سارامى، موللا بىلال نازىمى قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە «ئەردەۋىل» سۆزى قوللىنىلمىغان. ئاقسۇلۇقلارمۇ «ئەردەۋىل» سۆزىنى ئاقسۇنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە ئۇنى يەر نامى سۈپىتىدە قوللانمىغان. دەرۋەقە موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاراش تەرىپىدىن 1818 - يىللىرى يېزىلغان (بەزىلەر 1830 - يىللىرى يېزىلغان دەپ قارايدۇ) «تەزكىرەتۇلئېرشاد» (بۇ كىتابنىڭ نامى ھەر خىل كىشىلەر تەرىپىدىن ھەر

خىل يېزىلغان) ناملىق تەزكىرىدە «ئەردەۋىل» سۆزى بىر رىۋايەت سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر رىۋايەت، بۇ رىۋايەتتىكى «ئەردەۋىل» سۆزى ئاقسۇنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى ئاقسۇلۇقلار، جۈملىدىن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، شاھ مەھمۇد جوراس، موللا مىرسالىھ قەشقەرى، ئەبۇ مەنسۇر، موللا مۇسا سارامى، موللا بىلال نازىمى قاتارلىق تارىخچىلار بۇ سۆزنىڭ ئاقسۇنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ[19].

دېمەك، ئاتالمىش «ئاقسۇنىڭ تارىختىكى ناملىرى» دېيىلگەن يۇقىرىدىكى بىر مۇنچىلىغان سۈنئىي ئىبارىلەردىن ناھايىتى روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇقكى، بىزنىڭ قەلەمكەشلىرىمىز ئاقسۇنىڭ تارىخى ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ لېكسىكولوگىيە تىپىدىكى پەن قاتارىغا كىرىدىغان ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ تەلىپى ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدەنمەيلا قەلەم تەۋرەتكەن. ئەمدى «ئاقسۇ» خالىغانچە نۇسخىلانسا بولمايدۇ، ئۇ شىنجاڭدىكى قەدىمكى نام! ئۇ پەيدا بولغان 800 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئاقسۇلۇقلارنىڭ دەستۇرى ۋە مەشئىلىگە ئايلىنىپ كەتكەن مۇنەۋۋەر كىملىك. شۇڭا ئاقسۇغا خالىغانچە نام بېرىش خاھىشى ئەمدى توختىشى كېرەك! مۇھەررىرلەرمۇ «ئىشىك»نى ھىم ئېتىشى كېرەك!

ھۆرمەتلىك غالىب، مەن سىزنىڭ ئەڭ قىزغىن ئوقۇرمىنىڭىزنىڭ بىرى. ناۋادا ئېتىمولوگىيە ئىلمىگە سىزگە ئوخشاش ئۆزىنى ھەقىقىي بېغىشلىغان تەتقىقاتچىلار 1980 ـ يىللىرىلا مەيدانغا كەلگەن بولسا ئىدى، ھېلىقىدەك كىلون ئىبارىلەر ياسىلىپ چىقالمىغان بولاتتى؛ «ئەردەۋىل»گە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ مەنىسىمۇ توغرا مۇتالىئە قىلىنغان ۋە ئىلمىي شەرھلەنگەن بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن مەن سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزگە ئىزچىل تولۇق دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن ۋە يىغىپ ساقلاۋاتىمەن. دېمەكچىمەنكى، سىزنى ئۇيغۇر يەر ناملىرى تەتقىقاتىنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئىزدەنگۈچىسى دەپ قارايمەن. دېمەك، مۇشۇنداق سەۋەبتىن كىتابىڭىزدىكى «ئەردەۋىل» سۆزى ھەققىدە بىلگەنلىرىمنى سىز بىلەن ئورتاقلىشىپ بېقىشنى ئورۇنلۇق ھېسابلىدىم («ئەردەۋىل» سۆزى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ««ئەردەۋىل› سۆزىنىڭ باش ـ ئاخىرى» ناملىق ماقالەمدە شەرھلىگەن بولغاچقا بۇ يەردە قىسارتىۋەتتىم). مۇبادا مۇشۇ ھەقتە سىزنىڭ بىلگەنلىرىڭىز بولسا، ئۇنىمۇ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى. چۈنكى، ئاقسۇنىڭ تارىخىنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىز ۋە ماڭا ئوخشاشلارنىڭ ئىلمىي بۇرچى بولۇشى كېرەك.

## ئىزاھلار


[1] «ئەخلاق دەستۇرى» (ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان)[M]، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2011 ـ يىل 1 ـ بېسىلىشى، 501 ـ 502 ـ بەت

[2] ئا.ن.كىروپاتكىن[رۇسىيە]: «قەشقەرىيە»[M]، شىنجاڭ خەلق ناشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 37 ـ بەت

[3] يۈ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭ يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈش تارىخى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت

[4] ئىمىر غىياس: «ئونسۇنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي ناملىرى»[J] ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»ژۇرنىلى2011 ـ يىللىق 11 ـ سان.

[5] ««ئاقسۇ› ۋە ‹ئونسۇ› دېگەن يەر ناملىرى توغرىسىدا»[J] ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2004 ـ يىللىق 1 ـ سان.

[6] «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى[J] 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان

[7] «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى[J] 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان

[8] پائول پېللىئوت «كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى ناملىرى»[J] ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىللىق 1ـ سان

[9] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» [J]، 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان

[10]«ئاقسۇ گېزىتى»[N] نىڭ 1990 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىكى سانلىرى.

[11] «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M] ، 1 ـ توم، 41 ـ بەت؛ 3 ـ توم، 503 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[12] [13]مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل1 ـ نەشرى، 47 ـ بەت، 50 ـ بەت

[14] «تارىخى رەشىدىي»[M]، 788 — 794 ـ بەتلەر

[15] «تارىخى رەشىدىي»[M]، 167 — 300 ـ ، 712 — 862 ـ بەتلەر

[16] ئۆمەرجان نۇرى نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى»[J]، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان،

[17] «شىنجاڭ تەزكىرىسى»[J]، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان

[18] «شىنجاڭ تەزكىرىسى» [J]، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان

[19] «ئەردەۋىل، سۆزنىڭ باش ـ ئاخىرى»[J]، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2015 ـ يىللىق 4 ـ سان.

## پايدىلانمىلار

1. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

2. مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، بىرىنچى توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل1 ـ نەشرى، 40 ـ بەت؛ ئۈچىنچى توم، 1984 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 204 ـ ، 503 ـ بەتلەر.

3. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 2 ـ نەشرى، 188 ـ ، 121 ـ 123 ـ ، 459 ـ بەتلەر.

4. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 33 ـ بەت.

5. ئا.ن.كىروپاتكىن[رۇسىيە]: «قەشقەرىيە»[M]، شىنجاڭ خەلق ناشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 37 ـ ، 277 ـ ، 384 ـ بەتلەر.

6. يۈ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭ يەرناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈش تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىل 8 ـ ئاي 2 ـ نەشرى، 58 — 60 ـ ، 193 ـ بەتلەر.

7. شيې يۈجۈڭ: «يەر ناملىرى ئارىسىدىكى شىنجاڭ»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 160 ـ ، 164 ـ بەتلەر.

8. بەن گۇ: «خەننامە»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 3 ـ ، 916 ـ ، 946 ـ بەتلەر.

9. ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان: «ئەخلاق دەستۇرى»[M]، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2011 ـ يىل 1 ـ بېسىلىشى، 501 — 502 ـ بەت.

10. فېڭ جىۋېن، تۇردى ناسىر، لى چۈنخۇا، خې لىڭ، شى شاۋچى قاتارلىقلار تۈزگەن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى لۇغىتى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 10 ـ ئاي 3 ـ باسمىسى، 382 ـ ، 383 ـ بەتلەر.

11. «بۇلاق» مەجمۇئەسى(2) [J]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 221 — 333 ـ بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

37 ـ يىللىق 2 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 37 卷第 2 期
2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2016 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 123 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# يازما مەنبەلەردىن قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ياللىنىش ئەھۋاللىرىغا نەزەر*

ئىسرائىل مۇتىللا

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830002)

قىسقىچە مەزمۇنى: 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر توپى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مەلۇم مەھسۇلاتنى پۈتتۈرۈش جەريانىدا پۈتۈشۈش ئارقىلىق ياللىنىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. چوڭراق بولغان ھۈنەر ئورۇنلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ قامال (مونوپول) ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا ياللىنىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرىدىغان ئەركىن ياللانما توپمۇ بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ ۋە ئوتتۇرا ھال، ئۇششاق يەر ئىگىلىرىمۇ ياللانغۇچىلارغا تايىنىپ ئۆز ئىقتىسادىنى ياراتقان. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بەزى مەلۇماتلار بار بولۇپ، بۇ ماقالىدە مۇشۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا شۇ ۋاقىتتىكى ياللانغۇچىلار بىلەن ياللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن شۇ دەۋر جەمئىيەت ئەھۋالى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارغا ئېرىشىمىز.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: قاراخانىيلار؛ ياللىنىش؛ ياللاش؛ ئىش ھەققى

**摘要**：在十，十一世纪封建社会制度下的维吾尔社会里出现过从事各种手艺的一些人，这些手艺人在制作某些产品过程中同雇主之间形成了雇佣和被雇佣的关系。已出现了在比较大的手艺场所和统治者的垄断生产之地通过被雇佣维持生计的群体，此外，大中小地主也依靠被雇佣的人创造了自己的 经济。关于这些方面在《突厥语大辞典》也有一些记载。本文通过分析这些记载因而了解 当时的社会情况方面进行了一些尝试。

**关键词**:喀拉汗国；雇佣；被雇佣；报酬

**Abstract:** During 10th to 11th century, there were some craftsmen who had been hired in the process of manufacturing in Uyghur feudal society. The industry was monopolized and landowners created their own economy relying on those craftsmen. By analyzing these recordings from related written materials, this paper tries to explore the social condition of that age.

**Keywords**: hire; being hired; wage

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K294 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ياللىنىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

قاراخانىيلار ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مەلۇم نىسبەتتە تەرەققىي قىلغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق شۇ دەۋر جەمئىيىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ يەرسىز ئەركىن دېھقانلارنىڭ پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئورۇنلىرىدا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەر بارلىققا كەلگەن. مەلۇم ھۈنەر ۋە تېخنىكىغا ئىگە كىشىلەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئورۇنلىرىدا مۇئەييەن مۆھلەت ئىچىدە ياللىنىپ ئىشلىسە، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكتىن خەۋەردار كىشىلەر ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان فېئوداللار ئۈچۈن ئىشلىگەن. تېرىيدىغان ھېچقانداق يېرى ۋە ھۈنىرى يوق كىشىلەر قارا كۈچىنى چىقىرىش ئارقىلىق ھايات پائالىيىتىنى داۋام ئېتتىشكەن. 10 ـ ۋە 11 ـ

*بۇ ماقالە 2015ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئىسرائىل مۇتىللا(1976 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەلۇم كەسىپنى بىرلىك قىلغان ئائىلىلەرنىڭ يەككە ۋە ياكى بىرلىشىش شەكلىدە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىن ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭىچە يولغا كىرىپ، بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئاددىي ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن، كۆتۈرە ئېلىپ ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا، شۇنداقلا توپ ساتقۇچىلارغا ئايلىنىش نەتىجىسىدە ھۈنەرۋەنچىلىك ئائىلىدىن بالىغا ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن مەلۇم كۆلەمدە شاگىرت ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياللاش شەكلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تەرەققىي قىلغان. ھۈنەر كەسىپلەرنىڭ شەھەرلەرگە توپلىنىشى تۇرمۇش جەھەتتە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەچ، قىشلاق ۋە يېزا تۇرمۇشىدىكى ھۈنەرۋەنلەر بازارغا يۈزلىنىپلا قالماي، يەنە بەزى كىشىلەر تۇرمۇش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن مۇشۇ ھۈنەرۋەنچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن شەھەر بازارلارغا توپلىنىپ، ھۈنەرۋەنچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ ئادەمگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. ھۈنەرخانىلار مۇئەييەن مۆھلەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋە مال تاپشۇرۇشنى تاماملاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ شارائىتى يار بەرمىگەن ئەھۋالدا، ئاۋۋال بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ھاۋالە قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەلىكىلىك ئۇستىكارلارنىڭ ياردىمى ۋە نازارىتى ئاستىدا ئادەم ياللاش ئارقىلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان. بۇ خىل ھالەت ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش سورۇنلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ياللىنىش ئارقىلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايدىغان بىر توپمۇ بارلىققا كەلگەن.

فېئوداللارنىڭ يەرلىرىمۇ ياللىنىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 9 - ئەسىردىن باشلاپ، قاراخانىيلار باشقۇرغان بارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئېكتا تۈزۈمى كەڭ يولغا قويۇلغان. بۇ تۈزۈم بويىچە، فېئوداللار ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىدىغان مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغا ئۇلارنىڭ ئەمگەك ھەققى سۈپىتىدە شەرتلىك ھالدا يەر بۆلۈپ بېرەتتى. بۇنداق تۈزۈم، يەنى خىزمەت ئۈچۈن يەر ئىنئام قىلىش قاراخانىيلاردىن بۇرۇنمۇ بۇ رايوندا مەۋجۇت ئىدى. ئەمما قاراخانىيلار يۇرت سوراشقا باشلىغاندىن كېيىن، بۇ تۈزۈم ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى»[1]. ئېكتا تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە ئەمەلدارلار بۇ يەرلەرنى تېرىيدىغان ۋە مال - مۈلۈك، ئۆي - جايلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېھتىياجلىق بولدى. بۇ ئەھۋال يەرسىز دېھقانلارنى ياللىنىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت ياشاش يولىغا باغلىۋەتتى. بۇ خىل ئەھۋال چوڭ فېئودallاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا كىچىك فېئوداللار ۋە يەر ئىگىلىرىدىمۇ كۆرۈلدى. 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئىنئام قىلىنغان نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك يەرلەرگە بۆلۈندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شەخسلەرنىڭمۇ يەرلىرى بار ئىدى. غەربىي يۇرت دائىرىسىدە فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرسىز دېھقانلارغا يەرنى ئىجارە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش شەكلىمۇ بار ئىدى. بۇنداق يەرلەرنى جازانىخورلار، سودىگەرلەر ۋە باشقىلار ئىجارىگە بېرەتتى. بۇنداق ئادەملەر چوڭراق فېئوداللارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئالاتتى، ئۇ يەرنى يەرسىز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى[2]. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، چوڭ فېئوداللار ئالدى بىلەن، مەلۇم ئىقتىسادىي كۈچى بار تەبىقىلەرگە يېرىنى ھاۋالە قىلىشقان. چوڭ فېئوداللارنىڭ يېرىنى كۆتۈرە ئالغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك فېئوداللار ۋە سودىگەرلەر ئۆزلىرىگە مەلۇم مەنپەئەت بېرىش شەرتى بىلەن دېھقانلار ۋە يەرسىز ياللانما دېھقانلارغا قايتا كۆتۈرە بېرىپ، ئارىدىن پايدا ئېلىشقان. بۇ خىل ئەھۋال قاراخانىيلاردىن باشقا يەنە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، چوڭ فېئوداللاردىن ئالدى بىلەن يەر كۆتۈرە ئالىدىغان سودىگەرلەر تەبىقىسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم سودىگەرلەر سودا ۋە جازانىخورلۇقتىن ئىبارەت

قوش پايدا يارىتىش يولى ئارقىلىق بايلىق توپلىغان. «سودىگەرلەر بەزىدە ئوخشاش ۋاقىتتا ئىچىدە تىجارەتتىن باشقا، جازانىخورلۇق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، قەرزگە پۇل بېرەتتى، ئېھتىياجلىق بولغان ئادەملەرگە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى بېرەتتى. يەر ۋە ئەمگەك سايمانلىرىنىڭ ئىگىسى سۈپىتىدىمۇ تاللاپ ئادەم ئىشلەتكۈچىلەر سۈپىتىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ئۇيغۇر ئېلىدە گەرچە ئەركىن دېھقان بولسىمۇ، لېكىن تېرىلغۇ يېرى بولمىسا، ئۇ يەر ئىگىسىدىن يەرنى ئىجارە ئېلىپ تېرىيدۇ ياكى شۇ يەر ئىگىسىگە ياللىنىپ ئىشلەيدۇ، ئىشقا كىرىشتىن ئاۋۋال قانچىلىك ئىش ھەققى بېرىش توغرىسىدا كېلىشىدۇ. دۆلەتتىن ئىجارە يەر ئېلىپ تېرىيدىغان دېھقانلار «قالانچى»دەپ ئاتالغان»[3]. بۇ مەلۇماتتىن سودىگەرلەرگە ياللىنىپ ئىشلەيدىغان ۋە يەر تېرىيدىغان كىشىلەرنىڭ مەلۇم توختام ياكى كېلىشىم ئارقىلىق پۈتۈشۈپ بولۇپ، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھەمدە سودىگەرلەرنى ۋاستە قىلماي بىۋاسىتە ھالدا دۆلەتنىڭ يەرلىرىنى كۆتۈرە ئېلىپ تېرىيدىغانلارنىڭ «قالانچى» دەپ مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. يەر تېرىشتىن باشقا يەنە، چارۋىچىلارمۇ ياللىنىپ ئىشلەيدىغانلار تەرىپىدىن بېقىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغان.

## 2. ياللىنىشنىڭ چېتىلىش دائىرىسى

شۇ دەۋرلەردە، يازما مەلۇماتلاردا تىلغا ئېلىنغان ياللىنىشقا ئائىت ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، ياللانغۇچىلارنى ئىنچىكە ئايرىغاندا مەلىكىلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياللانغۇچىلار ۋە قارا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياللانغۇچىلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. ياللاش ـ ياللىنىش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كۆزەتچىلىك، ئەسكەرلىك قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلغان.

**1) قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئالاقىدار ياللاش ـ ياللىنىش**

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەلۇماتلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(تۆۋەندە «دىۋان»دەپلا ئېلىنىدۇ)تە بىر قەدەر تەپسىلىي تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ھۈنەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش، سودا، ھەربىي يۈرۈش پائالىيەتلىرىدە ياللانغۇچىلارنىڭ سىيماسى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بايانلارنى رەتلەپ ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالغىنىمىزدا بەزى تەپسىلىي مەلۇماتلار نامايان بولىدۇ. مەيلى قارا ئىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرۈشكە ئائىت سۆزلۈكلەر، ھۈنەر ـ كەسپلەردىكى ياللىنىشقا ئائىت بايانلار، سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەر، ھەرخىل توقۇنۇش ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر ۋە مۇشۇ پائالىيەتلەر داۋامىدىكى ئىش ھەققىگە ئائىت ئۇچۇرلار بولسۇن، ياللىنىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرىدىغان بىر توپنىڭ ئىنتايىن كەڭرى ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «دىۋان»دا ھۈنەر ۋە ئىشلەشكە ئائىت نۇرغۇنلىغان بايانلار ئۆز نۆۋىتىدە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ياكى ياللاش، ياللىنىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى پائالىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن.

«دىۋان»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، ھەرقانداق كىشى (ھۈنەرۋەن) ياكى قارا ئىشچى بولسۇن مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ھاجىتىنىڭ چۈشۈشىنى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك يولىدىكى ۋاستە دەپ قاراشقان. بەزى كەسىپتىكى ھۈنەرۋەنلەرگە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بەكلا چۈشكەچ، ئىش ئىزدەش بۇ كىشىلەر ئۈچۈن ئانچە زورۇقىدىغان ئىش ھېسابلانمىغان. كۈنلۈك ئىش تېپىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىش ئىزدەش شۇ كۈنلۈك پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلانغان. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارغا ئېھتىياجلىق كىشىلەرمۇ ئۆز ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش يولىدا ئۆز كىشى (ھۈنەرۋەن) بىلەن بولغان ئالاقىدە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغان. «دىۋان»دىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ياللىنىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرىدىغان توپ بىلەن ياللاش ئارقىلىق ئۆز ھاجىتىنى

www.uyghurkitap.com



پۈتتۈرىدىغان يەنە بىر تۈپنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بايانلار مەلۇم بولىدۇ. كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىش ئىزدەۋاتقان كىشىدىن خەۋەر بېرىپ كەلگەن مۇنداق بىر بايان بۇ ھەقتە بىزگە دەسلەپكى چۈشەنچە بېرىدۇ. «irtədi. ئىزدىدى. ئەر ئىشىغ ئىرتەدى - ئادەم ئىشىنى ئىزدىدى، يەنى ئىشىنىڭ كەينىگە چۈشتى»[4]. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۈنلۈك ئىشلەمچىلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرمۇ ئىش ئىزدەيدىغان كىشىلەر بىلەن دەسلەپكى پۈتۈشۈشنى قولغا كەلتۈرگەن. «taplattïm. ئۇناتتىم، رازى قىلدۇردۇم، مەن ئانى بۇ ئىشقا تاپلاتتىم - مەن ئۇنى بۇ ئىشقا ئۇناتتىم»[5] دېيىلگىنى دەل ئىشقا سالماقچى ياكى ياللىماقچى بولغان كىشىنىڭ ھۈنەرۋەن ياكى ئىشچى بىلەن پۈتۈشۈشنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

خانلىقنىڭ يەرلىرى ۋە خانلىققا مۇناسىۋەتلىك ھۈنەر - كەسىپ ئورۇنلىرىمۇ ئۇستىكارلاردىن باشقا، يەنە ياردەملىشىپ ئىشلەيدىغان ياللانما خادىملارغا ئېھتىياجلىق بولغان. يېزا - قىشلاق تۇرمۇشىدىكى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز كىشىلەر كۆپ ھاللاردا باشقىلارغا ياللىنىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىغان. بەگلەر، ھۈنەركاسىپخانىلاردىكى ياللانمىلارغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ۋە يەرسىز كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ياللاش ۋە ياللىنىش ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تۆمۈرچىلىك، توقۇمىچىلىق، ياغاچچىلىق، كۇلالچىلىق قاتارلىق تەرەپلەردە ياللىنىپ ئىشلىگۈچىلەر بارلىققا كەلگەن. مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىن تۆمۈرچىلىك ۋە توقۇمىچىلىقتىكى ياللىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «toqïttï. توقۇتتى؛ سوقتۇردى، ئۇردۇردى، قاقتۇردى. ئول بۆز توقىتتى - ئۇ بۆز توقۇتتى. ئول قىلىچ توقىتتى - ئۇ قىلىچ سوقتۇردى. پىچاق سوقتۇرۇشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[6] دېيىلگىنى ھۈنەرۋەنلەردىن باشقا يەنە توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە قورال ياسايدىغان چوڭ ئۇستىلارغا ياللىنىپ تۇرۇپ كۈن كەچۈرىدىغانلارنىڭ پائالىيىتىدىنمۇ خەۋەر بېرىپ كېلىدۇ.

**2) ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار ياللاش - ياللىنىش**

«دىۋان»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، شۇ دەۋرلەردە ياللاش - ياللىنىش ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيەگىمۇ چېتىلغان. بەزى ۋاقىتلاردا ھەرقايسى خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلارمۇ بىر تۈركۈم ياللانغۇچىلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇرۇشقا لازىم بولغان قوراللارنى تېز سۈرئەتتە سانى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ تەييار قىلىش ئۈچۈن ياللانما ئۇستىلارغا ئېھتىياجلىق بولغان. «شۈبھىسىزكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە قورال ياراق تەييارلايدىغان ئۇستىلار مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. سۈپەتلىك قىلىچ، نەيزە، ئوقيا كۆپ مىقداردا لازىم بولۇپ تۇردى. دېمەك تۈرلۈك قورال - ياراغلارنى سوقۇشقا، لازىمەتلىك بويۇملارنى دائىملىق ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كەلدى. ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوقيا كىرىپچى تەييارلايدىغان ئۇستىلارنى ياللاپ ئەكېلىپ تۇرغان»[7] بۇ ھەقتە «دىۋان»دا مۇنداق توختىلىدۇ: « yüklətti. پەيلەتتى. پەي قاداتقۇزدى. ئول ئوق يۈكلەتتى - ئۇ ئوق پەيلەتتى، يەنى ئۇ ئوققا پەي بېكىتتۈردى»[8]. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ دەۋرلەردە يەنە خانلىقمۇ ئەركىن ئەمما يەرسىز كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەر خانلىقنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى ئەسكەر مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. «bitilgən. پۈتۈلىدىغان. بۇ ئەر سۈگە بىتىلگەن، ئول - بۇ ئەسكەرلىككە پۈتۈلۈپ (يېزىلىپ) تۇرىدىغان ئادەم»[9] دېيىلگەن ھاكىمىيەت ئېھتىياجلىق بولغان شارائىتتا چاقىرىق بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىختىيارلىقى بويىچە ئىش ھەققى ئۈچۈن ئەسكەرلىككە ياللىنىشقا ئادەتلەنگەن بىر كىشىنىڭ پائالىيىتىدىن ئۇچۇر بەرگەن.

**3) ئوۋچىلىققا ئالاقىدار ياللاش - ياللىنىش**

شۇ دەۋرلەردە ئوۋچىلارغا ھاۋالە ئارقىلىق ياكى ئۇلارنى ياللاش ئارقىلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىتىش ئىشلىرى ھەققىدە «دىۋان»دا مەلۇمات بار. ئوۋچىلار كوللېكتىپ ۋە ھەمكارلىشىپ ئوۋچىلىق قىلىشتىن باشقا يەنە ئۆز ئالدىغىمۇ ئوۋچىلىق قىلىپ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامدايدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئوۋ ئوۋلاپ قىممەت يارىتىدۇ. «دىۋان»دا بۇ

توغرىسىدا «avlandï. ئوۋلىدى، ئوۋ قىلدى. ئەر ئۆزىگە ئاۋلاندى - ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئوۋ قىلدى»[10] دېگەن باياندىن شۇ دەۋردە ئوۋچىلار ئۆزلىرى يەككە ئوۋچىلىقتا چىقىشمۇ بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزلىرى ئۈچۈن بولۇشى ناتايىنلىقى، بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئوۋغا چىقىپ، ھاۋالە بويىچە ئوۋلىغان غەنىيمەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ، مەلۇم قىممەتتىكى نەرسە ياكى پۇلغا تېگىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «دىۋان»دا بۇنى تېخىمۇ دەلىللەپ «avlattï . ئوۋلاتتى، ئول ماڭا ئېۋىق ئاۋلاتتى - ئۇ ماڭا تاغ ئۆچكىسى ئوۋلاتتى»[11] دېيىلگىنى دەل باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئېلىپ بارغان ئوۋچىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ئوۋچىلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان باياندۇر.

### 4) دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە ئالاقىدار ياللاش - ياللىنىش

شۇ دەۋرلەردە باغ، قورغان، كېچىك، ئۆي قاتارلىق جايلارغا ئىگە كىشىلەر ۋە ھەقدارلار ئۆزى قاراشقا يېتىشەلمىگەن ئەھۋالدا ئادەم ياللاش ئارقىلىق ئۆز مۈلكىنى قوغدىغان. «baqïttï’ باقتۇردى، قاراتتى. ئول ئانى ئەۋدىن باقتتى - ئۇ ئۇنى ئۆيدىن باقتۇردى، قاراتقۇزدى. ھەر قانداق ئادەم باشقا بىرسىنى بىر ئورۇنغا قاراتىسىمۇ (قارىتىپ باقسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ» [12]. بۇ خىل ياللاش ئادەتتە ئۇزۇن مەزگىللىك ياللاش ئارقىلىق ئورۇندالغان. ئۇزۇن مەزگىل ياللاش ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن يەنە مۇنۇلار تىلغا ئېلىنىدۇ. «qïxlattï. قىشلاتتى. ئول ئانى ئەۋىندە قىشلاتتى - ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىدە قىشلاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بىر كىم بىر نەرسىنى (قىش ئۆتكۈچە) ھۆددىگە ئالسا ۋە ساقلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[13].

فېئودال بەگلەر ئىگىلىگەن يەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلى مۇشۇ يەرلەرنى باشقۇرىدىغان ۋە قارايدىغان، تېرىيدىغان كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان. قارا ئىش قىلغۇچىلارمۇ ياللىنىش جەريانىدا پۈتۈم بويىچە ئىشلىگەن ۋە ئىش ھەققى ئېلىشقان. ئىش تېپىپ ياشاش يولىدا ياللانغۇچىلار تىنىمسىز ھالدا ئىش ئىزدەشكەن. ئۇلار قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ ۋاقتى ئىش قىلدۇرغۇچىنىڭ تەلىپى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بەزىدە قىسقا ۋاقىتتا، يەنە بەزىدە ئۇزۇن مەزگىلدە تامام بولغان. قىسقا مۆھلەتلىك ئىش توغرىسىدا «künlük. كۈنلۈك. كۈن ھېسابى بىلەن قىلىنىدىغان ئىش»[14] دەپ توختالغان. بۇنداق كىشىلەر «tərqi. كۈنلۈكچى مەدىكار»[15] دەپ ئاتالغان. بەزى ئىشلار كۈنلۈك ھېساب بويىچە ھېسابلىنىپ ئىش ھەققى ئېلىنغان. ۋاقتى ئۇزۇنراق ئىشلار كۆپىنچە كۆتۈرە شەكلىدە ئالدىن سۆزلىشىپ، ھەق پۇل ياكى باشقا بۇيۇملار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا كېلىشكەن. بۇ خىل كىشىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «maraz، مەدىكار، كۈنلۈكچى. بۇ سۆز ئارغۇ ۋە ياغما تىللىرىدا ‹خىيار ماراز› دېيىلىدۇ» [16] دەپ ئاتالغان.

قارا ئىش قىلغۇچىلارنى ياللاش ئىشلىرى ئۆي قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائات ئىشلىرى ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا يۇقىرى پەللىگە چىققان. يەر ۋە باغ ئىگىلىرى تېرىش، يىغىش ئىشلىرىدا كۆپىنچە ياللانما ئەمگەك كۈچلىرىگە تايانغان، بۇ خىل ياللاش كۆپىنچە ئۇزۇن مەزگىللىك ياللاش ئارقىلىق خۇلاسىلەنگەن. بۇ خىل ياللاش ئىشلىرىمۇ «ئىش» سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن. «ixlətti. ئىشلەتتى. ئىشقا سالدى. ئول ئاڭار ئىش ئىشلەتتى»[17]، «qïlturdi. قىلدۇردى. ئول ئاڭار ئىش قىلتۇردى-ئۇ ئۇنىڭغا ئىش قىلدۇردى» [18] دېگەندەك. بەزىدە ئالدىراش ۋاقىتلاردا ئىگىلىكنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك، باشقىلارنى ياللاش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرمۇ باشقىلارنى ۋاقىتلىق ياللىغان. «دىۋان» دىكى بايانلارغا قارىغاندا چوڭ كىشىلەردىن باشقا يەنە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن كىچىك بالىلارمۇ بۇ توپقا قوشۇلۇشقان. بۇ ھەقتە «bala. مەدىكار، ياردەمچى. ئادەمنىڭ ئىشلىرىدا كۆپىنچە تېرىقچىلىقتا ياردەملەشكۈچى بالا»[19] دېگەن مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. دېھقانچىلىقتا ياللاش ئىشلىرى يەرنى تۈزلەش، «tüzüldi. تۈزلەندى، تەكشىلەندى؛ ئوڭشالدى. يەر تۈزۈلدى - يەر تۈزلەندى. ئىش تۈزۈلدى- ئىش تۈزەلدى، ئوڭشالدى»[20]، «tüzlündi. تۈزلەندى. تۈزلەندى. tüzlündiyər– تۈزلەندى يەر. باشقىلاردىمۇ شۇنداق» [21]، چىڭداش ھەققىدە بولسا، «iglətti. چىڭداتتى. ئول ئاڭار يېر ئىگلەتتى - ئۇ ئاڭا يەر چىڭداتتى» [22]، يەر ھەيدىتىش توغرىسىدا. «qïrturdi.

قىردۇردى. ئول ئاگار يەر قىرتۇردى ـ ئۇ ئۇنىڭغا يەر قىردۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق»[23]، ئېتىزغا سۇ كېلىدىغان ئېرىق ئۆستەڭلەرنى قازدۇرۇش ياكى ئېرىقنى راۋانلاشتۇرۇش «qazturdï. قازدۇردى. كولاتتى. ئول ئاگار قازاغ قازتۇردى ـ ئۇ ئۇنىڭغا ئۆستەڭ قازدۇردى»[24] دېگەن بايانلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدىمۇ ياللاش ئارقىلىق مەھسۇلاتنىڭ ۋاقتىدا يىغىۋېلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان. «sïqman. سىقىم ۋاقتى، كۆز كۈنلىرى ئۈزۈم سىقىلىدىغان چاغ.»[25] دېيىلگىنىگە قارىغاندا، ئۈزۈم سىقىش مەزگىلى ھەتتا كالېندارىدىكى ۋاقىتنى پەرقلەندۈرۈشتە قوللىنىدىغان ئالاھىدە نام بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۈزۈمنى سىقىش ھەققىدە «sïqïldï . سىقىلدى. ئۈزۈم سىقىلدى» [26] دېگەن مەلۇمات دەل كۈز كۈنلىرىدىكى ئۈزۈم سىقىش پائالىيىتىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. باغ ئىگىلىرى ۋە ھۆل ئۈزۈمدىن ھەرخىل ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزلىرى يېتىشەلمىگەن ياكى ئۆزلىرى قول تىقىپ ئىشلەش سالاھىيىتىگە ماس كەلمىگەن شارائىتتا باشقىلارنى ھەق بېرىش بەدىلىگە ئۈزۈم سىقىشقا ياللىغان ياكى ياردەملەشتۈرگەن. «sïqturdï. سىقتۇردى. ئول ئۈزۈم سىقتۇردى»[27] دېگەن باياندا باشقىلارنى ئىشلىتىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بىر كىشىنىڭ ئىمتىيازىدىن خەۋەر بېرىپ كەلگەن. بەزى چاغلاردا كىچىكرەك باغ ئىگىلىرىمۇ ئۆزلىرى ئۈزۈمنى سىقىشقان. مۇشۇنداق كىشىلەر بىلەن باشقىلارغا ياللىنىپ ئۈزۈم سىقىشقان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات تىلغا ئېلىنىدۇ. «sïqdï . سىقتى. ئول ئۈزۈم سىقتى» [28] ئۈزۈم ئىگىسىنىڭ ئۈزۈم سىقتۇرغانلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ياردەملىشىپ ئۈزۈم سىقىشقانلىقى ھەققىدە «sïqïxdï . سىقىشتى. ئول ماڭا ئۈزۈم سىقىشتى، ئۇ ماڭا ئۈزۈم سىقىشىپ بەردى» [29] دېگەندەك بايانلارنى بايقايمىز.

## 3. ياللاش ـ ياللىنىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەق ئاتالغۇلىرى

ھۈنەر قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ ھۈنىرى ئارقىلىق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش بولغاچ تەبىئىيلا ئىش قىلدۇرغۇچى، مەلۇم بۇيۇمنى ياساتقۇچىدىن بەلگىلىك ئىش ھەققى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە چوقۇم ئالدىن بېكىتىلگەن ياكى كېلىشىم ئارقىلىق پۈتۈشكەن باھا ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىككە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. شۇ دەۋرلەردە قىلىنغان ھۈنەرلەرگە كېتىدىغان ۋاقىت، ئىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى قاتارلىق ئامىللار مەلۇم ئىشتىكى بېرىلىدىغان ھەقنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بەزى ئىشلار ئۈزۈن مەزگىلدە پۈتكەن، بەزى ئىشلار بىر ياكى بىر قانچە كۈندە بىر تەرەپ قىلىنغان. قىلىنىدىغان ئىشنىڭ مىقدارى، سىجىللىقى ئىش قىلدۇرغۇچىلاردا ئادەم ياللاش، ھۈنەر قىلدۇرۇش جەھەتتە ئەھۋالغا قارىتا ئىش كۆرۈشكە تۈرتكە بولغان. ئۈزئەر (ھۈنەرۋەن). ئىشچى، (مەلىكىلىك ئىشچى)، تەرچى (ئىشلەمچى) لەرنىڭ قىلغان ئىشىغا بېرىلىدىغان ھەقمۇ ئۇلار ياراتقان قىممەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بېرىلىدىغان ھەقلەرمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بەزىدە پۇل، بەزىدە مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بۇيۇملار ئىش ھەققىگە سۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەن.

شۇ دەۋرلەردە بېرىلىدىغان ھەقلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان. جىسمانىي ئەمگەك ـ قارا ئىش قىلىدىغانلارغا بېرىلىدىغان ھەقلەر ئاساسەن پۇل ئارقىلىق تۆلەنگەن. جىسمانىي ئەمگەكلەر يەنە كۈندىلىك ۋە ئۇزۇن مۆھلەتلىك ئىشقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بەزى جىسمانىي ئەمگەكلەرگە كۈندىلىك ئىشنىڭ ئۈنۈمى بويىچە ھەق بېرىلىپ، ھېساب كۈن بويىچە ئۈزۈلگەن. كۈندىلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلار «maraz. مەدىكار، كۈنلۈكچى (بۇ سۆز ئارغۇ ۋە ياغما تىللىرىدا ‹خىيار ماراز› دېيىلىدۇ»، 16 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) دەپ ئاتالغان. بۇلارغا بېرىلىدىغان ھەق توغرىسىدا «künlük. كۈنلۈك. كۈن ھېسابى بىلەن قىلىنىدىغان ئىش» (14 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) دېيىلگىنى دەل ئىشلىگەن ئىشىغا قارىتا كۈندە بېرىلىدىغان ھەق ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇزۇن مۆھلەت ئىشلەنگەن ئىشلارغا بېرىلىدىغان ھەق

«تەر» دەپ ئاتالغان. «tər» . تەر، ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل. ئىشلەمچىنى ‹تەرچى› دېيىشمۇ شۇنىڭدىن ئېلىنغان»[30]. بۇ خىل ھەق ئاتالغۇسى ئۆز نۆۋىتىدە كۈندىلىك ئىشلەمچىلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ.

ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ھەق ئاتالغۇسى بىر - بىرىدىن پەرقلەنگەن. «manqu. مانجۇ، مانچا، كاسىپلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى. باشقا ئىش ھەقلىرىگە مۇنداق دېيىلمەيدۇ»[31] دېيىلگەن بايان يەنە ھەرقايسى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قىلغان ئىشىغا بېرىلىدىغان ھەققىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۈچۈر بېرىدۇ. «دىۋان»دىكى يەنە بىر قىسىم بايانلارغا قارىغاندا «مانجۇ»دېگەن ئىش ھەققى كۆپ ھاللاردا پۇل بىلەن تۆلەنگەن. «دىۋان»دا بۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر قوشاق مىسال قىلىنغان:

قاردۇنى يىنچۇ ساقىنماڭ،
تۇزغۇنى مانچۇ سەزىنمەڭ،
بۇلمادۇق نەڭگە سەۋىنمەڭ،
بىلگەلەر ئانى يەرەر.

يەنى - سۇ يۇزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان ئۇششاق مۇز دانىچىلىرىنى ئۈنچە - مەرۋايىت دەپ يۈرمە، سوۋغات قىلىنغان يېمەكنى ئىش ھەققى دەپ سانىما؛ تاپالمىغان نەرسىگە سۆيۈنۈپ يۈرمە. بۇنداق قىلىشنى دانىشمەنلەر ياقتۇرمايدۇ»[32] .

يۇقىرىقى بايان يەنە ۋاستىلىك ھالدا باشقا بىر قىسىم ئىش ھەققىلىرىنىڭ نەرسىلەر بىلەنمۇ تۆلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەتمەكچى، ئەتچى قاتارلىق ھۈنەر ۋە كەسپلەردە ھەق سودا شەكلى بويىچە نەق پۇل تۆلەشنى ئاساس قىلغان. «تەمۈرچى»، «يىغاچچى» قاتارلىقلاردا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ قانداق نامى بارلىقى ئايان ئەمەس، ئەمما بېرىلىدىغان ھەق، پۇلدىن باشقا يەنە ھۈنەرگە مال ئالماشتۇرۇش شەكلى بويىچە ھەق تۆلەش تۈرلىرىمۇ بولغان. ھۈنەر ياكى ئىشقا پۇل ئارقىلىق ھەق بېرىش ياكى مەلۇم بۇيۇمنى ھەق ئورنىدا بېرىش ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنگەن. بۇ خىل ھەقلەر «yanut. بەدەل. بىر نەرسىنىڭ باراۋىرىگە بېرىلگەن ھەق»[33] دەپ ئاتالغان.

بىر قىسىم مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ياللىنىشلاردا ھەق نەق پۇل ئارقىلىق ئەمەس بەلكى مەلۇم مال، بۇيۇم ئارقىلىق ھەل قىلىنغان. «بىستە. ئۆيگە چۈشكەن سودىگەرلەرنى قوندۇرىدىغان سارايۋەن. ئۇ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى سېتىشىپ بېرىدۇ، قويلىرىنى يىغىشىپ بېرىدۇ ۋە سودىگەرنى كۈتىدۇ. سودىگەر كېتەر ۋاقىتتا خىزمەت ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە قوي ھېسابىغا بىر قوي ئالىدۇ. توخسي، ياغما، چىگىل قەبىلىلىرىدە مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم »[34]. بۇ باياندىكى مۇھىم مەسىلە ئۆزگىچە ھەق مەسىلىسىدىن تاشقىرى بەلكى مۇنداق ھەق تۆلەش شەكلىنىڭ نۇرغۇن قوۋملەردە ئومۇملاشقىنىدۇر.

دېمەك، «دىۋان»دىكى شۇ دەۋرلەردىكى ھۈنەر كەسپلەر، ھۈنەر كەسپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر، ھۈنەر ۋە ئىش قىلغۇچى بىلەن ئىش قىلدۇرغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھۈنەر - كەسپ قىلغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى، ھۈنەردە شاگىرت تەربىيەلەش، ھۈنەر ۋە ئىش جەريانىدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە چېتىلىدىغان بايانلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ ماقالا ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرگە كېلەلمەيمىز.

## ئىزاھلار


[3][2][1] قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى: «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار. ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»[M]، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 312 - ، 313 - ، 259 - ، 260 - 261 - بەتلەر.

[4] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(1 - توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى، 359 - بەت.

[6][5] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(2 - توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 500 - ، 451 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەتلەر.
[7] د. تىخونوۋ (روسيە): «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار. ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى12 ـ ئاي نەشرى، 103 ـ بەت. ( مەزكۇر بايان يۇقىرىقى ئەسەرگە رادلوفنىڭ «ھۆججەتلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن 50 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتىن نەقىل قىلىپ ئېلىنغان. )
[8] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(2 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 521 ـبەت.
[11][10][9] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(1 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 676 ـ، 393 ـ ، 351 ـ بەتلەر.
[13][12] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(2 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 450 ـ ، 509ـ بەتلەر.
[17][16][15][14] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(1 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 627ـ ، 544 ـ ، 536 ـ ، 350 ـ بەتلەر.
[18] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(2 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 274 ـ بەت.
[19] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(3 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 320 ـ بەت.
[21][20] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (2 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 177 ـ ، 353 ـ بەتلەر.
[22] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك»(1 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 351 ـ بەت.
[24][23] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (2 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 272 ـ ، 520ـ بەتلەر.
[25] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (1 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 579 ـ بەت.
[29][28][27][26] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (2 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 175 ـ 265 ـ 23 ـ 142 ـ بەتلەر.
[30] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (3 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 203 ـ بەت.
[31] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (1 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 545 ـ بەت.
[32] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (1 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 546 ـ 547 ـ بەتلەر.
[34][33] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (3 ـ توم)[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ ، 96 ـ بەتلەر.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئادىل ئايۇپ**

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 131 ـ 02(2016) 5878 ـ 1005

# مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى يولغا قويۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا*

مۇھەممەت ھاجى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش سەۋىيەسى ئۆسۈپ، بۇرۇنقىدەك مۇھىت ئاسراشتا تايىنىدىغان قانۇن بولماسلىقتەك ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرتىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى»نىڭ مۇھىت ئاسراشتىكى رولى بارغانسېرى جارى قىلدۇرۇلماقتا. ئەمما نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىت ئاسراشنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈنۈمى يېتەرلىك بولماسلىقتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇھىت ئاسراش قانۇن چىقىرىشدا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىت ئاسراشتىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ماقالىدا مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** مۇھىت ئاسراش؛ مۇھىت ئاسراشنى كۈچەيتىش؛ مۇھىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى؛ مۇھىت مەسئۇلىيىتى

**摘要**：我国的环境法制建设不断加强，环境行政执法水平有了较大的提高，在很大程度上改变了过去那种环境保护无法可依的局面，环境行政执法在环境保护中发挥着重大的作用。但当前在各级政府的环境管理过程中，现行环境法存在有效性不足现象。其中环境立法存在的根本问题是政府环境责任不完善。本文主要从我国环境行政执法中存在的问题以及相应的解决方法加以论述。

**关键词**：环境保护；加强环境保护；环境法制；环境责任

**Abstract:** The implementing of environment protection law has been improved since the law has been completed and law enforcement has been upgraded. However, there are still several problems remain in the management process and the effectiveness of the law itself. The root of the problem is hidden under the faultiness of responsibilities of the government. This paper mainly discusses those problems and provides solutions.

**Keywords:** environment protection; enhance; protecting by law; responsibility

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D922　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» دېيىلىدۇ) 1979 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ سانلىق يىغىنىدا پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىنىپ (سىناق تەرىقىسىدە) يولغا قويۇلغان بولۇپ، جەمئىي يەتتە بابتىن تەركىب تاپقان؛ مەزكۇر قانۇن ئون يىل سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلغان بولۇپ جەمئىي 6 باب 47 ماددىدىن

---

*بۇ ماقالە 2015ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مۇھەممەت ھاجى ( 1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ، دوتسېنت، ئەمگەك قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇن ۋە مۇھىت قانۇنى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەركىب تاپقان. 2014 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنى 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، 2015 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغان بولۇپ، جەمئىي 7 باب 70 ماددىدىن تەركىب تاپقان. دېمەك، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشىپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە كۈنسېرى مۇكەممەللىشىش دەۋرىگە قەدەم قويدى، مۇھىت ئاسراش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيدى ۋە مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستى. بۇرۇنقىدەك مۇھىت ئاسراشتا تايىنىدىغان قانۇن بولماسلىقتەك ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. لېكىن ئېلىمىزدە سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇھىت مەسىلىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلىشىشى، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قارىتا بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئاشكارىلىدى، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردا مۇھىتنى ئاسراشتا قانۇنغا تايانماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتە قىلغاندا مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ كەسكىنلىكىگە، مۇھىت ئاسراش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئوبرازىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، مۇھىت ئاسراش قانۇنىغا خىلاپ بەزى قىلمىشلارغا كەڭچىلىك قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراتتى.

## 1. مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئېلىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، بەزى مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدىغان كارخانىلار مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ چەكلىشى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ، مۇھىتقا بولغان بۇلغاش ۋە بۇزغۇنچىلىقنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، قانۇنغا تايىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دۆلەت مۇھىت ئاسراش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، سىجىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشنى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنى شۇ ئارقىلىق مۇھىت تېپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەكىتلىدى. مۇھىت ئاسراش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قەدەممۇقەدەم قانۇن چىقىرىشنى ئاساس قىلىشتىن قانۇن چىقىرىش بىلەن ئىجرا قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتىلدى. گوۋۇيۈەن ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇھىت بايلىقنى باشقۇرغۇچى مەمۇرىي تارماقلىرى مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كۆپلەپ ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە كۆپلىگەن قانۇن ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن، 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ، بارلىق يېڭىدىن قۇرۇلۇدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، چوقۇم دۆلەت ۋە يەرلىك بەلگىلىگەن بۇلغىغۇچى ماددىلارنى قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىش؛ مۇھىتقا بولغان تەسىرنى باھالاش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلماي، ئۆز ئالدىغا قۇرۇلۇش قىلغان ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن تۈرلەرگە، قانۇن بويىچە قۇرۇلۇش قىلىشنى توختىتىشى ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى توختىتىشقا بۇيرۇش؛ مۇھىت ئاسراش قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش جەھەتتە جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلار

بەلگىلەندى. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر مۇھىت ئاسراش قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە رايونلار مۇھىتىنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى، مۇھىت ئاسراش قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ كۈندىن - كۈنگە قېلىپلىشىۋاتقانلىقىنى، مەمۇرىيەتنى قانۇني يۈرگۈزۈشنىڭ سەۋىيەسى ۋە سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. دۆلىتىمىز سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، 2006 - يىلى ئېلان قىلىنغان «مۇھىت ئاسراشتىكى قانۇنغا ۋە ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»مۇھىت ئاسراش قانۇننى ئىجرا قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇھىت ئاسراشنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇشتىكى مۇھىم تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

## 2. مۇھىت ئاسراش قانۇننى يولغا قويۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

گەرچە دۆلىتىمىز خېلى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق مۇھىت ئاسراش قانۇننى يولغا قويۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر خېلىلا كۆپ، مەزكۇر قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك شەكلى يولغا قويۇلغان بولۇپ، بايلىق ئىسراپچىلىقى ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئىنتايىن ئېغىر، شۇڭا مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان مۇھىت ۋەقەلىرى داۋاملىق يۈز بەرمەكتە. كۆپلىگەن رايونلاردا مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك ئەھۋاللار سادىر بولماقتا، مەسىلەن، بۇلغىغۇچى ماددىلارنى قويۇپ بېرىش مىقدارى مۇھىتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىش، مۇھىت ئاسراش قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ نورمال يۈرگۈزۈلۈشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. بەزى مۇھىت ئاسراش قانۇننى ئىجرا قىلىشقا زورلۇق بىلەن قارشى تۇرۇش قىلمىشلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ناچار بولۇشى، قانۇننىڭ ئۆزىدىكى يوچۇق ۋە قانۇننىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى قاتارلىق ئامىللار مۇھىت ئاسراش قانۇننىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ساقلانغان كونكرېت مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

**1) قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر**

(1) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا بولغان جازا مۇۋاپىق ئەمەس. كارخانىلارنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنغا خىلاپلىق قىلغاندىكى تەننەرخى تۆۋەن، قانۇنغا بويسۇنغاندىكى تەننەرخى يۇقىرى بولۇش مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەب. كۆپلىگەن كارخانىلارنىڭ مۇھىتقا ئوغرىلىقچە بۇلغىغۇچى ماددىلارنى قويۇپ بېرىش قىلمىشلىرىغا قارىتا مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى پەقەت جەرىمانە قويۇش ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلغانلىقتىن، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئىشلىرىغا ئانچە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كارخانىلارنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى ۋە ئۇنىڭ نوپۇزىغا ئەھمىيەت بەرمەي، داۋاملىق قانۇنغا خىلاپ ھالدا مۇھىتقا بۇلغىغۇچى ماددىلارنى قويۇپ بېرىش ئارقىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈم يارىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(2) مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت ئۈنۈملۈك مېخانىزمغا قاتنىشىش پۇرسىتى كەمچىل. دۆلىتىمىزنىڭ «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»دا: «ھەممە ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ مۇھىتنى ئاسراش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ھەمدە مۇھىتنى بۇلغىغان ۋە مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. نۆۋەتتە كۆپلىگەن ئاممىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇننى ئىجرا قىلىشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقى بولسىمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزدە ئاممىنىڭ مۇھىت ئاسراشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمغا قاتنىشىش پۇرسىتى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىشقا قاتنىشالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا، بۇ ئۆز

www.uyghurkitap.com

نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ سۈپىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

(3) قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ئاز، خىزمەت ۋەزىپىسى ئېغىر. تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇھىت ئاسراش تاماقلىرى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى نىسبەتەن ئاجىز بولۇپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ئارىسىدا بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولۇپ، قانۇننى نورمال ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە.

(4) خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىقتىدارى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيەسى تۆۋەن. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملارنى مۇۋاپىق قوللانمىغانلىقتىن، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا بېرىلگەن جازا بىلەن قانۇن ماددىلىرى ماسلاشمايدىغان، بىرتەرەپ قىلىش تەرتىپلىرى قېلىپلاشمايدىغان، دەلىل - ئىسپات توپلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، توپلىغان دەلىل - ئىسپاتلار قانۇن - نىزاملارغا ئۇيغۇن بولغايدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشىنى ئىگىلەش تولۇق بولمايدىغان، كېسىم قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى توغرا بولمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مۇھىت ئاسراش ئورگانلىرىدا يۇقىرى ساپالىق خادىملار يەنى قانۇن - نىزاملارنى پىششىق بىلىدىغان ھەم تېخنىكىغا پىششىق خادىملار كەمچىل بولغانلىقتىن، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

(5) ئۈسكۈنىلەر ناچار، پائالىيەت خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش قىيىن. بەزى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيەسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىغا كېتىدىغان مەبلەغقە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ ھەم مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. نەتىجىدە كۆپلىگەن ئاساسىي قاتلام مۇھىت ئاسراش ئورگانلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكتىن، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە.

**2) مۇھىت ئاسراش قانۇن سىستېمىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

(1) قانۇن - تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلەر مۇكەممەل ئەمەس. نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى» ئومۇمىي پىرىنسىپ، مۇھىتنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش، مۇھىتنى ئاسراش ۋە ياخشىلاش، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، مۇھىت ئۇچۇرىنى ئاشكارىلاش ۋە مۇھىت ئاسراشقا ئاممىنى قاتناشتۇرۇش، قانۇنىي جاۋابكارلىق، قوشۇمچە پىرىنسىپ قاتارلىق يەتتە بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «چوڭ مۇھىت قانۇن ئۇقۇمى»غا ئىگە بولسىمۇ، مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى باشقا تارماق ئورگانلار ئۆزئارا ماسلاشماسلىق ھادىسىلىرى ساقلانماقتا. مۇھىتقا بۇلغىغۇچى ماددىلارنى قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامىسى، مۇھىتنى كۆزىتىش، ئىچىملىك سۇ مەنبەلىرىنى قوغداش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك يۈرۈشلەشكەن قانۇنلار ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى. بۇ ھال بەزى ساھەلەردە تايىنىدىغان قانۇننىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

(2) قانۇننى ئىجرا قىلىش تەرتىپى مۇكەممەل ئەمەس. مۇھىت قانۇنىنى ئىجرا قىلىش تەرتىپىنىڭ ساغلام بولماسلىقى سەۋەبلىك، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا خالىغانچە ئىش قىلىش ۋە قارىغۇلارچە ئىش قىلىش ئەھۋاللىرى بىرقەدەر ئېغىر بولماقتا.

(3) مۇھىت ئۆلچىمى[1] مۇكەممەل ئەمەس. گەرچە دۆلىتىمىزدە نۆۋەتتە ئېلان قىلىنغان مۇھىت ئۆلچەملىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، بەزى مۇھىت ئۆلچەملىرى تېخىچە تۈزۈلمىدى، بەزىلىرىدە مۇھىتقا بۇلغىغۇچى ماددىلارنى قويۇپ بېرىش ئۆلچىمى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ھەق ئېلىش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان.

**3) مۇھىت ئاسراشقا بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس**

(1) ئاممىنىڭ تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس.

«مۇھىت ئاسراش قانۇنى»دا: «مۇھىت ئاسراشتا، ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار»، دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن پۇقرالار ئارىسىدا بۇ خىل ئۇقۇمغا بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش ۋە مۇھىتنى ئاسراش مۇھىت ئورگانلىرىنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى يولغا قويۇشتا ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تايانغاندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

(2) يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. قىسمەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇن ئېڭى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار دىققەتنى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قاراتقانلىقتىن، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى شارائىت بىلەن تەمىنلەشكە سەل قاراش ھادىسىلىرى ساقلانماقتا.

## 3. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ قىيىن بولۇشى، دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپلا قالماستىن بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ماسلاشقان ھالدا سىجىل تەرەققىي[2] قىلىشىغا نىسبەتەن زور ئەكس تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا، بۇ خىل ئەھۋاللارنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر قانۇن چىقىرىشنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

(2) مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

پەقەت مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ساغلاملاشتۇرغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا، ئاندىن مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا خالىغانچە ئىش قىلىشنى تۈگۈتۈپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىش، مەدەنىي ئىجرا قىلىش، ئىجرا قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

(3) مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ۋە ساپالىق خادىملارنى تەربىيەلەش ئارقىلىق، ساپالىق، كەسپكە پىشقان، باشقۇرۇشقا ماھىر، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك، جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

(4) مۇھىت ھوقۇقىنى[3] ئاساس قىلغان مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. مۇھىت ئاسراش قانۇنىدا پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلات قاتارلىق سۇبيېكتلارنىڭ مۇھىت ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەلگىلەپ چىقىش كېرەك.

(5) پۇقرالارنىڭ مۇھىت قانۇنى ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇنغا ئاڭلىق تۈردە ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۇھىتنى ئاسراش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىشى. ئەمما مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ قىيىن بولۇشىدىكى سەۋەب، پۇقرالارنىڭ مۇھىت ئاسراشقا قاتنىشىشىنىڭ تولۇق بولماسلىقىدۇر. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراشقا دائىر قانۇنلىرى ۋە فاڭجېن - سىياسەتلەرنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، مۇھىت ئاسراشقا دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك.

ئومۇمەن، مۇھىتنى ئاسراش ئۇزاق مۇددەتلىك،

www.uyghurkitap.com



دۆلەت چېگراسى بولمايدىغان خىزمەت بولۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، بۇنىڭدا دۆلەتنىڭ يېتەكلىشى، پۈتكۈل خەلقنىڭ قاتنىشىشى ئارقىلىقلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلالايدۇ. بىز چوقۇم دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا مۇھىت ئاسراشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈلمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىپ، فۇنكسىيەنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى قانۇنىي ئىدارە قىلىشنىڭ تەلىپىگە ھەقىقىي تۈردە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسى، ھوقۇق يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ئىدىيەنى ئازاد قىلىشقا، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق قىلىشىمىز كېرەك، بۇ دەۋرنىڭ بىزگە يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىسى.

## ئىزاھلار

[1] مۇھىت ئۆلچىمى: مۇھىت ئۆلچىمى دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشىدىكى تېخنىكا ئاساسىي ۋە مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

[2] سىجىل تەرەققىيات: سىجىل تەرەققىيات ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قاندۇرۇپ قالماستىن، ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

[3] مۇھىت ھوقۇقى: مۇھىت ھوقۇقى ئىنسانلار بۇلغانمىغان ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان مۇھىتتىن بەھرىمەن بولۇش ھەم تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. 蔡守秋. 环境资源法教程[M]. 武汉:武汉大学出版社,2000年出版.
2. 蔡守秋. 论当代中国环境法的发展特点和趋势[J]. 武汉大学学报. 1999(1).
3. 柳长君. 我国环境行政执法存在的问题与对策研究[J]. 环境保护. 2007(5).
4. 曲格平. 环境与资源法律读本[M]. 解放军出版社,2002年出版.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئادىل ئايۇپ

37 ـ يىللىق 2 ـ سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 37 卷第 2 期
2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2016 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2016)02 ـ 137 ـ 04

# ئىلمىي ئەسەر تەھرىرلىكىدە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار*

ئەركىن ئەمەت

(قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر. 844000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىلمىي ئەسەر مۇھەررىرلىرى ئەسەر تەھرىرلىگەندە، ئاپتور بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئەسەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكى لازىم. كەسپىي جەھەتتە بىلمەيدىغان، سىياسەت جەھەتتە ئۆزىگە ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆرۈپ دەلىللەشتىن باشقا، مۇتەخەسسىلەر، كەسىپ ئەھلىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش، ئۇلار تەمىنلىگەن كەسپىي بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنى تۈزىتىش توغرىلىق ئاپتورغا تەكلىپ بېرىش لازىم. بۇ ماقالىدە تەھرىرلىكتىكى تەجرىبىلەر ئاساسىدا، ئىلمىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىلمىي ئەسەر؛ تەھرىرلىك؛ مۇھىم نۇقتا

**摘要**：学术著作的编辑在编辑加工时，注重于作者沟通互动，编辑改动前也要征求作者意见， 不能任意修改。对专业上不懂、政策上把握不准的问题，除了查阅相关资料求证，还尽力想专家、学者请教，借助他们提供的专业知识，给作者提供修改建议。本文以编辑工作经验基础上提出了学术著作编辑几个的要点。

**关键词**：学术著作； 编辑；要点

**Abstract:** A composition editing process should be focused on communicating with writer and asking their opinion instead of arbitrarily modification. When the composition is beyond his knowledge, an editor should seek confirmation from related material, or asking for help from experts on that field. This paper gives suggestions on key points of composition editing, based on authors own working experiences.

**Keywords:** composition; editing; key points.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G232    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى دەڭسەش ۋە ھۆكۈم قىلىش

بۇ ئىلمىي ئەسەر تەھرىرلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. مۇھەررىر بىرەر ئىلمىي ئەسەرنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇنى بىر ياكى بىر نەچچە رەت كۆرۈپ چىقىپ، ئاپتورنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان كۆز قارىشىنى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى، پىكىر يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، بۇ ئەسەرنىڭ شۇ ساھەدە قانچىلىك ئىلمىي قىممىتى بارلىقىنى بېكىتىشى كېرەك. ئەسەرگە يۈزەكى كۆز يۈگۈرتۈپلا بېكىتىشكە ياكى قالدۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بېكىتىشكە قۇدرىتى يەتمىسە، پىكىر تەييارلاپ، باش مۇھەررىر ياكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەرنىڭ بېكىتىشىگە سۇنسا بولىدۇ.

## 2. باش تېمىنى يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش

ئاپتورلارنىڭ سەۋىيەسى، مەسىلىلەرنى تونۇشى، كۆزىتىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئەسەردە چۇۋالچاقلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. بەزى ئەسەرلەر ئەمەلىيەتتە قوراشتۇرۇلما ئەسەر بولۇپ، ھەجمى كۆپ بولسىمۇ مەقسەت ـ مۇددىئا مۇجمەل بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئەگەر مۇئەييەن قىممىتى بولمىسا،

---

*بۇ ماقالە 2015ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 28ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئەركىن ئەمەت (1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، نەشرىياتچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئاپتورنىڭ قايتا پىششىقلىشىغا قايتۇرۇپ، پىكرىنى مۇئەييەن بىر نۇقتىنى يورۇتۇشقا مەركەزلەشتۈرگەندە، ئاندىن ئەسەرنى ھەرھالدا سۈپەتلىك ئەسەرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## 3. ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى، خاھىشىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك

ھەرقانداق ئاپتورنىڭ ئەسىرىدە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولىدۇ، ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر ئۆز خاھىشىنى سىڭدۈرگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەردىكى مەسىلىنى كۆزىتىش نۇقتىسى، تەتقىق قىلىش يولى ئوخشاش بولمىغاچقا، مۇھەررىر ئەسەرگە ئۆزىنىڭ خاھىشىنى زورلاپ تاڭسا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئەسەرنى تەھرىرلەش داۋامىدا ئاپتورنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆزى «يېتەرسىز» دەپ ھېس قىلغان تەرەپلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، چىقىرىپ تاشلاشقا ياكى ئۆز ئالدىغا تولۇقلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. گۇمانىي نۇقتىلار بولسا، ئاپتورنىڭ توغرىلىشىغا، تولۇقلىشىغا تاپشۇرۇش ياكى ئاپتور بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۈزىتىش كېرەك.

## 4. ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇلارنى قوللىنىش

ئىلمىي ئەسەرلەردە ئىسىم - ئاتالغۇلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئىسىم -ئاتالغۇلارنى چوقۇم بىرلىككە كەلگەن شەكلى بويىچە ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇلار ئۆز نۆۋىتىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشى ھەم بىرلىككە كېلىپ بېكىتىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئىشەنچلىك ھەم نوپۇزلۇق بولىدۇ، ئەگەر ئىلمىي ئەسەرلەردە مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇلار قوللىنىلمىسا، ئۇنداقتا شۇ ئاتالغۇ كۆرسىتىۋاتقان ئوبيېكتقا بولغان تونۇش مۇجمەللىشىپ، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە چوقۇم ھەربىر ئاتالغۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇ بولۇشىغا، ئاتالغۇنىڭ يەنە باشتىن - ئاخىر بىرخىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 5. نەقىل - ئىزاھلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى دەلىللەش

ئىلمىي ئەسەرلەر نەقىل - ئىزاھاتسىز بولمايدۇ، كۆزقاراشنى دەلىللەش، ئىسپاتلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن باشقا ئەسەرلەردىن نەقىل ئېلىنىدۇ ياكى مۇھىم نۇقتا، كۆز قاراشلارغا ئىزاھ بېرىلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىلمىي ئەسەرلەردىكى پاكىت، يەكۈن، خۇلاسىلەر ئىشەنچلىك نەقىللەرنى مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈش بىلەن روياپقا چىقىدۇ، ئەگەردە ئىشەنچلىك نەقىللەر كەلتۈرۈلمىسە، ئۇنداقتا ئەسەرنىڭ ئىلمىي قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولۇپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى، كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىشەنچلىك بولۇشى ناتايىن. چۈنكى بەزى ئاپتورلار نەقىللەرنى ئەسلىي مەنبەدىن بىۋاسىتە ئالسىمۇ، بەزى ئاپتورلار تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئەسلىي مەنبەدىن ئەمەس، بەلكى باشقا كىتابلاردىن ۋاسىتىلىك ئالىدۇ. بۇنداق بولغاندا نەقىل قىلىنغان شۇ مەزمۇن تەكرار ئىشلىتىلىش جەريانىدا ئۆزگىرىش ياساپ ئىشەنچسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىگە زور تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا نەقىللەرنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئامال بار نەقىلنىڭ ئەينى مەنبەدىن ئېلىنغان ياكى باشقا كىتابلاردىن ئېلىنغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش، ئاندىن نەقىلنى چوقۇم ئەينى مەنبەدىكى نەقىل قىلىنغان مەزمۇنغا سېلىشتۇرۇش، ئاندىن كېيىن نەقىل ئېلىنغان ئەينى مەنبە — ئەسەرنىڭ ئىسمى، ئاپتورى، نەشرىياتى، نەشر قىلىنغان ۋاقتىنىڭ توغرا ئېلىنغان - ئېلىنمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش، ئەگەردە خاتا كەتكەن، چۈشۈپ قالغان بولسا توغرىلاپ قويۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا نەقىللەرنىڭ

ئىشەنچىلىكلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 6. نائېنىق مەسىلىلەردە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەسلىك

بۇ ئىلمىي ئەسەرلەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى، جۈملىدىن ھازىرچە ئېنىقلانمىغان، تېخى ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان، ماتېرىيال ئاساسى تولۇق بولمىغان ياكى جەمئىيەت دەماللىققا قوبۇل قىلالمايدىغان نائېنىق مەسىلىلەردە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بەزى ئاپتورلار مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىلگىرىكى بىر نەچچە خىل قاراش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ يېڭى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە يەكۈن چىقىرىۋېتىدۇ ياكى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ناۋادا مۇھەررىر مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇقسا، بۇنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەي، ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرسا بولىدۇ.

## 7. قۇرۇلما ـ ئابزاسلارنى تەڭشەش

ھەرقانداق ئىلمىي ئەسەردە يۇرۇتۇلماقچى بولغان تېما ئاپتورنىڭ ئۆزۈن مەزگىللىك ئىزدىنىشى، مەسىلىنى ھەر تەرەپتىن كۆزىتىشى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن ئاپتورلارنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بەزى ئاپتورلار دېمەكچى بولغان مەسىلىنى سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، مەزمۇننى شاخلىتىپ پىكرىنى يىغالماي قالىدۇ. نەتىجىدە ئەسەر تېمىدىن چەتنىگەن، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ماتېرىيال دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇھەررىر ئەسەرنى ئاپتورغا تۈزىتىشكە قايتۇرۇشى ياكى ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ تۇرۇپ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى مەسىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار، ئاپتورنىڭ قارىشى دېگەندەك تەرتىپلەر بويىچە تەڭشەپ، ئابزاس ـ بۆلەكلەرگە، ئۇششاق ماۋزۇلارغا ئايرىپ، باش تېمىنى يورۇتقان ئاساستا ئەسەرنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىشلەپ چىقىشى كېرەك.

ئىلمىي ئەسەرلەردە مەلۇم ئىلمىي نۇقتىئىينەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئارتۇقچە سۆز ـ جۈملىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، سۆز ـ جۈملىلەرنى راۋان، چۈشىنىشلىك قىلىش تولىمۇ مۇھىم. ئامال بار مۇرەككەپ، ئېغىر جۈملىلەرنى ئىشلەتمىگەن ياخشى. دەبدەبىلىك سۆزلەر، بولۇپمۇ زورۇقۇپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا خەلق ئاسان چۈشىنەلەيدىغان تەڭداش سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە، مۇرەككەپ جۈملىلەرنى پارچىلاپ، ئاددىي، ئىخچام قىلغاندا، ئىزدەنگۈچىلەر زېھنىنى جۈملىنى تەھلىل قىلىشقا سەرپ قىلماي، مەزمۇنغا قارىتالايدۇ ھەم ئاسان ھەزىم قىلالايدۇ.

## 8. سۈرەت، خەرىتە، جەدۋەللەرنى قىستۇرۇش

ئىلمىي ئەسەرلەردە بەزىدە يېزىق، جەدۋەل، سۈرەت، خەرىتە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىشقا ئېرىشەلمىگەن، ئىمكان بار سۈرەت، خەرىتىلەرنى قىستۇرۇش، بەزى سانلىق مەلۇماتلارنى جەدۋەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. بەزى مۇھىم سۈرەتلەر، خەرىتىلەر ئىزدەنگۈچىلەرنى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ ئارتۇق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلھامىنى قوزغايدۇ. ناۋادا مۇھەررىر ئەسەرگە سۈرەت، خەرىتە قىستۇرۇش كېرەكلىكىنى بايقىسا، ئاپتورغا بۇنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ تەييارلاتقۇزۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئەسەرنىڭ دىلچانلىقى، قىممىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئىزدەنگۈچىلەردە ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ.

## 9. ئەگىشمە ماتېرىياللار، كىشى ئىسىملىرى، يەر ناملىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئېنىقلاش

ئەگەشمە ماتېرىياللار ئەسەر مەزمۇنىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئەمما ئىشلەتسە تەكرارلىق كۆرۈلگەندەك

www.uyghurkitap.com



تۈيغۇ پەيدا قىلىدىغان ماتېرىيالنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ماتېرىيالنى ئايرىم ماۋزۇ قىلغاندىن كۆرە، چوڭ تېما ئاستىغا قوشۇمچە شەكىلدە يانداشتۇرغاندا، ئەسەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىلمىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەردە ئاسان خاتالىق كۆرۈلىدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى كىشى ئىسىملىرى بىلەن يەر - جاي نامىلىرىدۇر. بۇ ئاساسلىقى ئاپتور ياكى تەرجىماننىڭ بىلىش دائىرىسى، ماتېرىيال ئاساسىغا باغلىق بولسىمۇ، بەزىدە ئاپتورنىڭ ئىنچىكە ئىزدىنىشىكە، ماتېرىيال ئاختۇرۇپ توغرىلاشقا ئېرىنىپ، مۇھەررىرلەرگە ئىتتىرىپ قويۇشتەك مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىنمۇ بولىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر بۇنداق نۇقتىلارغا سەزگۈر بولۇشى، تاۋۇش جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى قىسمەن پەرقلىنىدىغان كىشى ئىسىملىرى، يەر نامىلىرىنىڭ توغرا ئېلىنىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

## 10. ئاپتورنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئەسەرنى ئاپتورنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا قايتۇرۇش

ئاپتورلار يېتەكلەشكە، رىغبەتلەندۈرۈشكە مۇھتاج. ئاپتورلار ئارىسىدا مۇشۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىمۇ، ھەۋەسكارلارمۇ بولىدۇ. بەزىلەر ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇ ساھە بىلەن شۇغۇللىنىپ مەلۇم تەجرىبە توپلىغان بولسىمۇ، بىلىدىغانلىرىنى مەتبۇئاتقا يارىغىدەك ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. مۇھەررىر ئىپادىلەش كۈچى ئاجىز، مەزمۇنى چۇۋالچاق ئەسەرلەرگە دۇچ كەلگەندە يەنىلا ئۇنى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن قايتا - قايتا كۆرۈپ، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان مەركىزىي ئىدىيە ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن بولسا ياكى ئەسەر مەلۇم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولسا، ئەسەردىكى يىگىنچە، قىممىتى بار دەپ قارىغان نۇقتىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاپتورنى ماقالىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. تەھرىرلەش داۋامىدا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولغان، چىقىرىۋېتىلگەن جايلىرى كۆپرەك بولغان بولسا ياكى مۇھەررىر قىسمەن مەزمۇنلارنى ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقى ئارقىلىق تولۇقلىغان بولسا، ئەسەرنى تەھرىرلەپ بولغاندىن كېيىن ئاپتورغا قايتۇرۇپ، ئاپتورغا كۆرسىتىۋېتىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا پىكىردە يەنىمۇ ئورتاقلىشىپ ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ئەڭ مۇھىمى بەزى خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. مۇھەممەت شاۋۇدۇن: «تەھرىرلىك ئىلمى ۋە تەھرىرلىك سەنئىتى»[M]، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 - يىلى 3 - ئاي ئۇيغۇرچە، نەشرى
2. ئەخمەت مۆمىن تارىمى: «تارىخ ـ مەدەنىيەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكى توغرىسىدا»[J]، ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2008 - يىللىق 3 - سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

# Journal of Xinjiang University

## (Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.37, Iss.2 (Total:146) Jun 2016

**Contents**

A Study on Administrative Legislation of The Orkhun Khanate........................Arkin Tohti(1)

A Study on Gender Perspective of Literature Research........................Abdusalam Shukur(17)

On the Culture Cycle Theory and the Reasons of Existence of the Nickname Culture among Kumul Uyghurs........................Sawut Pawan(22)

A Discussion on Uyghur's Customary Law of Marriage........................Adil Ayup(28)

A Discussion on Harm of Religious Extremism for Youth and Prevention Measures........................Arken Ablimit, Kalbinur Khader,Akida Arkin (36)

A Research on Living Quality of Uyghur Married Childbearing Women in Rural Areas of Xinjiang........................Nuriyam Niyaz, Dilbar Reshit,Muhtar Hapiz(45)

A Discussion on the Role of Class Adviser in Promoting Employment Rate of Minority Ethnic College Students in Xinjiang........................Tohti Emet(52)

An Observation on Marital and Family Changes of Uyghur Women........................Aliynur Abdurahman(60)

A Discussion on Books and Library ........................Anwar Tashtumur(68)

A Discussion on Historical View of Abdushukur Muhammademen........................Habibulla Tursun, Ayimgul Khawul(81)

A Study on Sentence Structures and Connections of Modern Uyghur Complex Sentences........................Khayum Mijid(87)

A Discussion on the Application of Multi-Media Technology in Chinese Courses for Minority Ethnic Students........................Ferdos Batur,Nijat Sopi(94)

A Comparative Study of Lutpulla Mutallip and Ahmed Ziyayi........................ Abduwali Kerem(102)

A Point of View on the Notion of "Aksu" and "Erdewil"........................ Emir Khyas(109)

A Point of View on the Economic Hiring Relationship in Karakhanids........................Esrael Mutila(123)

A Discussion on Problems in Implementing Environment Protection Law and Solutions........................Muhammad Haji(131)

A Suggestion on Key Points of Composition Editing........................Arkin Emet(137)

www.uyghurkitap.com

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философии и общественной науки на уйгурском языке)

**№.2.2016г (Общий: № 146)**

**Содержание**

Об административном законодательстве уйгурской орды Орхон……………..Эркин Тохти

Об аспекте пола в исследовании литературы………………………….Абдусалам Щукур Нох

О теории культурного круга и причине существования у жителей Хами кличек....................
.....................................................................................................................Савут Паван

О законе традиции брака уйгуров……………………………………………..Адил Аюф

Вред, нанесенный крайней религиозной идеей на молодежь и меры его предосторожности
…………………………………………………………Эркин Аблимит, Кэлбинур Кадир

Исседование жизненного качества уйгурских сельских женщин детородного возраста……
............................................................................Нурият Нияз, Дилбэр Ришит, Мухтар Апиз

О роли классного руководителя вузов в содействии трудоустройству выпускников национальных меньшинств……………………………………………………..Тохти Эмэт

Об изменении положении в семейной жизни уйгурских женщин…..Алйнур Абдурахман

Об исследовании книг и книжной культуры………………………………Энвэр тащтомур

Взгляд об истории у Абдущукур Мэмэтимин………….Эбибулла Турсун, Айимгуль Кавул

Структурные типы и способы соединения сложноподчиненных предложений современного уйгурского языка…..............................…………………………………….Кэюм Мижит

О применении техники мультимедии в преподавании китайского языка студентам-нацменам в подготовительных курсах вузов.............................................Фирдавус Батур, Ниджат Супи

Сопоставление произведений писателей Лутпулла Мутэллип и Эхмэд Зияи…………………
…………………………………………………………………Абдувэли Керэм Голбойи

Не совпвдение по смыслу слов «эрдэвил» и «аксу»………………………………Имир Гияс

О наёмных в экономической жизни во время династии Карахан, написанных в некоторых исторических документах…………………………………………………Исраил Мутилла

Существующие проблемы в реализации закона об охране окружающей среды и меры их решения…………………………………………………………………………Мухаммэт Хажи

Некоторые важные моменты, на которые нужно обращать внимание во время редактирования научных произведений……………………………………………Эркин Эмэт

# پروفېسسور ھەسەن ماموت

# 艾山·马木提教授



پروفېسسور ھەسەن ماموت 1934 - يىلى 8 - ئايدا قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1940 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە شەھەر ئىچى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1948 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپتە ۋە يېڭى مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1950 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە قومۇل دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1954 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ مەكتەپتە ۋە كېيىنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تاكى 1984 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ يۆتكەلگەن، 1992 - يىلى فاكۇلتېت مۇدىرى بولغان. 1982 - يىلى دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانى، 1992 - يىلى پروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىنى ئالغان.

پروفېسسور ھەسەن ماموت يېرىم ئەسىرلىك مائارىپچىلىق ھاياتىدا، بىر تەرەپتىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي تەتقىقات، دەرسلىك تۈزۈش، ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر»نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، 1970 - يىللىرى ۋە 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا شۇ تۈردىكى ئالىي مەكتەپ چەت ئەل ئەدەبىياتى دەرسلىكى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا مۇھىم ھەسسە قوشقان. يەنە «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» (جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى، ئىككى كىتاب) قاتارلىق دەرسلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. پروفېسسور ئابلەت ئۆمەر قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» (ئىككى قىسىم، 1996 - يىلى) ناملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. بۇ كىتاب مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «سېرۋانتېس ۋە ئۇنىڭ ‹دونكىخوت› رومانى ھەققىدە»، «ھاملېت ۋە شېكسپىر»، «ئۇلۇغ يازغۇچى، ئۆچمەس ئوبراز»، «غېرىب - سەنەم ئوپېراسى ھەققىدە مۇلاھىزە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. 1970 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەشكىللىگەن «لۇشۈن ئەسەرلىرى» تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا ئىككى يىلغا يېقىن ئىشلەپ، لۇشۈننىڭ «ساختا ئەركىنلىكنامە» (فېليەتونلار توپلىمى)نى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، «لۇشۈن ھەققىدە ھېكايىلەر»، «ئەدەبىي ئوچېركلار توپلىمى»نى مۇستەقىل تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرلەر 1975 - ، 1976 - يىللىرى نەشر قىلىنغان. «مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى» (1994 - يىلى) نىڭ كوللېكتىپ تەرجىمىسىگە ۋە تەھرىرلىكىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ «گۈلىستان توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. پروفېسسور ھەسەن ماموت 1994 - ، 2002 - ، ۋە 2006 - يىللىرى ئۈچ قېتىم شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

پروفېسسور ھەسەن ماموت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.